# ھازىرقى زامان ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتى

## القومية العربية

الدكتور الإمام الشهيد عبدالله عزّام

(پەلەستىن)

دوكتور ئابدۇللاھ ئەززام

# ھازىرقى زامان ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتى

## القومية العربية

الدكتور الإمام الشهيد عبدالله عزّام

دوكتور ئىمام شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام

( پەلەستىن )

يىتەكچىمىز ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ تۆۋەندىكى  سۆزى نېمىدېگەن گۈزەل-ھەم جايىدا ئېيتىلغان-ھە!

(نحن قوم أعزنا الله بهذا الدين ومهما ابتغينا العزة ـ عن غير طريقه ـ أذلنا الله).

«بىز مۇسۇلمانلار، الله بۇ دىن ئارقىلىق ئىززەتلىك قىلغان قەۋممىز. قاچانكى، بىز بۇندىن باشقا يول ئارقىلىق ئىززەت تاپماقچى بولساق، الله بىزنى خار-زەبۇنلۇققا مەھكۇم قىلىدۇ. »

-ئۆمەر ئىبنى خەتتاب

(ألم تر إلى الذين يزعمون أنهم آمنوا بما انزل إليك وما أنزل من قبل يريدون ان يتحاكموا إلى الطاغوت وقد أمروا أن يكفروا به ويريد الشيطان أن يضلهم ضلالا بعيدا وإذا قيل لهم تعالوا إلى ما أنزال الله وإلى الرسول رأيت المنافقين يصدون عنك صدودا فيكف إذا أصابتهم مصيبة بما قدمت أيديهم ثم جاءوك يحلفون بالله إن أردنا إلا إحسانا وتوفيقا) ([1])

«ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئەرزىنى شەيتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) غا: «ئاللاھ نازىل قىلغان كىتاب تەرەپكە ۋە پەيغەمبەر تەرەپكە كېلىڭلار» دېيىلسە، مۇناپىقلارنىڭ سەندىن قاتتىق يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن. قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇز بېشىغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلغان ھالدا: «بىز پەقەت ياخشىلىق ۋە يارىششىنىلا ئىرادە قىلغان ئىدۇق» دېگەنلەرنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟ ئەنە شۇلار (يەنى مۇناپىقلار) (يالغان ئېيتىدۇ)، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى (يەنى مۇناپىقلىقنى، مىكرىنى) بىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن، ئۇلارغا نەسىھەت قىلغىن، ئۇلارغا تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلغىن»

[1]سورة النساء 60-63.]

# مۇندەرىجە


مۇجاھىدلار ئۇستازى، شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ تەرجىمىھالى .......... 7

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ جىھادى-ھەرىكەتلىرى..................... 13

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام نىڭ شەھىد بولۇشى........................ 16

«شەپقەتلىك اللەنىڭ ئافغانىستاندىكى مۆجىزىلىرى» ناملىق كىتابتىن تاللانمىلار: ........................................ 19

جەڭ مەيدانىدا يۈز بەرگەن مۆجىزىلەر.................................. 23

قۇشلارمۇ مۇجاھىدلار بىلەن بىر سەپتە ................................ 28

ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرى ............................ 29

ئۇ قاتناشقان مۇھىم ئۇرۇشلار........................................ 30

ئۇنىڭ جىھادى ...................................................... 31

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ سۆزلىرى.................................. 33

ئالىملارنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە دېگەن بايانلىرى .......................... 34

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ نەسىھەتلىرى.............................. 35

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ بارلىق مۇسۇلمانلارغا قىلغان نەسىھەتلىرى 44

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ ئىسلام دەۋەتچىلىرىگە قىلغان نەسىھەتلىرى44

ئى دەۋەتچىلەر! .................................................... 45

ئى ئىسلام دەۋەتچىلىرى! ............................................ 49

ئى ئىسلام ئۆلىمالىرى! ............................................. 50

ئى مۇسۇلمانلار! ................................................... 50

ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ مۇسۇلمان ئاياللارغا قىلغان نەسىھەتلىرى........... 51

ئى ئاياللار گۇرۇھى ! ............................................... 52

ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ بالىلارغا قىلغان نەسىھەتلىرى...................... 52

ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ سەبىرچان ئايالىغا قىلغان نەسىھەتلىرى ........... 53

ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ بالىلىرىغا قىلغان نەسىھەتلىرى..................... 54

ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ جىھادى ھەرىكەتلەرگە قوماندانلىق قىلىش
ئورگىنىدىكى مۇجاھىدلارغا قىلغان نەسىھەتلىرى ........................ 56
ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ جىھاد مەيدانىدىكى ھەرقايسى جامائەتلەرگە قىلغان
نەسىھەتلىرى............................................................ 57
ھەدىيە ........................................................................ 59
مۇقەددىمە..................................................................... 60
ئەرەب مىللەتچىلىكى.......................................................... 62
ئىسلام ۋە ئەرەب .............................................................. 64
مىللەتچىلىك چاقىرىقىنىڭ ئارقىسىدىكى ھەقىقىي سەۋەبلەر ............ 67
مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ تارىخى تەرەققىياتى.......................... 68
مىللەتچى تەشكىلاتلار ....................................................... 75
قاھىرەگە ھىجرەت ............................................................. 80
جامالۇدىين ئافغانى، مۇھەممەد ئابدۇھ، ئابدۇراھمان ئەل كەۋاكىبى ...... 83
20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مىللەتچىلىك چاقىرىقلىرى ....................... 91
مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئامىللار................ 94
بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى ........... 106
ئەرەب گۈللىنىش سوتسىيالىستىك پارتىسى ............................... 109
ھەربىي ئۆزگىرىشلەر ۋە مىللەتچىلىك ئىنقىلابلىرى ......................... 122
تۈركىيە مىللەتچىلىكى ......................................................... 127
ئىسلامنىڭ ئەرەب مىللەتچىلىكى ھەققىدىكى ھۆكۈملىرى ................. 136
مىللەتچىلىك پىرىنسىپلىرىغا ئېتىقاد قىلىش كاپىرلىق ، ئۇنى قىلغان كىشى
ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدۇ..................................................... 157
مىللەتچىلىك ھەققىدىكى ئاخىرقى بىر كەلىمە ............................ 161
خەلقئارادىكى جاھىلىيەت مىللەتچىلىك ۋە يۇرتۋازلىق ھەرىكەتلىرى.... 173
ماراكەشتە.................................................................... 173
ھىندونېزىيەدە................................................................. 173
لىۋاندا ...................................................................... 174
مىسىردا ..................................................................... 174

ئىراندا ........................................................ 176
ئىراقتا ........................................................ 177
ھىندىستاندا........................................................ 177
ئىيوردانىيە ۋە پەلەستىندە........................................................ 178
مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ........................................ 185
يەھۇدىيلار ئىچىدىكى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى........................................ 186
ياۋروپادىكى مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى ........................................ 193
ئىسلام شەھەرلىرىدە مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى .. 199
مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ خەتەرلىرى........................................ 202
ئەرەب شەھەرلىرىدە مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ پەيدا بولۇشى ......... 207
ئىسلام تارىخىدا مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ پەيدا بولۇشى ............ 213
ھازىرقى زاماندىكى ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئەھۋالى......... 218

## مۇجاھىدلار ئۇستازى، شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ تەرجىمىھالى



ھازىرقى زامان جىھاد ھەرىكىتى ۋە مۇجاھىدلارنىڭ ئەڭ چوڭ يولباشچىسى، كاتتا ئالىم، فەقىھ ، دوكتور، شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام ئەڭ كاتتا مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ «ئافغانىستان جىھادىي ھەرىكىتى» نىڭ باش قوماندانى ھەمدە مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ غۇللۇق ئەزالىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ھازىرقى زامان ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاساسچىلىرىنىڭ بىرى ھەمدە يېقىنقى زاماندىكى ئىسلام دۇنياسىدىكى قوراللىق جىھادىي ھەرىكەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس سالغان يادرولۇق شەخسلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيەۋى _تەلىم - تەربىيە مەكتىپى ۋە ھەربىي بازىسىنى قۇرۇپ چىققان؛ ئەڭ چوڭ ئەمەلىيەتچان ئىسلام دەۋەتچىسى ئىدى.

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ قۇرئان _ھەدىسنىڭ يولى بويىچە پۈتكۈل دۇنيادىكى جىھادى ھەرىكەتلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەش ھەمدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قوراللىق مۇسۇلمان شەخسلەرنى تەربىيەلەپ سەپكە قوشۇش ئۈچۈن ئەمەلى ئۇسلۇبلارنى بىنا قىلىشتىكى دانالىقى، ئافغانىستاندا سەۋىت ئىتتىپاقى ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى ئۇرۇش داۋامىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان ئىدى.

ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئابدۇللاھ يۈسۈپ ئەززام **(عبد الله يوسف عزّام)** بولۇپ، ئۇ 1941-يىلى پەلەستىندىكى سىيلەتۇل ھارسىيە كەنتىدە تۇغۇلغان؛ ئۇ كەنتتە ئىسلامى ئائىلىدە سالماق – تەمكىن، مېھرىبان دادىسى

يۈسۈپ ئەززامىنىڭ قولىدا  تەربىيەلەنگەن ئىدى. ئۇ كەنتىدىكى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى . تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇشىنى جەنىين تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە باشلىدى. ئۇ بۇ مەكتەپتە ئۈزۈن تۇرمايلا تۈلكەرىم شەھرىدىكى خۇزۇرى يېزا ئىگىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇش باشلىدى ھەمدە 1959-يىلى بۇ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى.

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام كىچىكىدىن باشلاپلا ھەرقايسى شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدا چېپىپ يۈرەتتى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى يەھۇدىيلار نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ سۈيقەستلىرى ئارقىلىق بۇلاپ كەتكەن مەرجى ئىبنى ئامىر تۈزلەڭلىكلىرىگە ئۈزۈندىن ئۈزۈن نەزەر سالاتتى...

ئۇ ئۆزىنىڭ تەۋرەنمەس ئىمانى تەييارلىقنى باشلىدى.. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا نامازلىرىنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىپ، ۋاقتىدا ئادا قىلاتتى، دائىم قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ تۇراتتى، شۇنىڭدەك، كەنتتىكى مەسجىدگە بېرىشنى دائىم قولدىن بەرمەيتتى.

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام بالاغەتكە يەتكەن كۈنىدىن باشلاپلا سىيلەتۇل ھارىسىيە  كەنتىدە ئۇستاز شەفىق ئەسئەد يېنىدىن ئايرىلمىدى. كەنتتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن ئۇستاز شەفىق ئەسئەدنىڭ قولىدا تەربىيەلىنەتتى. ئۇ ئۇلارنى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ دەۋەت پىرىنسىپلىرى، ئىدىيە-ئەخلاقلىرى بىلەن تەربىيەلەيتتى. شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام كەنتتىكى دەۋەتچىلەرنىڭ تۇنجىسى ئىدى.

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام «جەنىين» شەھرىدە دەۋەتچى، تەربىيەچى شەيخ فەرىيز جىرار بىلەن تونۇشقان ئىدى. شەيخ فەرىيز جىرار ۋە ئۇستاز شەفىق ئەسئەد ئاشۇ ۋاقىتتا ياشلارنى تەربىيەلەيدىغان ئەڭ ئاكتىپ

دەۋەتچىلەردىن بولۇپ «جەنىين» شەھرىدىكى جامائەت مەركىزىدە لېكسىيە ۋە يىغىلىشلارغا ئەڭ كۆپ قاتنىشىدىغان كىشىلەردىن ئىدى.

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام جامائەت مەركەزلىرىنى كۆپلەپ زىيارەت قىلىشقا ۋە شەيخ فەرىيز جىرار باشچىلىق قىلىدىغان يىغىلىش ۋە كېڭەشلەرگە قاتنىشىشقا باشلىدى. ئۇ بۇ ئۇچرىششلارغا ئاكتىپ قاتنىشىدىغان ياشلارنىڭ بىرگە ئايلاندى. ئۇ شەيخ فەرىيز جىرار بىلەن بىرگە نۇرغۇن ساھەلەردە ھەمسۆھبەتتە بولاتتى.

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام تۇلكەرىم شەھرىدىكى خۇزۇرى يېزا ئىگىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشىپ، ئىيوردانىيەنىڭ جەنۇبىدىكى كەرىك رايونى ئەدەر كەنتىدە ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەندى. ئۇ بۇ يەردە بىر يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندىن كېيىن«جەنىين» شەھرىگە يېقىن بەرقىين تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىگە يۆتكەلدى.

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام دەۋەت سېپىدىكى ئىككى قېرىندىشى بىلەن بىرگە تەشكىلات ياتىقىدا تۇرغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭغا تۈرلۈك ئىدىيەۋى ھەرىكەتلەر، تەلىم-تەربىيە ھەرىكەتلىرى، تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرى... قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردە تەربىيەلىنىشكە ياخشى پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن ئىدى.

شۇنىڭدەك، ئۇ يەنە نۇرغۇنلىغان دەۋەت ھەققىدىكى كىتابلارنى كۆرۈپ چىقتى، بولۇپمۇ ھەسەنۇل بەننا، ئابدۇل قادىر ئەۋدە، سەييىد قۇتۇپ ، مۇھەممەد قۇتۇپ قاتارلىق ئالىملارنىڭ دەۋەت ھەققىدىكى كىتابلىرىنى تەپسىلي كۆرۈپ چىقتى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام دەمەشق ئۇنىۋېرسىتېتى شەرىئەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ دەمەشق

ئونئۈرستتىنى 1966-يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئىسلام شەرىئىتى بويىچە باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇ دەمەشقتە بىر قىسىم شام ئۆلىمالىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلاردىن بىلىم ئالدى ۋە ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدى.



شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ مۇھەممەد، ئىبراھىم، ھۇزەيفە، ھەمزە، مۇسئەب قاتارلىق بەش ئوغلى، فاتىمە، ۋەفا، سۇمەييە قاتارلىقلار ئۈچ قىزى بار.

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ ئوغلى مۇھەممەد 20 يېشىدا دادىسى بىلەن بىرگە شەھىد بولۇپ رەببىنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى.

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ يەنە بىر ئوغلى ئىبراھىممۇ ئون بەش يېشىدا شەھىد بولدى.

1967-يىلى غەربىي قىرغاق ۋە گازا رايۇنى قولدىن كەتكەندىن كېيىن يەھۇدىيلار سىيلەتۇل ھارىسىيە كەنتىگە بېسىپ كىردى. شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام كەنتتىكى بىر قىسىم ياشلار بىلەن بىرگە ئىسرائىلىيە تانكىلىرىغا قارشى تۇرماقچى بولدى. بىراق، كەنت ئەھلى ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ ئۇلارنى بۇ نىيىتىدىن ياندۇردى. چۈنكى ئۇلار قۇرۇق قول بولغاچقا ئىسرائىلىيە تانكىلىرىغا كۈچى يەتمەيتتى.

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام كەنتتىكى بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن پىيادە يول يۈرۈپ ئىئوردانىيەگە چېقىپ كەتتى، لېكىن ، ئۇنىڭ ئۆز شەھىرىدىن چېقىپ كېتىشى ئۇنىڭ الله يولىدا جىھاد قىلىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئېڭىدا يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىش ئىدىيەسى پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام ئىسلامى جىھادى ھەرىكەتلەرنى تەشكىللىگەن ئالدىنقى قاتاردىكى يولباشچى قوماندانلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ جىھادى ھەرىكىتىنىڭ باشلانغان ۋاقتى ماگىستىرلىقتا ئوقۇش ئۈچۈن مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرستىتى ئۇسۇل فىقھى فاكۇلتېتىغا كىرگەن ۋاقتقا توغرا كېلىدۇ .




شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام 1966-يىلى ئەزھەر ئونىۋرستىتى تەرىپىدىن ئۇسۇل فىقھى ئىلمى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام ئاشۇ ۋاقىتتا بىر قانچە قېتىم ئىسلامى جىھادى ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان ئىدى. بۇ جىھادى ھەرىكەتلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇر بولغىنى 1969-يىلدىكى يېشىل بەلباغ ئۇرۇشى ۋە 1970-يىلدىكى 5-ئىيۇل ئۇرۇشى ئىدى.

بۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇنلىغان يەھۇدىيلار قەتلى قىلىنغان ئىدى، لېكىن ، ئىسلامى ھەرىكەت ياشلىرى بۇ ھەرىكەتنى ئۆزلىرىنىڭ قىلغانلىقىنى جاكارلىمىدى، چۈنكى ئۇلار الله يولىدا جىھاد قىلغان ئىدىكى ھەرگىزمۇ خەلقنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن جىھاد قىلمىغان ئىدى.

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام 1971-يىلى مىسىرغا باردى. ئۇ 1973-يىلى ئەزھەر ئونىۋرستىتى تەرىپىدىن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇ مىسىردا مىسىر ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ سىقىشىغا قارىماستىن، مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ تۈرمىگە قامالغان ئەزالىرىنىڭ ئائىلىسىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت يەنە بىر جىھادى ۋەزىپىنى تاپقان ئىدى.

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام ئىيوردانىيەگە قايتقان ۋاقىتتا، ئەۋقاف مىنىستىرلىكى ئاخبارات بۆلۈمىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ مەسجىدلەرنى جانلاندۇرۇش ھەمدە ۋەز-نەسىھەت قىلىشتا ئارتۇقچىلىقى بار

ئىدى. ئۇ بۇ بۆلۈمنى دەۋەتكە قادىر بولىدىغان ياشلارنىڭ كۆچى بىلەن جانلاندۇردى ھەمدە ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن تەشۋىقاتلارنى تارقاتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام 1973-دىن 1980-يىلىغىچە بولغان يەتتە يىل جەريانىدا ئىيوردانىيە ئۇنىۋېرسىتېتى شەرىئەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا دەۋەت ۋە ئوقۇتۇش ساھەسىدە تەڭ خىزمەت قىلدى. ئۇنىڭ اللەغا دەۋەت قىلىشتىكى يولى ۋە ئۇسۇلى ئالاھىدە ئىدى، شۇڭا ئۇنىۋېرسىتېت سىرتىدىكى نۇرغۇنلىغان ياشلار شەيخنىڭ لېكسىيەسىگە قاتنىشىشقا قىزىقاتتى. شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام دەۋەت جەريانىدا قىز ۋە ئوغۇللارنىڭ تۇرىدىغان ئورنىنى ئايرىم ئورۇنلاشتۇراتتى.

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام بۇ ئارىلىقتا مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ يولى ئارقىلىق دائىم پەلەستىندىكى ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى خاماس تەشكىلاتى بىلەن ئىزچىل ئالاقىلىشىپ تۇرغان ئىدى، چۈنكى مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىدىكىلەر جىھاد خەۋەرلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى.

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام پەلەستىنگە كىرىش ئىجازەتنامىسى بار بولغان ۋە پەلەستىنگە بارالايدىغان ياشلارنى تولۇق تەييارلىق قىلدۇرۇپ، پەلەستىنگە ئەۋەتتى ھەمدە ئۇلارغا پەلەستىندە قېلىپ، ئۇ يەردىكى مۇجاھىدلارغا قوشۇلۇشقا نەسىھەت قىلاتتى.

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام نۇرغۇنلىغان ئەرەب شەھەرلىرى ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈپ پەلەستىندىكى جىھاد ھەرىكىتى ئۈچۈن ماددىي ياردەم توپلايتتى. ئۇ پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** كېچىدە سەپەر قىلغان مۇبارەك ئورۇن (بەيتۇل مۇقەددەس) نى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئۆزىگە

پەلەستىندە جىھاد قىلىشقا يول ھازىرلاپ بېرىشى ئۈچۈن دائىم اللەغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلاتتى.

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام ئاكتىپ، پائالىيەتچان كىشى بولۇپ، ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ھەرقايسى پاكۇلتېتلىرىدىكى قىز-ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا توغرا ئىسلام ئىدىيەسىنى تارقىتاتتى. ئۇ 1981-يىلى




جىددىكى پادىشاھ ئابدۇل ئەزىز ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانىغا سەپەر قىلدى، بىر مەزگىلدىن كېيىن شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام ئافغانىستان جىھادىدىن سەل بۇرۇن، پاكىستاننىڭ پايتەختى ئىسلام ئابادتىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېدا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىندى.

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام ئافغانىستان مۇجاھىدلىرى بىلەن يېقىنلاشقان ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ نىشانىغا يەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى، ئۇ « ئافغانىستان مۇجاھىدلىرى » ھەققىدە : « مانا بۇ كىشىلەر مەن ئۆزۈندىن بىرى ئىزدەۋاتقان كىشىلەر...)- دېدى

## شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ جىھادى-ھەرىكەتلىرى

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام 1982-يىلى جىھاد قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئەرەب ياشلىرى بىلەن ئافغانىستاندا جىھادى ھەرىكىتىنى باشلىدى. ئۇ 1984-يىلى "مۇجاھىدلارغا خىزمەت قىلىش ئورنى" نى تەسىس قىلىپ شۇ ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولدى. بۇ ئورگان ئافغانىستان ھەرىكىتىدىكى جىھادى ھەرىكەتلەرگە ياردەم بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا ئايلاندى.

مانا بۇ "مۇجاھىدلارغا خىزمەت قىلىش ئورگىنى" نىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى تۆۋەندىكىچە:

ئافغانىستاندىكى ئىسلامى جىھاد ھەرىكەتلىرىنى خەلقئارالىق جىھاد ھەرىكەتلىرىگە ئۆزگەرتىش؛




دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنى بۇ مۇبارەك جىھادقا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلىش؛

مەسجىدلەردە خۇتبە سۆزلەش، جىھادقا قىزىقتۇرىدىغان خاس لېكسىيەلەرنى سۆزلەش، ئافغانلارنىڭ (ئالىيجاناب ئېسىل كىشىلەر) ئىكەنلىكىنى پۇتكۈل ئالەمگە نامايان قىلىش ھەمدە مانا بۇ ئافغان مۇجاھىدلىرىنىڭ باتۇرلۇقىنى ئەڭ گۈزەل سۈرەتتە تەسۋىرلەپ بېرىش ؛

جىھاد ژۇرنىلى ۋە ئىسلامى ئۇرۇش يالقۇنلىرىنى تارقىتىش، شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام پاكىستاندا نەشر قىلغان كىتابلار، تەشۋىقاتلار ئارقىلىق جىھاد مەسىلىسىنى تونۇشتۇرۇش...

تەلىم-تەربىيە ساھەسىدە: جىھاد قوماندانلىرىنى مەشقلەندۈرىدىغان ھەربىي مەشىق لاگىرىنى قۇرۇپ چىقىش، گەمىلەردە مەكتەپلەرنى ئىچىش، ئۇرۇش زېمىندا تەلىم-تەربىيە مەركەزلىرىنى قۇرۇپ چىقىش، زەمبىرەك ئاۋازى ئاستىدا قۇرئان كەرىم باسمىخانىلىرىنى ئىچىش ۋە كىتابلارنى بېسىش.. قاتارلىق ئىشلارنى قىلدى. 1988-يىلى 1400دانە قۇرئان كەرىم بېسىلغان بولۇپ كۆپىنچىسى ئافغانىستاندىكى مەكتەپلەرگە تارقىتىپ بېرىلدى .

مۇجاھىدلارغا ئوزۇق –تۈلۈك تەييارلاش ۋە ئۇلارنى يولغا سېلىش ھەمدە ئالدىنقى سەپتىكىلەرنى قورال-ياراقلار بىلەن تەمىنلەش ...

ئۇرۇشتا شەھىد بولغانلارغا ۋە يارىلانغانلارغا كۆڭۈل بۆلۈش: يەنى بۇ ئورگان ئافغانىستاندا بەش دوختۇرخانا قۇرۇپ چىقتى. ( يەنى: جاجى ، تۇخار، غەزنى، فارياب ، بەنجەشىر) قاتارلىق بەش جايدا دوختۇرخانا بىنا قۇرۇپ چىقتى. مەككە-مۇكەررەم دوختۇرخانىسى ۋە مەركىزى تەجرىبىخانا ۋە يەرلىك ئۇسۇلدا كېسەل كۆرۈش ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ چىقتى... قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرگە تەڭ كۆڭۈل بۆلدى.)



شەھىدلەرنىڭ ئەۋلادلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش: بۇ ئورگان ئافغانىستاندا «يېتىم باللار ۋە تۇل ئاياللارغا غەمخورلۇق قىلىش ئورگىنى» ۋە يېتىملار پاراۋانلىق مەركىزى تەسىس قىلدى.

ئافغان مۇجاھىدلىرىنىڭ قېرىنداشلىق روھىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش...

بارلىق جىھادى كۈچلەرنى ئىسلام روھى بىلەن تاۋلاپ چىقىش...

پەتىۋا چىقىرىش ئۈچۈن ئۆلىمالار ئورگىنى تەسىس قىلىش ۋە مۇجاھىدلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش ۋە بۇزۇق پىكىرلەرگە رەددىيە بېرىش ... قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تەرەپلەرگە تەڭ كۆڭۈل بۆلدى.

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام مانا بۇ ئىشلارنى قىلىشتا بارلىق جامائەتنىڭ ئالدىدا ئۈلگە بولۇپ ماڭغان ئىدى.

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ دەۋەت ۋە جىھاد توغرىسىدىكى ئەڭ مەشھۇر سۆزلىرى تۆۋەندىكىچە:

شۈبھىسىزكى، ھەقىقي باتۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن ئۆز ئۈممىتىنىڭ تارىخىنى يېزىپ چىقىدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ جەسەتلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك شانۇ-شەۋكىتىنى نامايان قىلىدۇ.



مەن شۇنى كۆردۈمكى، ئۈممەت ھاياتىنى ھالاكەتكە ئۈچرىتىدىغان ئەڭ خەتەرلىك كېسەل باياشاتلىق بولۇپ، ئۇ ئۈممەتنىڭ ھاياتىدىكى باتۇرلۇقنى ئۆلتۈرىدۇ، ئىنساندىكى ئەركەكلىك غۇرۇرىنى يوقىتىدۇ، غەيرەت-شىجائەتنى ئۆلتۈرۈپ، ئادەمگەرچىلىكنى يوقىتىدۇ.

الله يولىدا جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ھاياتىنىڭ زۆرۈر بىر قىسمىدۇر. چۈنكى ئۇ تاغۇتلارنىڭ ئۈممەتلەرنى قورقۇتۇش ۋەھىمىسىدىن ئازاد قىلىدۇ. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىناسى پەقەت شىر يۈرەك ئەزىمەتلەر جانلىرىنى پىدا قىلىش ئارقىلىقلا قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ.

شەھىدلەر ئۈممەتلەرنىڭ تارىخىنى يازىدۇ، چۈنكى ئۈممەتلەرنىڭ تارىخى قان-تەر بىلەن يېزىلىدۇ. شەھىدلەر بۇ دىنىنىڭ دەرىخىنى قۇرۇپ كېتىشتىن مۇھاپىزەت قىلىدۇ، چۈنكى، بۇ دىنىنىڭ دەرىخى قان بىلەن سۇغىرىلىدۇ. مۇسۇلمانلار الله يولىدا جىھاد قىلغاندىلا ھەممىدىن ئەزىز بولىدۇ. بىز ئۆلۈمنى ھاياتلىق يولى قىلىپ تاللىدۇق...

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام نىڭ شەھىد بولۇشى

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام پاكىستاننىڭ پىشاۋۇر شەھرىدە شەھىد بولدى. ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىدى. نەتىجىدە ئۇ ھىجرىيە -يىلى رەبىيەلئاخىر ئېيىنىڭ 26-كۈنى(مىلادىيە 1989-يىلى 11-ئاينىڭ 24-كۈنى )جۈمە نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، ئىككى ئوغلى مۇھەممەد ۋە ئىبراھىم بىلەن بىرگە شەھىد بولدى. مەرھۇم شەھىد بولغان كۈنى دەپنە قىلىندى. مېيىت ئۈزاتقۇچىلار ئۇنىڭ پاك قېنىدىن



چىققان ئىپارنىڭ پۇرىقىنى پۇرىغان ئىكەن؛ ئۇ 20 كىلوگىراملىق پارتلاتقۇچ دورا بىلەن پارتىلىتىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ جەستى بۇزۇلۇپ كېتىشتىن ساق قالغانلىقى بايقالغان، ھالبۇكى ماشىنا پارچىلىرى ھاۋادا چېچىلىپ كەتكەن ئىدى.

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام ئىسلامى جىھاد ھەرىكەتلىرىدە مول تەجرىبىگە ئىگە تەجرىبىلىك قوماندان بولۇپ بۇ تەجرىبە _ساۋاقلار ئارقىلىق جىھادى ھەرىكەتلەردە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى.

مەرھۇم نەشرىياتتا بېسىپ تارقىتىلغان بىر قانچە كىتابلىرىدىن سىرت، نۇرغۇنلىغان كىتاب، لېكسىيە ۋە گېزىت-ژۇرنال ماقالىلىرى، جۈمە خۇتبىلىرىدىن ئىبارەت ئىزنالارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

ئۇ كېيىنكى ئەۋلادلارغا روھى ئوزۇق بولۇشى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ مىراسلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگەئالىدۇ:
ئابدۇللاھ ئەززام پەقەت قىلىچى بىلەنلا جىھاد قىلغان ئەمەس، بەلكى قەلىمى بىلەنمۇ جىھاد قىلغان بولۇپ ئۇ قۇرئان-ھەدىسنى ھاياتىدا ئەمىلى تەتبىقلىغان ھەمدە جىھاد ئايەتلىرىنى ئەمىلى مەيدانلاردا رېئال تەتبىقلىغان ئىدى.

ئۈنىڭ كىتابلىرى تۆۋەندىكىچە:

1.ئەقىدە ۋە ئۈنىڭ ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشتىكى تەسىرى.

2.ئىسلام ۋە ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى.

3.قىزىل راك.

4.شەپقەتلىك اللەنىڭ ئافغانىستاندىكى مۆجىزىلىرى.

5.يوقالغان مۇنار

6.مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىنى قوغداش ئەڭ مۇھىم پەرز ئەيىن.

7.كارۋانغا قوشۇلۇڭ!

8.جىھاد ھەققىدىكى ئەدەپ-ئەخلاقلار ۋە ئەھكاملار.

9.ھازىرقى زامان جىھادى ھەرىكەتلەردىكى تەجرىبە -ساۋاقلار ۋە ئىبرەتلەر.

10.مۇسۇلمانلارنىڭ جىھادى ھەرىكەتلىرى

11.كۆزنىڭ خۇرسەنلىكى

12.خاماس (تارىخى ئاساس ۋە ئەھدىنامە)

13.جەھەننەمنىڭ تۈنجى يولى ھەققىدە بىر قانچە كەلىمە سۆزلەر (1-قىسىم)

14.بىر مۇئمىن جاننى ناھەق ئۆلتۈرۈشنىڭ جىنايىتى.

15.ئۇرۇش دېڭىزلىرىدا. (ئۈچ قىسىملىق)

16. سانى300 قىسىمدىن ئاشىدىغان لېنتىغا ئېلىنغان ئاۋازلىق (mp3)لېكسىيەلەر توپلىمى.

17.سانى 50قىسىمدىن ئاشىدىغان سۈرەتلىك فىلىم(mp4) لېكسىيەلەر توپلىمى.

18. نۇرغۇنلىغان چەتئەل ۋە ئەرەب شەھەرلىرىنى ئايلىنىش جەريانىدا جىھاد ئۈچۈن سۆزلىگەن نەچچە ئونلىغان لېكسىيەلەر توپلىمى.

19.شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام نۇرغۇنلىغان گېزىت -ژۇرناللاردا يازغان، بولۇپمۇ پىشاۋۇردا نەشر قىلىپ تارقاتقان "جىھاد" ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ئىسلامى جىھاد يالقۇنلىرىنى تارقىتىش توغرىسىدا يازغان نەچچە يۈز پارچە ماقالىلەر ۋە شەيخنىڭ تېخى نەشر قىلىنمىغان نۇرغۇنلىغان كىتابلىرى بار ئىدى.

«شەپقەتلىك اللەنىڭ ئافغانىستاندىكى مۆجىزىلىرى» ناملىق كىتابتىن تاللانمىلار:

ماڭا ئىسلامى جىھاد جامائىتىنىڭ قوماندانى ئۆمەر ھەنىف نەسرۇللاھ مەنسۇرنىڭ ئۆيىدە بىر ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بەردى. ئۆمەر — بۇ قوماندانىنىڭ ھەقىقىي ئىسمى مۇھەممەد بولۇپ، ئۇ ئافغانىستاننى مۇھاپىزەت قىلىدىغان زەرمەت ئەرجۇن رايونىدىكى ھەربىي لاگېرنىڭ قوماندانى ئىدى.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن جەستى ئۆزگىرىپ كەتكەن ياكى سېسىپ پۇراپ كەتكەن بىرمۇ شەھىدنى كۆرمىدىم.



رۇسىيە كوممۇنىستلىرىنى ئىتلار يەۋەتكەن بولسىمۇ، بىراق، مەن بىرمۇ شەھىدنى ئىت چىشلىگەنلىكىنى كۆرمىدىم.

مەن شەھىد بولغىلى ئىككى ياكى ئۈچ يىل بولغان شەھىدلەرنىڭ قەبرىسىنى ئاچتىم، جەستى ئۆزگىرىپ سېسىق پۇراپ قالغان بىرمۇ شەھىدنى ئۇچراتمىدىم.

مەن شەھىد بولغىلى بىر يىلدىن كۆپ بولغان بىر شەھىدنىڭ جاراھەتلىنگەن يېرىدىن قان ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

ماڭا ئىمام مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: مەن شەھىد ئابدۇل مەجىد مۇھەممەد قەتلى قىلىنىپ ئۈچ ئايدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ پۇرىقىنىڭ ئىپارنىڭ پۇرىقىدەك پۇراپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

ماڭا ئابدۇل مەجىد ھاجىي مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: مەن لايىكى كەنتى مەسجىدىنىڭ ئىمامى شەھىد بولۇپ يەتتە ئايدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ھازىر ۋاپات بولغاندەك تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

ماگا جىھاد ئىشلىرىنى كېڭىشىش مەجلىسىنىڭ ئەزاسى شەيخ مۇئەززىن مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: شەھىد نەسار ئەھمەد توپا تېگىدە يەتتە ئاي تۇردى، لېكىن ، جەسىتى ئۆزگىرىپ كەتمىگەن ئىدى.

ماگا ئابدۇل جاببار نىيازىي مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: مەن شەھىد بولغىلى ئۈچ_ تۆت ئاي بولغان تۆت شەھىدنى كۆردۇم، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۈچىنىڭ بۇرۇنقىدەكلا چاچ-ساقاللىرى ۋە تىرناقلىرى ئۆسۈپ تۇرۇپتۇ. ئەمما تۆتىنچىسىنىڭ بولسا يۈزىنىڭ بىر قىسمى ئازراق بۇزۇلۇپتۇ. ۋە يەنە قېرىنىدىشىم ئابدۇ سالام شەھىد بولۇپ يەتتە ئايدىن كېيىن بىز ئۇنى قەبرىدىن چىقاردۇق، ئۇ شۇ پېتى تۇرۇپتۇ.

ماگا ئارسلان مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: تالىبۇل ئىلىم ئابدۇل بەسىر شەھىد بولدى. مەن فەتھۇللاھ ئىسىملىك بىر مۇجاھىد بىلەن قاراڭغۇدا ئۇنى ئىزدەپ كەلدىم. فەتھۇللاھ ماگا بىز شەھىدكە يېقىنلاپ قاپتۇق، چۈنكى مەن تولىمۇ ياخشى بىر خۇشپۇراقنى پۇراۋاتىمەن دېدى . مەنمۇ شۇ پۇراقنى پۇراشقا باشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىز ئاشۇ پۇراققا ئەگىشىپ ھېلىقى شەھىدنىڭ قېشىغا يېتىپ باردۇق. مەن قاراڭغۇدا ئۇنىڭ جاراھىتىدىن چىقىۋاتقان قاننىڭ رەڭگىنى نۇردەك جۇلالاۋاتقانلىقىنى كۆردۇم.

ئارسلاننى ئۇيقۇ باستى... ماگا مەۋلەۋى ئارسلان مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: مەۋلەۋى ئارسلان شاھىت كو ئۇرۇشى داۋامىدا ئون مىنۇت ئۇخلاپ قالدى، بىزنىڭ ئۇستىمىزگە ھەممە تەرەپتىن بومبىلار چۈشمەكتە ئىدى.

ماگا ئابدۇ رەھمان مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: دەبكى ئۇرۇشىدا بىزگە تانكىلار ھۇجۇم قىلدى، بىزگە ھۇجۇم قىلغان تانكىلار ۋە قورالّلارنىڭ سانى 150دىن 200گىچە بولغان ئارىلىقتا ئىدى. ئۇستىمىزگە چۈشۈۋاتقان بومبىلارنىڭ كۆپلىكىدىن مۇجاھىدلار ئىككى ياكى ئۈچ كۈن ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىغان ئىدى. ئۇرۇش داۋامىدا بىزنى ئۇيقۇ باستى، بىز ناھايىتى

خاتىرجەم ئۇخلىدۇق. مۇجاھىدلارنىڭ بىرى بىر تانكىغا زەربە بېرىپ ، ئۇ تانكىغا ئوت قويۇۋەتتى. بۇ تانكا بىر بۆلۈك زاپاس ساقلانغان ماشىنىلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ كەتتى. نەتىجىدە يەتتە ماشىنا پارتلاپ كەتتى. بىز بەش ماشىنىنى غەنىيمەت ئالدۇق.

ماڭا ھىكمەتيارنىڭ قوغدىغۇچىسى ئابدۇللاھ مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ئۇرۇش داۋامىدا مېنى نۇرغۇن قېتىم ئۇيقۇ باستى، مەن بۇنى اللەنىڭ نېئمىتى ۋە ماڭا بەرگەن خاتىرجەملىكى دەپ ئويلايتتىم.

ماڭا ئابدۇ رەشىد مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: مەن رۇسلار بىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا ئۈچ قېتىم مۇجاھىدلارنى قاتتىق ئۇيقۇ باسقانلىقىنى كۆردۇم. شۇنىڭ بىلەن مۇجاھىدلار تەخمىنەن 2-3مىنۇت ئەتراپىدا تاتلىق ئۇخلىدى، ئاندىن يېڭىچە ئىرادە بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ رۇسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

الله مۇجاھىدلارنى مۇھاپىزەت قىلدى.

وَمَا كَانَ لِنَفْسٍ أَن تَمُوتَ إِلَّا بِإِذْنِ ٱللَّهِ كِتَـٰبًا مُّؤَجَّلًا

(ھېچ كىشى الله نىڭ ئىزنىسىز ئۆلمەيدۇ، الله ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى پۈتۈۋەتكەن (ئادەمنىڭ ئۆمرىنى قورقۇنچاقلىق ئۇزارتالمايدۇ، باتۇرلۇق قىسقارتالمايدۇ).) **(آل عمران: 145)**

فَٱللَّهُ خَيْرٌ حَـٰفِظًا ۖ وَهُوَ أَرْحَمُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿٦٤﴾

(الله ياخشى ساقلىغۇچىدۇر، ھەممىدىن مېھرىباندۇر) **(يوسف: 64)**

## جەڭ مەيدانىدا يۈز بەرگەن مۆجىزىلەر

### 1-ئەختەر مۇھەممەدنىڭ ئۈستىدىن تانكا بېسىپ ئۆتتى.

ماشا مۇھەممەد [غۇزنى شەلجىر] دېگەن جايدىكى مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: مەن ئىككى كۆزۈم بىلەن ئەختەر مۇھەممەدنىڭ ئۈستىدىن تانكا بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆردۈم، بىراق، ئۇ ئۆلمىدى. روسلار ئۇنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ كەينىگە يېنىپ كېلىپ ئۇنى ئىككىنچى قېتىم تانكا بىلەن بېسىپ ئۆتتى، بىراق، ئۇ يەنىلا ئۆلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى ئىككى مۇجاھىد بىلەن بىللە تۇتۇۋېلىپ، بۇ ئۈچ كىشىگە ئوق ئاتتى. ئۇ يەنىلا ئۆلمىدى. ئۈچ كىشى يەرگە يىقىلدى.ئىككىسى شەھىد بولدى. روس كوممۇنىستلىرى توپا -چاڭ ئۆرلىتىپ كېتىپ قالدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئەختەر مۇھەممەد ئورنىدىن تۇرۇپ مۇجاھىدلارنىڭ قېشىغا قايتتى. ئۇ ھېلى-ھەم ھايات، جىھاد قىلىۋاتىدۇ..

### 2-نەسرۇللاھ غا ئىككى پاي ئوق تېگىدۇ، لېكىن ، ئۇ ئىككى پاي ئوق ئۇنىڭ يانچۇقىغا چۈشىدۇ.

ماشا مۇھەممەد مەنجەل مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ماشا نەسرۇللاھ سۆزلەپ بەرگەن: ئۇ غۇزنىدا جىھاد قىلاتتى. نەسرۇللاھغا ئىككى پاي ئوق تېگىدۇ، لېكىن ، ئۇ ئىككى پاي ئوق ئۇنى جاراھەتلەندۈرمەي ئۇنىڭ يانچۇقىغا چۈشىدۇ. نەسرۇللاھ بۇ ئىككى پاي ئوقنى يېنىدىكى مۇجاھىدلارغا كۆرسەتتى. مۇجاھىدلار ئۇنى كۆردى.

3-ھەزرەت شاھنىڭ كۆزىگە دوشكا( روسىيەدە ئىشلەنگەن زەمبىرەك) ئوقى تەگدى. بۇ ئوق ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمىدى.

ماڭا ئارسلان مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ھەزرەت شاھنىڭ كۆزىگە دوشكا ئوقى تەگدى. بۇ ئوق ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمىدى. پەقەت ئۇنىڭ كۆزى ئازراق قىزىرىپ قالدى.

4-ئون تۆت بومبا.

ماڭا بەغمانىنىڭ قوماندانى مۇھەممەد نەئىم مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ئايروپىلان بىزنىڭ ئۇستىمىزگە ئون تۆت دانە بومبا تاشلىدى. ئون ئۈچ بومبا ئۇنىڭغا يېقىن جايدا پارتىلىدى، لېكىن ، بۇ بومبىلار ھېچقانداق كىشىگە زىيان يەتكۈزمىدى.

5-ئوق ئۆلارنىڭ بەدىنىنى تېشىپ ئۆتەلمىدى.

مەن (يەنى ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ ئۆزى) خوجا مۇھەممەدنىڭ كۆينىكىنى بومبا پارچىلىرىنىڭ تىشۋەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇنىڭ كۆينىكىدە بەش تۆشۈك بار ئىدى، لېكىن ، ئۇنىڭ بىرەر يېرىمۇ جاراھەتلەنمىگەن ئىدى.

6-چېدىر كۆيۈپ كەتتى، بىراق، بىر چېدىردا ئۈچ كىشى بولۇپ ھېچكىم يارىلانمىدى.

ماڭا جالالۇد دىنىنىڭ بىر تۇققىنى ئىبراھىم مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: 1983-يىلى 3-ئاينىڭ 8-كۈنى بىزگە ئىككى دانە زەمبىرەك ئوقى تېگىپ نۇرغۇن ئورۇنلاردىكى چېدىرلارنى كۆيدۈرۈۋەتتى. بىراق، بىر چېدىردا ئۈچ كىشى بولۇپ ھېچكىم يارىلانمىدى.

7. مىنىڭ كىيىملىرىم كۆيۈپ كەتتى مەن 20 كىشى بىلەن بىرگە ئىدىم. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كىيىملىرى كۆيۈپ كەتتى، بىراق، ئۇلاردىن بىرمۇ كىشى يارىلانمىدى.

ماڭا ئىبراھىم مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: مەن ھىجرىيە 1402-يىلى شەئبان ئېيىدا 20كىشى بىلەن بەجىي، خوست ، بىكىيتا ئۇرۇشىدا ئىدىم؛ بىزنىڭ ئۇستىمىزگە بومبىلار چۈشتى. يىراقنى كۆرىدىغان دۇربۇن سۇنۇپ كەتتى، ئىشتىنىم كۆيۈپ كەتتى، مەن (يەنى ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ ئۆزى) ئىبراھىمنىڭ ئىشتىنىنى بومبا پارچىسى كۆيدۈرىۋەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇ ئىشتان ھېلىمۇ مىنىڭ يېنىمدا بار. بىراق ئۇ يارىلانمىدى. شۇ مەيداندىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كىيىملىرى كۆيۈپ كەتتى، بىراق، ئۇلاردىن بىرمۇ كىشى يارىلانمىدى.

8- ئىبراھىمنىڭ ماشىنىسى بىر مىنانىڭ ئۇستىدىن بېسىپ ئۆتتى. لېكىن مىنا پارتلىمىدى. بىراق، بۇ مىنا تانكىنى پارتلىتىۋەتتى.

ماڭا ئىبراھىم مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: بىز 30 كىشى زەرمىت دېگەن جايدا ئىدۇق. ئۇ يەردىكى دۈشمەن 300 كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تانكا، بىرونىك، يۈك توشۇغۇچى پاراخوتى بار ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ دۈشمەن مەغلۇپ بولدى. بىز ئىككى تانكا، بىر ماشىنا، 80دانە بومبا، مىناميوت، 30مىڭ پاي ئوق، ئالتە دانە كىلاشنىكوف غەنىيمەت ئالدۇق. بىز ئوق-دورىلارنى ماشىنىغا بېسىپ يولغا چىقتۇق. شوپۇرنىڭ ئىسمى مۇھەممەد ئىدى. مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئىدىم. ماشىنا بىر مىنانىڭ ئۇستىدىن بېسىپ ئۆتتى. مىنا پارتلىمىدى. لېكىن ، شۇ مىنانىڭ ئۇستىدىن تانكا بېسىپ ئۆتكەندە مىنا تانكىنى پاچاقلىۋەتتى.

مەن (يەنى ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ ئۆزى) ئوقلار تېشىۋەتكەن ئاربىجى ئوقنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بۇ ئوق زەمبىرەكنىڭ ئىچىدە بولۇپ مۇجاھىدلارنىڭ

بىرى ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىدى. لېكىن ، ئۇ يارىلانمىدى. يىراقنى كۆرىدىغان دۇربۇن جامالىددىين ھەققانىنىڭ بىر تۇققىنى مۇجاھىد خەلىلىدە ئىدى. يىراقنى كۆرىدىغان دۇربۇننىڭ ئەينىكى سۇنۇپ كەتتى، لېكىن ئۇ يارىلانمىدى.

10- ماگا فەتھۇللاھ مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ئوق زەرغىن شاھىنىڭ يانچۇقىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى ئەينەك سۇنۇپ كەتتى، دەپتەر كۆيۈپ كەتتى، بىراق، ئۇ يارىلانمىدى.

11-ماگا فەتھۇللاھ مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ئايروپىلان بومبا تاشلىدى. چېدىر كۆيۈپ كەتتى، بىراق، چېدىر ئىچىدىكى ھېچكىم يارىلانمىدى.

12-ماگا قوماندان ئابدۇراھمان مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: بومبا ئەقلى دىنىنىڭ ئىككى پۇتى ئارىسىدا ۋە ئابدۇراھماننىڭ يېنىدا پارتىلىدى. لېكىن ، ھېچكىم يارىلانمىدى.

13- مۇجاھىدلارنىڭ تانكىسى ئاستىدا مىنا پارتىلىدى، بېشىدىكى سەللىلەر ئۇچۇپ كەتتى لېكىن ، ھېچكىم يارىلانمىدى.

ماگا فەتھۇللاھ مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: فەتھۇللاھ ئىبراھىم بىلەن ھەسەن بارىينى قۇتقۇزۇش ئۇچۇن تانكا ئىچىگە كىردى. مىنا پارتلاپ بېشىدىكى سەللىلەر ئۇچۇپ كەتتى لېكىن ، ھېچكىم يارىلانمىدى.

14- ماگا ئابدۇل كەرىم مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

مەن يېتەكچى قوماندان ئابدۇل ئەلىنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئوقلار كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. لېكىن ، ئۇ يارىلانماپتۇ.

15- ماگا ۋەردەكىنىڭ قوماندانى مەۋلەۋى مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: سەككىز ئايروپىلان ماگا ھۇجۇم قىلدى. مەن ئىككى كەنتنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىيادە كېتىۋاتىمەن، ئۇلار ئوتتۇرسىدىكى مۇساپە ئون كىلومېتىر ئىدى. مەن يارلانمىدىم، مەن ئايروپىلاندىكى كىشىلەرنى كۆرەتتىم. مىنىڭ قورالىم بار ئىدى.

# قۇشلارمۇ مۇجاھىدلار بىلەن بىر سەپتە

ئايرۇپىلانلاردىن بۇرۇن قۇشلارنىڭ كېلىدىغانلىقى ۋە بۇ ئارقىلىق مۇجاھىدلارنىڭ ئايروپىلانلارنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىدىغانلىقى ئەڭ ئىشەنچلىك خەۋەرگە ئايلاندى. ئايروپىلانلارنىڭ سۈرىتى ئاۋازىنىڭ سۈرئىتىنىڭ ئىككى ياكى ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغان بولسىمۇ، بىراق،ئايروپىلانلار كەلگەن ۋاقىتتا قۇشلار ئايروپىلانلارنىڭ ئاستىدا ئۇچۇپ ئۇلاردىن بۇرۇن كېلىدۇ . بۇ ۋاقىتتا مۇجاھىدلار توپلىنىدۇ. ئەگەر قۇشلارمۇ ئۇلارغا قوشۇلسا زىيان-زەخمەتلەر ئاز بولىدۇ ياكى زىيان-زەخمەتلەر كۆرۈلمەيدۇ.

ماڭا بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەن كىشىلەر تۆۋەندىكىچە:

مۇھەممەد كەرىم: مەن 20 قېتىمدىن كۆپراق ناھايىتى كۆپ قۇشلارنىڭ ئايرۇپىلانلاردىن بۇرۇن كەلگەنلىكىنى كۆردۈم-دېدى ...

جالالۇددىين ھەققانىي: ناھايىتى كۆپ قۇشلارنىڭ ئايرۇپىلانلاردىن بۇرۇن كەلگەنلىكىنى كۆردۈم-دېدى ...

ئارسلان: ناھايىتى كۆپ قۇشلارنىڭ ئايرۇپىلانلاردىن بۇرۇن كەلگەنلىكىنى كۆردۈم-دېدى ...

ئۇنىڭدىن باشقا مۇھەممەد شىرىين، مەۋلەۋى ئابدۇل ھەمىد، فەزلى مۇھەممەد، جان مۇھەممەد، خەييار مۇھەممەد، ۋەزىر باد شاھ، سەيد ئەھمەد شاھ، ئەلىجان.. قاتارلىقلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ قۇشلارنىڭ ئايرۇپىلانلاردىن بۇرۇن كەلگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى....

دېمەك، بۇ يەردە شەيخ ئىبنى بازغا ئوخشاش «شەپقەتلىك اللەنىڭ ئافغانىستاندىكى مۆجىزىلىرى»ناملىق كىتابنى ماختىغان كىشىلەرمۇ بولدى. ۋە يەنە بۇ يەردە ئافغان مۇجاھىدلىرىدا يۈز بەرگەن خارىقى ئادەتلەر ۋە كارامەتلەردە ھەددىدىن ئارتۇق مۇبالىغە قىلىش بار دېگەن كىشىلەرمۇ بولدى.

## ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ ئەخلاق پىرىنسىپلىرى

ئەرەبىيە قانىلى ئۆيۈشتۇرغان بىر سۆھبەتتە ھۇزەيفە ئابدۇللاھ ئەززام دادىسىنىڭ ئەخلاق پىرىنسىپلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ جىھاد سەپىرى ئۇ "سىيلەتۇل ھارىسىيە"دىن ئىيوردانىيە زېمىنىغا يۆتكەلگەن چاغدىن باشلانغان، ئۇلار ئىيوردانىيە ۋادىلىرىدا لاگېر ۋە بازىلارنى قۇرغان. سىز پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ تۇتقان يولىغا ئوخشىمايدىغان تەشكىلاتلارغا قاراپ بېقىڭ، ئۇلارنىڭ بىرى ئىيوردانىيە زېمىنىدىن ئىسرائىلىيەگە قارىتىپ ئوق چىقىراتتى-دە، ئىسرائىلىيە كۈچلىرى جاۋاب قايتۇرۇپ، بىگۇناھ قورالسىز پۇقرالاردىن كۆپ قىسىم كىشىلەرنى قىرغىن قىلاتتى. مەرھۇم دادام بولسا ئىيوردانىيە زېمىنىدىن بىر تال ئوق ئېتىشنىمۇ رەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بارلىق ئىشلىرى ئىيوردانىيە ئارمىيەسىنىڭ گۇۋاھلىقى ئاستىدا دەريانىڭ ئارقىسىدا بولغان، ئۇلار پۇقرالارنى ۋە ئىيوردانىيە دەريا ۋادىلىرىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنى ئۇرۇشنىڭ بالايىئاپەتلىرىدىن يىراق قىلىش ئۈچۈن، دەريادىن ئۆتۈپ، ئاندىن جەڭ مەيدانى ئىچىدە پائالىيەتلىرىنى قىلاتتى. چۈنكى پۇقرالارنىڭ بۇ ئۇرۇشنىڭ بەدىلىنى تۆلىگۈدەك ھېچ گۇناھى يوق ئىدى. بۇ بىرىنچى دەيدىغىنىم .

ئىككىنچىدىن: ئۇلار بىگۇناھلارنىڭ قېنىنى تۆكمەيتتى، دادام ئۆزىنىڭ «فلسطين من القلب الى القلب حتى لا تضيع فلسطين والى الابد» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە سۆزلەپ ئېيتىدۇ:

ئىيوردانىيە ئارمىيەسى بىزنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى، ھالبۇكى ئۇلار باشقا قىسىم ياشلىرىنى ھۆرمەتلىمەيتتى، چۈنكى ئۇلار قوش ئۆلچەملىك يەنى لۈكچەك كىشلەر بولۇپ، كىشلەرگە زىيان يەتكۈزەتتى، يېزا ئاھالىلىرىگە زىيان سالاتتى، قولىدا قورال يوق كىشلەرگە ئەزىيەت بېرەتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى بۇلاڭچىلىق قىلاتتى، يەنە بەزىسى كىشلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى ئوغرىلايتتى. ھالبۇكى داداملار جىھاد پائالىيەتلىرىگە كېتىۋېتىپ، ئىيوردانىيە ئارمىيەسى تەكشۈرۈش پونكىتلىرى ئۇلارنى توختىتىپ تەكشۈرگەندە، ئۇلارغا سالام بېرەتتى ۋە: شەيخلەر سىلەرگە كەلسەك، سىلەرنى بېشىمىزغا ئېلىپ ھۆرمەتلەيمىز، چۈنكى بىز سىلەرنىڭ راستچىل، ئىخلاسمەن ئىكەنلىكىڭلارنى ۋە ئىيوردانىيەدىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بولسۇن ياكى بىگۇناھ كىشلەر بولسۇن ھېچكىمگە زىيان يەتكۈزۈش نىيىتىڭلارنىڭ يوقلىقىنى بىلىمىز، دەيتتى .

## ئۇ قاتناشقان مۇھىم ئۇرۇشلار

بىز ئافغانىستان تۇپراقلىرى گۇۋاھلىق بەرگەندەك، پەلەستىن تۇپراقلىرىمۇ گۇۋاھلىق بەرگەن مەشھۇر مۇجاھىدلارنىڭ بىرى ھەققىدە توختىلىۋاتىمىز، ئۇ پەقەت قورال كۆتۈرۈپلا جىھاد قىلمىغان، بەلكى مۇسۇلمانلارغا بۇ كۆمۈلۈپ قالغان پەرزنى ئەسلىتىش ئۈچۈن، تىلى بىلەنمۇ جىھاد قىلىپ دۇنيا ئەللىرىنى ئايلىنىپ چىققان. ئۇ مۇجاھىد بولسىمۇ-شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامدۇر .

شەيخ پەلەستىن زېمىنىدا بەزى ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىملىرىدىن: بىرىنچى، ئەل بۇراق ئىنقىلابى بولۇپ، ئۇنىڭغا شەھىد ئابدۇللاھ ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى بىلەن قاتناشقان ۋە قېرىنداشلىرىدىن ئەبۇ مۇسئەب سۈرىيە يارىلانغان. بۇ ئۇرۇش ئىيوردانىيەنىڭ شىمالى ۋادى رايونىدا يۈز بەرگەن. ئىككىنچىسى: 1970-يىلىدىكى 5-ئىيۇل ئۇرۇشى. بۇ ئۇرۇشقا ئالتە مۇجاھىد قاتناشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەبۇ ئىسمائىل ھەمەۋى، ئىبراھىم بىن بەللە ۋە بىلال پەلەستىنىي قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار ئۇچۇق يەردە ئىككى تانكا ۋە مىنا تازىلىغۇچى پاراخوتنىڭ ئالدىنى توسقان ئىدى. ئىسرائىلىيە مۇداپىئە مىنىستىرى موشى دايان كانادالىق ۋە ئامېرىكىلىق ئىككى ئالاھىدە مۇخبىرنى چېگرا تەرەپتە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارغا پىدائىيلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇشتۇمتۇت ئاللاھنىڭ قوشۇنلىرى گويا يەر ئاستىدىن چىققان مۇسۇلمان جىندەكلا پەيدا بولۇپ، ئوق-بومبىلارنى ياغدۇرىدۇ، ھېلىقى ئىككى مۇخبىر يارىلىنىدۇ. يەھۇدىيلار ساقچى-ئوفىتسېرلاردىن 12 ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان، لېكىن دۈشمەن تەرەپتىن ئۆلگەنلەر بۇنىڭدىن خېلىلا كۆپ ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا ئۈچ قېرىنداش شەھىد بولىدۇ. لېكىن 1970-يىلى سېنتەبىردە يۈز بەرگەن ۋەقە شەيخ شەھىد ئابدۇللاھ ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ پەلەستىن زېمىنىدا جىھادنى داۋاملاشتۇرۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ، چېگرا تاقىلىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا ئۇلار يەھۇدىيلارغا ئاشكارا يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ بالايىئاپەتلىرىنى تېخىمۇ تېتىتىپ قويغان بولاتتى .

ئۇنىڭ جىھادى

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ ئافغانىستاندىكى جىھاد ھەرىكىتىدە چوڭ رولى بار ئىدى. ئۇ ئافغان مۇجاھىدلىرى بىلەن ئەرەب ئەللىرىدىكى ئۇلارنى قوللىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئالاقە چەمبىرى بولغان ئىدى، شۇنداقلا مۇھاجىرلار، ئافغان مۇجاھىدلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى تەلىم-تەربىيە، ساغلاملىق ۋە ئەسكىرى جەھەتلەردىن خەلىمۇ-خىل ياردەم-مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن كۆپ پائالىيەتلەرگە سەپەرۋەرلىك قىلغانىدى. ئۇ يەنە جىھاد خەۋەرلىرىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن، ئايلىق تەشۋىقات مۇنبىرى سۈپىتىدە جىھاد رىسالىسى ژۇرنىلىنى تەسىس قىلغان، ھەمدە يەنە "ئۇرۇش يالقۇنى ئۇقتۇرۇشى"نى تەسىس قىلغان بولۇپ، بۇ ھەپتىلىك ئۇقتۇرۇش بولۇپ، ئافغانىستان ساھەسىدە يۈز بەرگەن يېڭى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى .

شەيخ ئابدۇللاھ ئەززام رۇسقا قارشى نۇرغۇن ئۇرۇشلارغا قاتناشقان بولۇپ، ئۇ ئۇرۇشلار ئىچىدىكى ئەڭ قاتتىق بولغىنى ھ1408/م1987-يىلى مۇبارەك رامىزان ئېيىدا يۈز بەرگەن جاجى ئۇرۇشىدۇر، (بۇ ئۇرۇشتا) نۇرغۇن ئەرەب مۇجاھىدلار ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە بولۇپ، ناھايىتى قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن، بەزىلىرى ئاللاھ يولىدا شەھىد بولۇپ يىقىلغان ئىدى. دوكتور ئابدۇللاھ ئەززام ئافغانىستاندىكى مۇجاھىدلار خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن ئىدى، ئۇ ئافغان جىھادىي قوماندانلىرىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى، شۇنداقلا ئافغانىستاندا جىھاد قىلىش ئۈچۈن خىلىمۇ-خىل ئىسلام-ئەرەب يۇرتلىرىدىن بارغان ياشلارنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشكەنىدى .

## شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ سۆزلىرى

- ئەركەكلەرنىڭ قانچىلىكلىكى سۆز مۇنبەرلىرىدە ئەمەس، بەلكى كۈرەش مەيدانلىرىدا گەۋدىلىنىدۇ .

- جىھاد ھەقىقەتەن يەر يۈزىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە دىنى سىمۋوللارنى قوغداشنىڭ بىردىن بىر كاپالىتى .

- جىھاد ھاياتى ئەڭ شېرىن ھاياتتۇر، جاپالىق تۇرمۇشقا چىداپ بەرداشلىق بېرىش ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك ياشاشتىن گۈزەلدۇر .

- جىھاد ھاياتى روھنى تاۋلايدۇ، قەلبنى سۈزۈلدۈرىدۇ، نۇرغۇن ئۆلچەملەرنى ئۆزگەرتىدۇ .

- ئەي مۇسۇلمانلار! جىھاد سىلەرنىڭ ھاياتىڭلاردۇر، جىھاد سىلەرنىڭ كۈچۈڭلاردۇر، سىلەرنىڭ كېلەچەكتىكى مەۋجۇتلۇقۇڭلار جىھادقا باغلانغان .

- ئۆزىنىڭ جىھادقا چىقمىغانلىقىنى ئاقلاپ يۈرۈش ئويۇن-تاماشا ئوينىغانلىقتۇر .

- ئاللاھنىڭ دىنى جىھادسىز، ئۇرۇشسىز، قان تۆكمەي ۋە تەنلەر پارچىلانمايمۇ غەلىبە قىلالايدۇ دەپ ئويلاپ قالغانلار خاتالاشقۇچىدۇر، بۇ دىنىنىڭ تەبىئىتىنى بىلەلمىگەنلەردۇر

## ئالىملارنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە دېگەن بايانلىرى

ئالىملار شەيخ شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنى مەدھىيەلىگەن بولۇپ، ئۇ توغرىلىق ۋە ئۇنىڭ پەلەستىنلىكى يەھۇدىيلارغا قارشى جىھادى، ئاندىن ئافغانىستاندىكى جىھادى توغرىلىق باياناتلارنى ئېلان قىلغان. خاماس ھەرىكىتى مۇنداق دېگەن: شەيخ ئابدۇللاھنىڭ ئۆزى سۆيگەن، ئازادلىقى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە جىھاد قىلغان، ئىسرا زېمىنى بولغان پەلەستىندە ئەمەس، بەلكى جىھاد زېمىنى بولغان ئافغانىستانغا يېقىن يەردە شەھىد بولغانلىقى يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىننى قامال قىلغانلىقىغا بېرىپ تاقىلىدۇ، ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن پەلەستىننىڭ سىرتىدا تۇرۇۋاتقان مۇجاھىدلار بۇ قامالنىڭ دەردىنى تارتىپ كەلمەكتە. 1968، 1969، 1970-يىللىرى ئىسرا زېمىنى شەيخ ئابدۇللاھنى ئىيوردانىيە ۋادىلىرىدىكى «شەيخلەر بازىلىرى»دا جىھاد قىلغان سادىق مۇجاھىد دەپ تونۇغان ئىدى، شەيخ چىن كۆڭلىدىن پەلەستىندە جىھاد قىلىشقا تەلپۈنگەن ھالدا شەھىد بولغان بولۇپ، ئۇ پەلەستىن ۋە پەلەستىن مۇجاھىدلىرىنى قەلبى، قەلىمى ۋە تىلى بىلەن ئەسلەپ تۇرغان ئىدى.

ئۇستاز ھەيدەر مۇستافا ئېيتىدۇ: ئابدۇللاھ ئەززام گەپ قىلغاندا، ئۇ ماڭا گويا ئېگىز كۆتۈرۈلگەن دولقۇن كەبى كۈچلۈك كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە قورقماس بىر يۈرەك بار. ئۇنىڭ ياشاش مىزانى چىڭ تۇرۇش، مۇستەھكەملىك، تەۋەككۈلچىلىك ساقلاش، ئوتتۇرھال بولۇشتۇر. ئۇ ئۆز نەپسىگە ھاكىم بولۇشقا تىرىشاتتى، دۇنيانىڭ ھۆكۈملىرىگە پەرۋا قىلمايتتى، ھەقىقىي ھۇزۇر راھەت-پاراغەتتە ئەمەس، بەلكى ئىزچىل جىھاد قىلىش ۋە زېمىن يۈزىدە ئاللاھنىڭ دىنىنى جاپا-مۇشەققەت بىلەن بەرپا قىلىشتا دەپ ئىشىنەتتى.

## شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ نەسىھەتلىرى

اللەنىڭ فەقىير بەندىسى ئابدۇللاھ يۈسۈپ ئەززام نەسىھەتلىرى:

ھىجرىيە 1406-يىلى شەئبان ئېيىنىڭ 12-كۈنى ( بۇ مىلادىيە 1986-يىلى 4-ئاينىڭ20-كۈنلىرىگە توغرا كېلىدۇ ) ئەتىگەن ۋە ئاخشاملىرىدا باتۇر قوماندان شەيخ جالالىددىن ھەققانىينىڭ ئۆيىدە بۇ سۆزلەرنى يېزىۋاتىمەن.

**إن الحمد لله, نحمده ونستعينه ونستغفره, ونعوذ بالله من شرور أنفسنا ومن سيئات أعمالنا, من يهده الله فلا مضل له, ومن يضلل, فلا هادي له, وأشهد أن لا إله إلا الله, وحده لا شريك له, وأشهد أن محمدا عبده ورسوله, اللهم لا سهل إلا ما جعلته سهلا وأنت تجعل الحزن إذا شئت سهلا.**

اللە يولىدا جىھاد قىلىش ئىشتىياقى ھاياتىمنى، روھىمنى، قەلبىمنى، ھېس -تۇيغۇلىرىمنى كونترول قىلىۋالدى. ھەقىقەتەن، ئۆزىنىڭ مۇھكەم ئايەتلىرى بىلەن بۇ دىندىكى جىھادنىڭ قىيامەتكىچە بولغان ئاخىرقى ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن سۈرە تەۋبە قەلبىمنى قاتتىق سىقماقتا، روھىمنى پارە-پارە قىلماقتا ئىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ اللە يولىدا جىھاد قىلىش ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلمىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم.

ھەقىقەتەن، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى جىھاد ئايەتلىرىنى مەنسۇخ قىلىدىغان (يەنى، ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان) قىلىچ ئايىتى بولسا اللە يولىدا

ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدىكى ئايەتلەرنى ئويۇن –تاماشا ئورنىدا كۆرۈۋاتقان ياكى مۇھكەم ئايەتلەرنى تەئۋىل قىلىۋاتقان ياكى ئۇ ئايەتلەرنى ھۆكۈمى قەتئىي بولغان ۋە قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغان مەزمۇنىدىن بۇرمىلاشقا جۇرئەت قىلىۋاتقان ھەرقانداق كىشىگە كەسكىن رەددىيە ۋە كەسكىن جاۋابتۇر.

قىلىچ ئايىتى بولسا تۆۋەندىكىچە:

(وَقَاتِلُوا الْمُشْرِكِينَ كَافَّةً كَمَا يُقَاتِلُونَكُمْ كَافَّةً وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ مَعَ الْمُتَّقِينَ)(سورة التوبة: **36**)

(مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، الله تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى الله نىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلىنىش بىلەن الله تىن قورققۇچىلارغا الله نىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىدە بولۇڭلار) )

(فَإِذَا انسَلَخَ الْأَشْهُرُ الْحُرُمُ فَاقْتُلُوا الْمُشْرِكِينَ حَيْثُ وَجَدتُّمُوهُمْ وَخُذُوهُمْ وَاحْصُرُوهُمْ وَاقْعُدُوا لَهُمْ كُلَّ مَرْصَدٍ فَإِن تَابُوا وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ فَخَلُّوا سَبِيلَهُمْ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ )(سورة التوبة: **5**)

((ئۇرۇش قىلىش) ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە، مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھىم قىلغۇچىدۇر)

الله يولىدا جىھادقا چىقىشتىن باش تارتقانلار، دۇنيانىڭ ئەرزىمەس ئويۇن –تاماشىلىرى ئۈچۈن الله يولىدا ئۇرۇشقا چىقماسلىققا رازى بولغانلار، اللەنىڭ دىنىنى ئويۇن –تاماشا ئورنىدا كۆرگەنلەر... بىز قۇرئان ئايەتلىرى ئارقىلىق بۇنداق كىشىلەردىن يۈز ئۆرۈشكە بۇيرۇلدۇق.

(وَذَرِ الَّذِينَ اتَّخَذُوا دِينَهُمْ لَعِبًا وَلَهْوًا وَغَرَّتْهُمُ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا) (سورةالأنعام:**70**)

(دىنىنى ئويۇن - كۈلكە قىلىۋالغان، دۇنيا تىرىكچىلىكىگە ئالدانغانلارنى تەرك ئەت.)

جىھادقا تەييارلىق قىلماستىن قۇرۇق ئارزۇ-ئارمانلار بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش يۈكسەك چوققىغا ئىنتىلمەيدىغان ئىرادىسىز كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر.

**وإذاكانت النفوس كبارا          تعب تمن مرادهاالأجسام**

بۇ شېئىردا ئىنسان نەپسىنىڭ يوغىنىغانسىرى ئىنسان جىسمىنىڭمۇ نەپسىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىغا ئەگىشىپ يوغىنايدىغانلىقىنى بايان قىلىنغان.

شۈبھىسىزكى، مەسجىدى ھەرامغا قوشنا بولۇپ ياشاشنى ۋە ئۇنى ئاۋات قىلىشنى الله يولىدىكى جىھاد بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇشقا بولمايدۇ.

(أَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ الْحَاجِّ وَعِمَارَةَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ كَمَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَجَاهَدَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ لَا يَسْتَوُونَ عِندَ اللَّهِ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ. الَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ أَعْظَمُ دَرَجَةً عِندَ اللَّهِ وَأُولَٰئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ. يُبَشِّرُهُمْ رَبُّهُم بِرَحْمَةٍ مِّنْهُ وَرِضْوَانٍ وَجَنَّاتٍ لَّهُمْ فِيهَا نَعِيمٌ مُّقِيمٌ. خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا إِنَّ اللَّهَ عِندَهُ أَجْرٌ عَظِيمٌ) (سورةالتوبة: **22-19**)

(سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلىشنى الله قا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟ الله نىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. الله زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر. پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېمەتكە ئېرىشىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. شۈبھىسىزكى، الله نىڭ دەرگاھىدا (ئۇلارغا) كاتتا ساۋاب بار )

مانا بۇ ئايەتلەر ساھابىلار **(رضوان الله عليهم )**ئىمان ئېيتقاندىن كېيىنكى ئەڭ پەزىلەتلىك ئەمەللەر توغرىسىدا ئىختىلاپلىشىپ قالغاندا نازىل بولغان ئىدى.

ساھابىلار **(رضوان الله عليهم )** نىڭ بىرى: ئىمان ئېيتقاندىن كېيىنكى ئەڭ پەزىلەتلىك ئەمەل مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلىش-دېدى.

ساھابىلار **(رضوان الله عليهم )**نىڭ يەنە بىرى: ئىمان ئېيتقاندىن كېيىنكى ئەڭ پەزىلەتلىك ئەمەل ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش-دېدى .

ساھابىلار **(رضوان الله عليهم )**نىڭ يەنە بىرى: ئىمان ئېيتقاندىن كېيىنكى ئەڭ پەزىلەتلىك ئەمەل االله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىش -دېدى.

مانا بۇ ئايەتلەر "الله يولىدا جىھاد قىلىش مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلىشتىمۇ چوڭراق بولغان پەزىلەتلىك ئەمەل " دېگەن مەسىلە توغرىسىدىكى تىكىستتۇر. بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى ساھابىلار **(رضوان الله عليهم )** نىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدە خاتالىشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن بولغان. بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبىنى خاسلاشتۇرۇۋېلىشقا ۋە تەئۋىل قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ مەنىسى قەتئىدۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك **(عبد الله بن المبارك رحمه الله )** ئۆزىنىڭ مەشھۇر قەسىدىسىنى پۇدەيل **(فضَيل بن عياض)** غا ئەۋەتتى؛ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ قەسىدىسى تۆۋەندىكىچە:

**يا عابد الحرمين لو أبصرتنا ... لعلمت أنك بالعبادة تلعبُ**

**من كان يخضِبُ جيدَهُ بدموعه .. فنحورنا بدمائنا تتخضَّبُ**

**أوْ كان يُتعِبُ خيلَهُ في باطلٍ .. فخيولنا يومَ الصبيحةِ تتعبُ**

**ريحُ العبير لكم ونحنُ عبيرُنا رهَجُ السنابكِ والغُبارُ الأطيبُ**

**ولقد أتانا من مقالِ نبينا ... قولٌ صحيحٌ صادقٌ لا يكذبُ**

**لا يستوي وغُبار خيل الله في أنف امرئٍ ودُخانُ نارٍ تلهَبُ**

**هذا كتابُ الله ينطق بيننا ... ليس الشهيدُ بميتٍ لا يُكذَبُ**

بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنى:

ئى ئىككى ھەرەمدە ئىبادەت قىلغۇچى! ئەگەر سەن كۆزۈڭنى ئېچىپ ئوبدان قارىساڭ، سەن ھەرەمدە قىلىۋاتقان ئىبادىتىڭ بىلەن ئويۇن تاماشا قىلىۋاتقانلىقىڭنى كۆرىسەن.

كىشىلەر بويۇنلىرىنى ياشلىرى بىلەن بويىغان بولسا، بىز بويۇنلىرىمىزنى قانلىرىمىز بىلەن بوياۋاتىمىز.

كىشىلەر ئاتلىرىنى بىھۇدە كۆڭۈل خوشلۇقى ئۈچۈن چاپتۇرۇپ چارچىتىۋەتكەن بولسا، بىرنىڭ ئاتلىرىمىز پارلاق كەلگۈسىدىكى گۈزەل كۈنلەر ئۈچۈن چېپىپ چارچاۋاتىدۇ.

سىلەر خۇش پۇراقلارنى پۇراۋاتقان بىلەن بىزنىڭ خۇش پۇراق نەرسىلىرىمىز چاڭ-توزان ۋە پاك توپىلاردۇر.

بىزگە پەيغەمبىرىمىزدىن ھەقىقىي راست بولغان بىرى سۆز كەلدىكى، ئىنسانىنىڭ بۇرنىغا كىرگەن الله يولدا چېپىۋاتقان ئاتلارنىڭ چاڭ توزانلىرى بىلەن كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى ھەرگىزمۇ باراۋەر بولمايدۇ.

سىز فەقىھ، مۇھەددىس ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ سۆزىگە قاراپ باقمامسىز؟ يۈز-ئابرۇي دەپسەندە قىلىنىۋاتقان، قانلار تۆكىلىۋاتقان، مال-

مۇلۇكلەر بۇلانغان، اللەنىڭ دىنى زېمىندىن يوقىتىلىۋاتقان ۋاقىتتا، مەسجىدى ھەرەمگە قوشنا بولۇش ۋە ئۇنىڭدا ئىبادەت قىلىشنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك اللەنىڭ دىنى بىلەن ئويۇن-تاماشا قىلىپ، ئىچ-پۇشۇقنى چىقىرىش دەپ ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ.

مەن «مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىنى قوغداش ئەڭ مۇھىم پەرز ئەيىن» ناملىق كىتابتا يازغىنىمدەك، مېنىڭ بۇ مەسىلىدىكى قارىشىم شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ (ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن دىننى ۋە دۇنيانى بۇزىدىغان تاجاۋۇزچى دۈشمەننى چەكلەندۈرۈشتىنمۇ زۆرۈر ئىش يوق.) دېگەن قارشى بىلەن ئوخشاشتۇر.

ھەقىقەتەن، مەن –**(اللە ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچى)**– بۈگۈن اللە يولىدىكى جىھادنى تەرك ئەتكەن كىشى بىلەن ناماز، روزا، زاكاتنى تەرك ئەتكەن كىشى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق دەپ قارايمەن.

ھەقىقەتەن، مەن ھازىر پۈتكۈل زېمىن ئەھلى پۈتكۈل ئالەملەرنىڭ رەببى اللەنىڭ ئالدىدىكى، ئاندىن كېيىن تارىخ ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيەت ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ - دەپ قارايمەن.

ھەقىقەتەن، مەن مەيلى دەۋەت قىلىش بولسۇن ياكى كىتاب تۈزۈش بولسۇن ياكى تەربىيەلەش ئىشى بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ئىش بولسۇن ھېچقانداق ئىش اللە يولىدىكى جىھادنى تەرك ئېتىش مەسئۇلىيىتىنى يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ- دەپ قارايمەن.

ھەقىقەتەن، مەن شۇنداق قارايمەنكى، بۈگۈن زېمىندىكى ھەربىر مۇسۇلماننىڭ گەدىنىدە اللە يولىدا جىھاد قىلىش، ئوق-دورا ۋە قوراللارنى كۆتۈرۈش مەسئۇلىيىتى بار.

ھېچقانداق ئۆزرە-زۆرۈرىيىتى بولماي تۇرۇپ، قولىغا قورال ئالماستىن اللە بىلە ئۇچراشقان ھەرقانداق كىشى اللە يولىدىكى جىھادنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن اللەنىڭ ئالدىغا جىنايەتچى سۈپىتىدە بارىدۇ. ھازىر اللە يولىدا جىھاد قىلىش زېمىندىكى ئۆزىرىسى يوق ھەرقانداق مۇسۇلمانغا پەرز ئەيندۇر.

پەرىز ئەمەلنى تەرك ئەتكەن كىشى اللەنىڭ ئالدىدا جىنايەتچىگە ئايلىنىدۇ. چۈنكى پەرز ئەمەل دېگەن ئۇ ئەمەلنى قىلغان كىشى مۇكاپاتلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىنىدىغان ياكى ئۇنى تەرك ئەتكەن كىشى گۇناھكار بولىدىغان ئەمەلدۇر.

ھەقىقەتەن، مەن –(اللە ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچى)– شۇنداق قارايمەنكى، جىھادنى تەرك ئەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن اللەنىڭ ئالدىدا ئەيىپ قىلىنىدىغان كىشىلەر بولسا كۆزى كۆرمەيدىغان ئەمالار، ماڭالمايدىغان پۇتى توكۇر كىشىلەر، كېسەل كىشىلەر ۋە ئەرلەر، ئاياللار، باللارنىڭ ئىچىدىن ھېچقانداق چارە تەدبىر تاپالمىغان كىشىلەر: يەنى، ئۇرۇش مەيدانىغا بېرىشقا قادىر بولالمايدىغان، ئۇرۇش مەيدانىغا بېرىش يولىنى بىلمەيدىغان كىشىلەردۇر.

مەيلى بۇ ئۇرۇش پەلەستىندە بولسۇن ياكى ئافغانىستاندا بولسۇن ياكى كاپىرلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان ھەمدە ئۇلارنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرى يامراپ كەتكەن زېمىندىكى ھەرقانداق جايدا بولسۇن.. ھازىر كىشىلەر ئۇرۇشنى تەرك ئەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن گۇناھكاردۇر.

ھەقىقەتەن، مەن شۇنداق قارايمەنكى، بۈگۈن اللە يولىدا جىھاد قىلىشتا ھېچقانداق كىشىنىڭ رۇخسەت بېرىشىنىڭ ئورنى يوق. دادا بالىسىغا رۇخسەت بېرىشىنىڭ ئورنى يوق. ئەر ئايالىغا رۇخسەت بېرىشىنىڭ ئورنى يوق. قەرز بەرگۈچى قەرزدار كىشىگە رۇخسەت بېرىشىنىڭ ئورنى يوق. ئۇستاز شاگىرتىغا رۇخسەت بېرىشىنىڭ ئورنى يوق. ئەمىر قول ئاستىدىكىلەرگە رۇخسەت بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق. مانا بۇ تارىختىن بۇيانقى پۈتكۈل ئۆلىمالارنىڭ

ئىجماسى بولۇپ بۇنداق ھالەتتە بالىسى دادىسىدىن، ئايالى ئېرىدىن رۇخسەت سورىماستىن ئۇرۇشقا چىقىدۇ. قانداق كىشى بۇ مەسىلىدە چەكتىن ئاشۇرۇۋەتسە ھەددىدىن ئاشقان، زۇلۇم قىلغان، اللەنىڭ ھىدايىتىگە ئەمەس ھاۋايى ھەۋەسگە ئەگەشكەن بولىدۇ. بۇ ناھايىتى ئېنىق ئىش بولۇپ ئۇنىڭدا ھېچقانداق شەك-شۈبھە يوقتۇر. ئۇنى بۇرمىلاشقا، تەئۋىل قىلىشقا بولمايدۇ.

ھەقىقەتەن، مەن شۇنداق قارايمەنكى، بۈگۈن مۇسۇلمانلار ئافغانىستاندىكى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان بارلىق يۈز-ئابرۇي ، ئېقىۋاتقان بارلىق قانلار ھەققىدە سوراققا تارتىلىدۇ. مۇسۇلمانلار مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئافغانىستاندىكى ئېقىۋاتقان بارلىق قانلاردا كاپىرلار بىلەن شېرىكتۇر. چۈنكى، مۇسۇلمانلار ئافغانىستاندىكى مۇسۇلمانلارغا ئۆزىنى قوغدايدىغان قورال، ئۆزلىرىنى داۋالايدىغان دوختۇر، يېمەك -ئىچمەك سېتىۋالىدىغان مال-مۈلۈك، خەندەك كولايدىغان سايمانلارنى بېرىشكە قادىر ئىدى.

ئەڭ چوڭ شەرھى دۇسۇقىنىڭ شەرھىسىدە **(2/111ـ112)**مۇنداق كەلدى:

« قانداق كىشىدە ئېھتىياجىدىن ئارتۇق يېمەك -ئىچمەك بولۇپ يەيدىغىنى يوق ئاچ قالغان كىشىنى كۆرسە ھەمدە ئۇنىڭغا تاماق بەرمەي ئۇنى تاشلاپ قويسا ۋە ئۇ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتسە، ئاشۇ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق يېمەك -ئىچمىكى بولغان كىشى ئۇنىڭغا تاماق بەرگەن بولسا ئۇ ئۆلۈپ كەتمەيتتى دەپ تەئۋىل قىلىنىپ، ئاشۇ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق يېمەك - ئىچمىكى بولغان كىشى ئاچلىقتىن ئۆلگەن كىشىنىڭ تۇغقانلىرىغا دىيىتىنى بېرىدۇ. ئەگەر بۇ كىشى قەستەن تاماق بەرمىگەن بولسا بۇ ھەقتە ھەرقايسى مەزھەپلەردە ئىككى خىل رىۋايەت بار:

ئۇنىڭ بىرى ئاشۇ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق يېمەك -ئىچمىكى بولغان كىشى ئۆزىنىڭ خاس مۈلكىدىن ئۇنىڭ دىيىتىنى بىرىدۇ.

ئىككىنجىسى ئاشۇ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق يېمەك - ئىچمىكى بولغان كىشىدىن ئۆلگۈچىنىڭ قىساسى ئېلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ قاتىل»

شەھۋەتلىرىنى، ھاۋايى-ھەۋەسلىرىنى، زۆرۈر بولمىغان ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن مال-مۈلۈكلىرىنى بىھۇدە سەرپ قىلىۋاتقان بايلارنى قانداق ھېساب ، قانداق ئازاب كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندۇ-ھە؟!

## شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامىنىڭ بارلىق مۇسۇلمانلارغا قىلغان نەسىھەتلىرى

ئى مۇسۇلمانلار!!!

سىلەرنىڭ ھاياتىڭلار جىھاد قىلىشتۇر، سىلەرنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىڭلار جىھاد قىلىشتۇر، سىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشۇڭلار ياكى مەۋجۇدىيىتىڭلارنى يوقۇتۇپ قويۇشۇڭلار يەنىلا جىھاد قىلىشقا مۇناسىۋەتلىكتۇر...

## شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامىنىڭ ئىسلام دەۋەتچىلىرىگە قىلغان نەسىھەتلىرى

ئى دەۋەتچىلەر!

ئەگەر سىلەر قۇراللىرىڭلارنى قولۇڭلارغا ئالمىساڭلار ۋە تاغۇتلار، كاپىرلار، زالىملارنىڭ قول ئاستىدا ماكانلىشىپ قالساڭلار سىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا ھېچقانداق قىممىتىڭلار بولمايدۇ. اللەنىڭ دىنى جىھاد قىلماستىن، ئۇرۇش قىلماستىن، قان تۆكمەستىن.. نۇسرەت قازىنىدۇ دەپ گۇمان قىلىدىغان كىشىلەر، بۇ دىنىنىڭ خاراكتېرىنى بىلمەيدىغان قۇرۇق خام-خىيال قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

ھەرگىزمۇ ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپ دەۋەتچىلەرنىڭ ھەيۋىتى، دەۋەتنىڭ شانۇ-شەۋكىتى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى بولمايدۇ.

حدثنا عبد الرحمن بن إبراهيم الدمشقي حدثنا بشر بن بكر حدثنا ابن جابر حدثني أبو عبد السلام عن ثوبان قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم " يُوشكُ أن تَدَاعى عليكم الأُمم كما تَدَاعى الأَكَلَةُ عَلَى قَصْعَتِها " . قالوا : أمن قِلّة نحن يومئذ يا رسولَ الله ؟ قال : " بل أنتم يومئذ كثير ، ولكنكم غُثاءٌ كغُثاء السَيل ، ولَيَنْزَعَنّ الله المَهابَةَ من صُدور أعدائكم ، ولَيَقْذفن في قلوبكم الوَهْن " . قالوا : وما الوَهْن يا رسول الله ؟ قال : " حُبُّ الدنيا وكراهية الموت " [2](أخرجه أحمد وأبو داود)

[2](أخرجه أحمد وأبو داود)

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )** : «سىلەرگە قارشى بارلىق ئۇممەتلەر(يەنى پۇتكۇل كاپىرلار ۋە ئازغۇن مىللەتلەر) خۇددى تاماق يىگۇچىلەرنىڭ ھەممىسى بىر لوقما تائامغا يوپۇرۇلۇپ كەلگەندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ ( يەنى : پۇتكۇل كاپىرلار ۋە ئازغۇن مىللەتلەر سىلەرگە ئۇرۇش قىلىش ۋە شانۇ-شەۋكىتىڭلارنى سۇندۇرۇش ھەمدە سىلەر ئىگە بولغان يۇرت-ماكان ۋە مال-مۇلۇكلەرنى بۇلاش ئۇچۇن بىر-بىرىنى چاقىرىشىپ سىلەرنى باستۇرۇپ كېلىدۇ ) » دېدى.

ساھابىلەر: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ كۇندە بىزنىڭ سانىمىز ئاز بولغانلىقى ئۇچۇن ئۇلار بىزگە يوپۇرۇلۇپ كېلەمدۇ؟ دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« بۇ كۇندە سىلەرنىڭ سانىڭلار بەك كۆپ، لېكىن سىلەر سەلنىڭ كۆپۈكىگە ئوخشاپ قالىسىلەر( يەنى سىلەرنىڭ شىجائىتىڭلار يوق، ئۇلارغا قارشى تۇرغىدەك قۇدرىتىڭلار يوق)، الله دۇشمەنلىرىڭلارنىڭ قەلبىدىن سىلەردىن قورقۇش ئەندىشىسىنى ئېلىپ تاشلايدۇ، قەلبىڭلارغا ۋەھنىنى تاشلايدۇ » دېدى.

-ساھابىلەر: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ۋەھنى دېگەن نېمە ؟ دېيىشتى.

-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ۋەھنى دېگەن ھاياتى دۇنيانى ياخشى كۆرۇش، ئۆلۇمدىن قورقۇش » دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ۋەھنى دېگەن ھاياتى دۇنيانى ياخشى كۆرۇش، ئۆلۇمدىن قورقۇش »دېدى . يەنە بىر رىۋايەتتە «ئۇرۇش قىلىشنى يامان كۆرۇش» دېدى.

(فَقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ لَا تُكَلَّفُ إِلَّا نَفْسَكَ وَحَرِّضِ الْمُؤْمِنِينَ عَسَى اللَّهُ أَن يَكُفَّ بَأْسَ الَّذِينَ كَفَرُوا وَاللَّهُ أَشَدُّ بَأْسًا وَأَشَدُّ تَنكِيلًا).(سورةالنساء: 84)

((ئى مۇھەممەد!) الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن (يەنى ئۆزۈڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن، ساڭا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان. مۇناپىقلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمە.) سەن پەقەت ئۆزۈڭگىلا جاۋابكارسەن، مۇئمىنلەرنى (جىھادقا) قىزىقتۇرغىن، اللهنىڭ كاپىرلارنىڭ كۈچىنى توسىدىغانلىقىمۇ ھەقىقەتتۇر، الله نىڭ كۈچى ئەڭ زوردۇر. الله نىڭ جازاسى ئەڭ قاتتىقتۇر )

ئۇرۇش قىلمىغاندا شېرىك ئومۇملىشىدۇ ھەمدە شېرىك يېتەكچىلىك ئورنىنى ئىگىلەيدۇ :

(وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّىٰ لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ لِلَّهِ فَإِنِ انتَهَوْا فَإِنَّ اللَّهَ بِمَا يَعْمَلُونَ بَصِيرٌ)

(سورةالأنفال :**39**)

(پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) يانسا، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرىدۇ )

بۇ ئايەتتىكى (پىتنە ) بولسا شىرىكتۇر.

جىھاد بولسا زېمىننى ئىسلاھ قىلىدىغان بىردىن-بىر يولدۇر.

(وَلَوْلَا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُم بِبَعْضٍ لَّفَسَدَتِ الْأَرْضُ وَلَٰكِنَّ اللَّهَ ذُو فَضْلٍ عَلَى الْعَالَمِينَ ) (سورةالبقرة:**251**)

(اﷲ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابلىققا يۈزلىنەتتى)، لېكىن اﷲ (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر )

جىھاد بولسا ئىبادەت شوئارلىرى ۋە ئىبادەتخانىلارنى قوغدايدىغان بىردىن-بىر يولدۇر.

(الَّذِينَ أُخْرِجُوا مِن دِيَارِهِم بِغَيْرِ حَقٍّ إِلَّا أَن يَقُولُوا رَبُّنَا اللَّهُ وَلَوْلَا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُم بِبَعْضٍ لَّهُدِّمَتْ صَوَامِعُ وَبِيَعٌ وَصَلَوَاتٌ وَمَسَاجِدُ يُذْكَرُ فِيهَا اسْمُ اللَّهِ كَثِيرًا وَلَيَنصُرَنَّ اللَّهُ مَن يَنصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ ) (سورةالحج: **40**)

((ئۇلار) پەقەت پەرۋەردىگارىمىز اﷲ دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلدى، ئەگەر اﷲ ئىنسانلارنى بىر - بىرىگە قارشىلىق

كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە الله نىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى، كىمكى الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە الله ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، الله ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر )

ئى ئىسلام دەۋەتچىلىرى!

سىلەر ئۆزۈڭلارغا ھاياتلىق بېرىدىغان ئۆلۈمگە قىزىقىڭلار! سىلەرنى ئارزۇ-ئارمانلار ئالداپ قويمىسۇن. شەيتاننىڭ سىلەرنى اللهنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئالداپ قويۇشىغا يول قويماڭلار! سىلەر ئوقۇۋاتقان كىتاپلىرىڭلار ۋە نەپلە نامازلىرىڭلار بىلەن ئۆزۈڭلارنى ئالداشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار! ئەرزىمەس ئىشلارنى دەپ ئۆلۈغ ئىشلاردىن مەھرۇم قالماڭلار!

(وَإِذْ يَعِدُكُمُ اللَّهُ إِحْدَى الطَّائِفَتَيْنِ أَنَّهَا لَكُمْ وَتَوَدُّونَ أَنَّ غَيْرَ ذَاتِ الشَّوْكَةِ تَكُونُ لَكُمْ وَيُرِيدُ اللَّهُ أَن يُحِقَّ الْحَقَّ بِكَلِمَاتِهِ وَيَقْطَعَ دَابِرَ الْكَافِرِينَ )(سورةالأنفال:**7**)

(ئۆز ۋاقتىدا الله ئىككى گۇرۇھ (بىرى مۇشرىكلار كارۋىنى، يەنى بىرى مۇشرىكلار قوشۇنى) دىن بىرىنىڭ قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ۋەدە قىلدى، سىلەر قورالسىز گۇرۇھنىڭ (يەنى كارۋاننىڭ) قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ياقتۇردۇڭلار. الله ئۆز سۆزلىرى ئارقىلىق ھەقنى ھەق قىلىشنى (يەنى ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىشنى)، كاپىرلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشنى خالايدۇ )

سىلەر جىھادقا چىقىش توغرىسىدا ھەرقانداق كىشىگە ئىتائەت قىلماڭلار: يەنى قوماندانىدىن جىھادقا چىقىشتا رۇخسەت سوراشنىڭ ئورنى يوق. جىھاد قىلىش دەۋىتىڭلارنىڭ ئاساسى، دىنىڭلارنىڭ قورغىنى، شەرىئىتىڭلارنى قوغدايدىغان قالقىنىدۇر.

ئى ئىسلام ئۆلىمالىرى!

سىلەر بۇ ئەۋلادلارنى رەببى تەرەپكە يېتەكلەشكە ئالدىراڭلار! دۇنياغا بېرىلمەڭلار! تاغۇتلارنىڭ داستىخانلىرىغا داخىل بولماڭلار! چۈنكى، ئۇ قەلبلەرنى قاراڭغۇ قىلىپ، يۈرەكلەرنى ئۆلتۈرىدۇ، سىلەرنى بۇ ئەۋلادلارغا يېتەكچىلىك قىلىشتىن توسىدۇ، سىلەر بىلەن قەلبىڭلار ئارىسىدا توسالغۇ بولۇۋالىدۇ.

ئى مۇسۇلمانلار!

سىلەر ئۈزۈن ئۇخلاپ كەتتىڭلار، زېمىنىڭلاردا ئاجىز تاغۇتلار نوچىلىق قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. شائىرنىڭ بۇ شېئىرى نېمىدېگەن گۈزەل-ھە!

طال المنام على الهوان فأين زمجرة الأسود

واستنسر تعصب البغاث و نحنفي ذل العبيد

قيد العبيد من الخنوع وليسمن زرد الحديد

فمتى نثور على القيود متى نثورعلى القيود

ئى مۇسۇلمانلار! ئۇزۇن ئۇخلاپ كەتتىڭلار! زالىملار زېمىنىڭلاردا نوچىلىق قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. شائىرنىڭ بۇ بېيىتلىرى نېمىدېگەن گۈزەل ھە!

ئۇخلىدۇق زامانلار خارلىقتا يېتىپ ، شىرمەتلەر ساداسى كەتتىكىن نەگە .

دۈشمەنلەر توپلىرى ئېتىلار ھەيۋەت، ۋەلېكىن مانا بىز كىرگەنمىز يەرگە .

قۇللارنىڭ قۇللۇقى ئەگكەن بېشىدىن ،ئەمەستۇر ئۇ ھەرگىز زەنجىر كىشەندىن .

قاچان چاقارمىز خارلىقنىڭ تاقاقلىرىنى ،قاچان تۇرارمىز چۆرۈپ پىشكەللىرىنى .

شېئىرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:

ئەي ئىنسان! خارلىق ئۇيقۇسىدا بەك ئۇزۇن ئۇخلاپ كەتتىڭ، سىنىڭ شىردەك ھۆكۈرەپ دەۋر سۈرگىنىڭ قەيەرگە كەتتى؟! ئاجىز چۈپرەندىلەر زېمىنىمىزدا نوچىلىق قىلىدىغان بولۇپ كەتتى، بىراق، بىز بەندىلەرنىڭ خارلىشى، زۇلمى ئىچىدە ياشاۋاتىمىز، بىز قاچانمۇ تۆمۈر كىشەنلەرگە قارشى قوزغىلىمىز، بىز زادى قاچانمۇ تۆمۈر كىشەنلەرگە قارشى قوزغىلىمىز؟!..

ئابدۇللاھ ئەززامىنىڭ مۇسۇلمان ئايالىلارغا قىلغان نەسىھەتلىرى

ئى ئاياللار گۇرۇھى !

سىلەر ھەشەمەتلىك، راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇشتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى، ھەشەمەتلىك، راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇش جىھادنىڭ دۈشمىنىدۇر. باياشاتلىق ئىنسانىيەت روھىنى يۈگىۋالىدۇ. سىلەر زوررۇر بولمىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىڭلار! سىلەرگە بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈر ئېھتىياجلىق نەرسىلەر بىلەن قانائەت قىلىڭلار! باللىرىڭلارنى اللەدىن قورقىدىغان، غەيرەتلىك، باتۇر، جىھادى روھ بىلەن تەربىيەلەڭلار! ئائىلەڭلار شىر-يولۋاسلارنىڭ ماكانى بولسۇن! ئائىلەڭلار ھەرگىزمۇ ئۆزىنى تاغۇتلارنىڭ بوغىزلىشى ئۈچۈن سەمرىتىدىغان توخۇنىڭ ئۇۋىسى بولۇپ قالمىسۇن. سىلەر ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا جىھاد قىلىشنى، ئات مىنىش مەيدانلىرىنى، جەڭ مەيدانلىرىنى ياخشى كۆرىدىغان خىسلەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈڭلار. سىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ قىيىنچىلىق ھالەتتىكى تۇرمۇشىدا ياشاڭلار. ئەڭ ئاددىيسى ھەپتىدە بىر كۈن بولسىمۇ مۇھاجىرلار ۋە مۇجاھىدلارنىڭ ھاياتىغا ئوخشاش ھاياتتا قۇرۇق نان ۋە بىرقانچە يۇتۇم چاي بىلەن ياشاشقا تىرىشىڭلار.

## ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ بالىلارغا قىلغان نەسىھەتلىرى

ئى باللار!

سىلەر بومبىلارنىڭ ئاۋازلىرى، زەمبىرەكلەرنىڭ ئاۋازلىرى، ئايروپىلان ماتورىنىڭ ئاۋازلىرى، تانكىلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ تەربىيەلىنىڭلار. باياشات تۇرمۇشتا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ نەغمە ناۋالىرى ۋە مۇزىكا-كۈيلىرى ۋە قورساقلىرى ئېسىلىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ تاۋار-دۇردۇنلىرىدىن ھەزەر قىلىڭلار!

# ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ سەبىرچان ئايالىغا قىلغان نەسىھەتلىرى

ئى سەبىرچان ئايالىم!

ئى مۇھەممەدنىڭ ئانىسى! الله مەن ۋە مۇسۇلمانلار ئارقىلىق ساڭا ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن. سەن مەن بىلەن مۇشكۈل يوللاردا ئۇزۇن سەبىر قىلدىڭ، ھايات قەدەملىرىنىڭ تاتلىق ۋە ئاچچىق كۈلپەتلىرىنى تېتىدىڭ. مەن بۇ مۇبارەك يولغا ماڭغاندا ۋە جىھاد مەيدانلىرىدا ھەرىكەت قىلغاندا، سەن مېنىڭ ئەڭ ياخشى ياردەمچىم ئىدىڭ...

ھەقىقەتەن، 1969-يىلى مەن سىنىڭ زىممەڭگە ئۆينى تاشلاپ قويدۇم. بۇ كۈنلەردە بىزنىڭ يېنىمىزدا ئۈچ بالىمىز بار ئىدى. سەن ئاشخانىسى ۋە ئۆي-جاھازىلىرى يوق بىر ياتاقتا ياشىدىڭ. مەن ساڭا ئۆينى تاشلاپ قويدۇم، بۇ كۈنلەردە ئائىلە يۈكى ئېغىرلاشقان، ئائىلە ئەزالىرى كۆپەيگەن، باللار چوڭ بولۇپ قالغان، تونۇشلىرىمىز كۆپىيىپ قالغان، مېھمانلىرىمىز كۆپەيگەن ئىدى. سەن الله رىزالىقى ئۈچۈن بۇ يۈكنى كۆتۈردۈڭ. الله ساڭا مەن ئارقىلىق ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن. ئەگەر الله ۋە سىنىڭ بىزنىڭ ئۆيدىن ئۇزۇن مۇددەت يوقاپ كېتىشىمىزگە سەبىر قىلىشىڭ بولمىغان بولسا، مەن بۇ ئېغىر يۈكنى ئۆزۈم يالغۇز كۆتۈرۈشكە قادىر بولالمايتتىم.

ھەقىقەتەن، مەن سىنىڭ ھاياتتا زاھىد ئىكەنلىكىڭنى، ھاياتىڭدا دۇنيا زىبۇ-زىننەتلىرىنىڭ ھېچقانداق ۋەزنى يوقلىقىنى بىلەتتىم. سەن ئېغىر كۈنلەردىمۇ تۇرمۇشتىن داتلانمىدىڭ. ئازغىنە تۇرمۇش لازىمەتلىكمىزدىن باشقا ھېچقانداق مال-مۈلۈكىمىز بولمىغان ۋاقىتتىمۇ قىلچە ھەددىدىن ئاشمىدىڭ، تۇزكورلۇقمۇ قىلمىدىڭ. قەلبىڭدە ھاياتى-دۇنيا يوق ئىدى. ھەقىقەتەن، جىھاد ھاياتى ئەڭ لەززەتلىك ھاياتتۇر، ئۇنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا بەرداشلىق بېرىش ئەڭ شەرەپلىك ۋە گۈزەل ئىشتۇر. دۇنيادا زاھىد بولغىن،

ئۇنداق قىلساڭ الله سىنى ياخشى كۆرىدۇ. كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى تاما قىلما، ئۇنداق قىلسا كىشىلەر سىنى ياخشى كۆرىدۇ.

قۇرئان بولسا ئۆمۈرنىڭ ھۇزۇرى، ھاياتنىڭ دوستى. نەپلە ناماز ئوقۇش ۋە نەپلە روزا تۇتۇش ۋە سەھەرلىرى ئىستىغپار ئېيتىش قەلبنى پاكلايدۇ. ئىبادەتنىڭ ھۇزۇر -ھالاۋىتى بار. ياخشى كىشىلەر بىلەن سۆھبەتتە بولۇش دۇنياغا بېرىلمەسلىك، دۇنيانىڭ زىبۇ-زىننەتلىرى ۋە دۇنياغا بېرىلگەن كىشىلەردىن يىراق تۇرۇش قەلبلەرنىڭ راھىتىدۇر. اللەدىن بىزنى دۇنيادا جەم قىلغاندەك، پىردەۋس جەننىتىدە بىزنى بىرگە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ بالىلىرىغا قىلغان نەسىھەتلىرى

ئى بالىلىرىم!

سىلەر مەن بىلەن ئانچە ئۇزۇن بىرگە بولالمىدىڭلار، مېنىڭ تەربىيەمنى ئانچە كۆپ قوبۇل قىلالمىدىڭلار.

شۇنداق، ھەقىقەتەنمۇ مەن سىلەرنى تاشلاپ قويدۇم. بىراق مەن قانداق قىلىمەن؟ مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسىبەتلىرى سۈت ئېمىۋاتقان كىچىك بالىلارنىمۇ گاڭگىرىتىپ قويىۋاتىدۇ. ئىسلام ئۈممىتىنى ئازابلاۋاتقان مۇسىبەتلەر كىچىك بالىلارنىڭ چاچلىرىنىمۇ ئاقارتىۋاتىدۇ. الله بىلەن قەسەمكى، توخۇ چۈجىلىرى بىلەن كاتەكتە ياشىغاندەك، مەن سىلەر بىلەن قەپەس ئىچىدە ياشاشقا تاقەت قىلالمايمەن. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرىنى كۆيدۈرۈپ پارە-پارە قىلىۋاتقان ئوت ئىچىدە ياشاشقا قادىر بولالمايمەن.

مەن سىلەرنىڭ قېشىڭلاردا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇشقا رازى بولمايمەن، چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋاللىرى قەلبى بار ياكى قەلبىنىڭ

قالدۇقى بار ھەرقانداق كىشىنىڭ قەلبىنى ئازابلاپ پارە-پارە قىلىدۇ. مېنىڭ سىلەرنىڭ قىشىڭلاردا نازۇ-نېئمەتلەر ئىچىدە ياششىم ئادەمگەرچىلىك ئەمەس. اللە بىلەن قەسەمكى، مەن ھاياتىمدا باياشاتلىقنى ئۆچ كۆرۈپ كەلدىم، مەيلى ئۇ باياشاتلىق كىيىمدە بولسۇن ياكى تاماقتا بولسۇن ياكى تۇرالغۇدا بولسۇن.. مەن سىلەرنى قادىر بولسامال دۇنيانى دوست تۇتمايدىغان زاھىد كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە يەتكۈزۈشكە ۋە سىلەرنى باياشاتلىققا غەرق بولۇپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ سېسىق كۆلچىكىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشىمەن.

مەن سىلەرنىڭ سەلەپ-سالىھلار ئەقىدىسىنى، يەنى ئەھلى سۈننەت ۋەلجامەئە ئەقىدىسىنى تۇتۇپ مېڭىشىڭلارنى ۋەسىيەت قىلىمەن ھەمدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشىڭلارنى، قۇرئاننى يادلىشىڭلارنى، ناماز ئوقۇشۇڭلارنى، روزا تۇتۇشۇڭلارنى، ياخشى كىشىلەر بىلەن بىرگە بولۇشۇڭلارنى، ئىسلامى ھەرىكەت بىلەن ماس قەدەمدە ھەرىكەت قىلىشىڭلارنى ۋەسىيەت قىلىمەن. لېكىن ، شۇنى بىلىپ قىلىڭلاركى، ئىسلامى ھەرىكەتنىڭ ئەمىر-قوماندانلىرى سىلەرنى جىھاد قىلىشتىن توسسا ياكى جەڭ مەيدانلىرىدىن يىراق ھالەتتە دەۋەت قىلىشنى سىلەرگە چىرايلىق كۆرسەتسە سىلەر اللە يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن ھېچقانداق كىشىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماڭلار! سىلەر ئوق ئېتىڭلار، ئات مىنىڭلار. سىلەرنىڭ ئوق ئېتىشىڭلار ماڭا ئات مىنىشىڭلاردىن سۆيۈملۈكتۇر.

ئى باللىرىم! مەن سىلەرنى ئاناڭلارغا ئىتائەت قىلىشقا، سىڭىللىرىڭلارنى (يەنى ئۇممۇ ھەسەن ۋە ئۇممۇ يەھيا.. لارنى ) ھۆرمەتلەشىڭلارنى ۋەسىيەت قىلىمەن. مەن سىلەرنىڭ مەنپەئەتلىك شەرىئەت ئىلمىنى ئۈگۈنىشىڭلارنى، چوڭ قېرىندىشىڭلار مۇھەممەدكە ئىتائەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئۇنى ھۆرمەتلىشىڭلارنى، ئاراڭلاردا مېھرى -مۇھەببەت پەيدا بولۇشىنى ۋەسىيەت قىلىمەن. سىلەر بوۋاڭلار ۋە موماڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار. ئۇلارنى ھۆرمەتلەڭلار. تاغا ئاچاڭلار ( ئۇممۇ فايىز ۋە ئۇممۇ مۇھەممەدكە) ياخشىلىق

قىلىڭلار. ئۇرۇق-تۇققانلىرىمىزغا، ئەھلىمىزگە سىلەر رەھىم قىلىڭلار. بىز بىلەن بىرگە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىڭلار.

## ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ جىھادى ھەرىكەتلەرگە قوماندانلىق قىلىش ئورگىنىدىكى مۇجاھىدلارغا قىلغان نەسىھەتلىرى

ئى جىھادى ھەرىكەتلەرگە قوماندانلىق قىلىش ئورگىنىدىكى مۇجاھىدلار!

سىلەر ئەھلى سادىقلارنى ۋە بارلىق مۇجاھىدلارنى مۇھاپىزەت قىلىڭلار. جىھاد مەيدانىدا قەدىمدىن تارتىپ بار بولغان قېرىنداشلارنىڭ ئىززىتىنى ساقلاڭلار. بولۇپمۇ، ئوسامە، ئەبۇ ھەسەن مەدەنىي، نۇرىددىن، ئەبۇ ھەسەن مەقدەسى، ئەبۇ سەيياف ئەبۇ بۇرھان.. قاتارلىق قېرىنداشلارنىڭ ئىززەت – ھۆرمىتىنى قىلىڭلار. ئەبۇ مازىنغا كەلسەك، مەن ئۇنى ئاسماننىڭ سۈيدىنمۇ پاك، باتۇر، غەيرەتلىك، جىھادنىڭ تۈۋرۈكى دەپ قارايمەن. الله ئۇنى جىھادقا ھەدىيە قىلدى. ئۇ جىھادقا خىزمەت قىلدى. ئۇ جىھادى ھەرىكەتلەرنىڭ تۈۋرۈكلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. سىلەر ئۇلارنىڭ ئىنسانچىلىقتىكى بەزىبىر كىچىك خاتالىقلىرىغا سۈكۈت قىلىڭلار. ئۇلارنىڭ ئورنىنى ساقلاڭلار. سىلەر ئەبۇ ھەسەن مەدەنىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ۋە جىھاد خىزمىتىدىكى رولىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. سىلەر ئەبۇ ھاجىرنىڭ نەسىھەتىنى قوبۇل قىلىڭلار. ئۇ سىلەر بىلەن دائىم بىللە بولسۇن.

سىلەر بۇ جىھاد ئورگىنىغا ئۆزىنىڭ خۇسۇسى مال-مۈلكى بىلەن كېپىللىك قىلغان قېرىندىشىمىز ئەبۇ ئابدۇللاھ ئوسامە ئىبۇ لادىنغا كۆپ دۇئا قىلىڭلار. مەن اللەنىڭ ئۇنىڭ مىلى، ئەھلى-باللىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن. بىز اللەدىن ئۇنىڭ مىلى، باللىرىنى كۆپەيتىپ بېرىشىنى ئۈمىد

قىلىمىز. اللە بىلەن قەسەمكى، مەن ئىسلام دۇنياسىدا ئوسامە ئىبنۇ لادىنغا ئوخشاش بىر كىشىنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. بىز اللەنىڭ ئۇنىڭ دىنى، مىللىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى، ھاياتىغا بەرىكەت بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز...

سىلەر ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ بۇ ئورگاننىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ خۇسۇسى مىلى بىلەن كېپىللىك قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. ئۇنىڭغا كۆپ دۇئا قىلىڭلار. ئۇ بۇ ئورگاننىڭ تۈۋرۈكى ئىدى.

## ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ جىھاد مەيدانىدىكى ھەرقايسى جامائەتلەرگە قىلغان نەسىھەتلىرى

ئى جىھاد مەيداندىكى ھەرقايسى جامائەتلەر!

سىلەر سەيياف، ھېكمەتيار، رەببانىي، خالىس.. قاتارلىقلارغا بەكراق كۆڭۈل بۆلۈڭلار. بىز ئۇلارنىڭ جىھاد يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىشىنى ھەمدە جىھاد يولىدىن ئېغىپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمىز. سىلەر قوماندانلارنى، بولۇپمۇ جالالىددىن، ئەھمەد شاھ مەسئۇد، ئىنژېنېر بەشىر، سەفىيۇللاھ ئەفزەلى، مەۋلەۋى ئارسلان، فەرىد، مۇھەممەد ئەلەم، شىر ئەلەم، سەييىد مۇھەممەد ھەنىف لوجىر.. قاتارلىق قوماندانلارنى ئۇنتۇپ قالماڭلار...

بۇ ۋەسىيەت شەيخ ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ قەلبىدىن جىھادنىڭ قانچىلىك ئورۇن ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي! ئۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا شېھىت ھالدا كەتكەنگە قەدەر، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، مۇجاھىد ۋە سەۋرچان بولۇپ ياشىدى.

ئاللاھ شەيخ شەھىد ئابدۇللاھ ئەززامغا رەھمەت قىلسۇن! ئۇ دەۋەت قىلىپ، راستچىل بولدى، جىھاد قىلىپ، شەھىد بولدى. ئى ئاللاھ! ئۇنى پەيغەمبەرلەر، راستچىللار، شەھىدلار ۋە سالىھلار بىلەن بىرگە توپلىغىن. ئەنە شۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھ! ئامىن.

**وسبحانك اللهم وبحمدك أشهد أن لاإله إلا أنت أستغفرك و أتوب إليك.**

ھىجرىيە 1406-يىلى شەئبان ئېيىنىڭ 13-كۈنى.

مىلادى 1986-يىلى 4-ئاينىڭ 22-كۈنى

شەھىد ئابدۇللاھ ئىبنى يۈسۈپ ئەززام

# ھەدىيە

ھەقنى بىلدىغان ۋە ھەققە ئەگىشىشكە ئىنتىلىدىغان ئىخلاسمەن كىشىلەرنى دوست تۇتىدىغان كىشىلەرگە..

ھەق روشەن ئاشكارە بولۇشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ يولىدا نۇر روشەن بولۇشتىن بۇرۇن، ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ھىس-تۇيغۇلىرى ۋە قەلبلىرى بىلەن ھەقىقەت يولىدا راسچىللىق بىلەن ماڭغان كىشىلەرگە..

بىزگە ئاللاھنىڭ يولىنى تونۇتقان، بىزنى جاھىلىيەت پاتقاقلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىدىن قۇتقۇزغان ھەمدە نۇرنى كۆرۈشىمىز ئۈچۈن كۆزلىرىمىزنى ئاچقان كىشىلەرگە..

مانا بۇ كىشىلەرگە ... ئاللاھنىڭ بىزنى بارلىق مۇكاپاتلاردىن مەھرۇم قىلماسلىقنى ئۈمۈت قىلغان ھالدا، مىللەتچىلىك ھەققىدىكى بۇ ئىزدىنىشلىرىمنى ھەدىيە قىلىمەن.

ئۇلۇغ رەببىنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى ئۈمۈت قىلغۇچى

-ئابدۇللاھ ئەززام

# مۇقەددىمە

إن الحمد لله، نحمده ونستعينه ونستغره ونعوذ بالله من شرورأنفسنا ومن سيئات أعمالنا، من يهده الله فلا مضل له ومن يضلل فلا هادي له، ونشهد أن لا إله إلا الله ونشهد أن محمدا عبده ورسوله.اللهم لا سهل إلا ما جعلته سهلا وأنت تجعل الحزن إذا شئت سهلا، وبعد:

ئۆزۈندىن بىرى مىللەتچىلىك توغرىسىدىكى بۇ ئىشلار مېنى مەشغۇل قىلىۋالدى. بولۇپمۇ مىللەتچىلىك بازىرى چىققان ئىدىيەۋى پاسونغا ئايلانغان، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر مىللەتچىلىك نامى بىلەن خىتاب قىلىۋاتقان، نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار، گېزىت -ژۇرناللار، نەشرىياتلار مىللەتچىلىككە چاقىرىۋاتقان، ئىنسان مانا بۇ ئاۋازلار ۋە شوئارلارنىڭ سادالىرى ئىچىدە گاڭگىراپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئىنسان ھەق يولنى ئىزدەشكە باشلىغان ھەمدە بۇ چوڭ باياۋاندىن قۇتۇلۇشنى ئىرادە قىلىۋاتقان، ئىشلار ئاستىن –ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ساپ مەنبەنى ئىزدەۋاتقان.. مانا بۇ ۋاقىتلاردا مىللەتچىلىك توغرىسىدىكى بۇ ئىشلار مېنى مەشغۇل قىلىۋالدى.

مەن ‹قىزىل راك› ناملىق كىتابنى يازغان ۋە بۇ كىتابتا مىللەتچىلىك ھەققىدە ئازراق ئىزدىنىشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن بەزى قېرىنداشلار مېنى ئىزدەپ كەلدى.

مەن ئۆزۈندىن بىرى بۇ تېمىنى تارىخى تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، بۇ مىللەتچىلىك ئېقىمىنى ھەرىكەتلەندۈرىۋاتقان ۋە ئۆز قەلىمى بىلەن بۇ مىللەتچىلىك يولنى سىزىپ بېرىۋاتقان كىشىلەرنى تولۇق روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ قولى بىلەن يېزىلغان بىر كىتابنى كۆرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ

قىلاتتىم. لېكىن ، مىللەتچىلىك تېمىسى توغرىسىدا تولۇق چۈشەنچە بېرەلىگەن بىر كىتابنى ئۇچراتمىدىم. ئېھتىمال ، ئىسلام رايونلىرىدىكى شارائىتلار يازغۇچىلارنى بۇ تېمىدىن توسۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن .

مەن بۇ كىتابتا ئىسلام ۋە ئەرەب رايونلىرىدىكى مىللەتچىلىك ئېقىمىنى تولۇق تەكشۈرۈپ چىقتىم، ئاندىن كېيىن ئىسلامنىڭ مىللەتچىلىك توغرىسىدىكى كۆز-قارىشى ۋە ھۆكۈمىنى ھەمدە مىللەتچىلىككە ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىشتىكى شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدۇم.

توغرا يول كۆرستىشنى الله ئۆز ئۈستىگە ئالغان. الله توغرا يولغا باشلىغۇچى. الله بىزگە يېتەرلىك ، الله بەندىلىرىگە يېتەرلىك رىزىق ئاتا قىلغۇچى..

( **إِنْ أُرِيدُ إِلَّا الْإِصْلاحَ مَا اسْتَطَعْتُ وَمَا تَوْفِيقِي إِلَّا بِاللَّهِ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَإِلَيْهِ أُنِيبُ** ) [ هود : 88 ] .

«مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشچە تۈزەشنى خالايمەن، مەن پەقەت الله نىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) الله قا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن »

-ئابدۇللاھ ئەززام

# ئەرەب مىللەتچىلىكى

## القومية العربية

(ARABICNATIONALISM)

**(القومية)**- دېگەن بۇ سۆز **(القوم)** دېگەن سۆزگە نىسبەتىنىڭ ‹يائ ›سى ۋە ئاياللىقنىڭ ‹تائ› سىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان سۆزدىن ئىبارەت. **(القوم)** دېگەن ‹قام› دېگەن پېئىلنىڭ مەسدىرى بولۇپ، بۇ يەردە ئەرلىك شەكلى ئىشلىتىلگەن، چۈنكى ئەرلەر دېگەن ئاياللارغا باشلىقتۇر. **(القوم)** دېگەن ھەرقانداق ئەر كىشىنى يەنى، ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ۋە ئۇرۇق- تۇققانلىرىنى كۆرسىتىدۇ. [3]

**(القومية ـ مىللەتچىلىك)**- دېگەن ئىستىلاھتا : ئۇنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ بىلەن ئۆز مىللىتىگە ئالاقىدار بولغان بارلىق ئىشلارنى ئۆز مىللىتىدىن باشقا كىشىلەرگە ئالاقىدار بولغان ئىشلاردىن ئارتۇق بىلىدىغان ئىجتىمائىي ، سىياسىي قائىدە-پرىنسىپتىن ئىبارەت.

---

[3] لسان العرب (505/12) والنهاية في غريب الحديث لابن الأثير (124/4)

ياكى **(القومية ـ مىللەتچىلىك)** دېگەن ئىنسان ئۆزنى ئۆزگەرمەس جۇغراپىيەلىك رامكا ئىچىگە قوشىدىغان ۋە ئۆزنى ئورتاق مىراس سۈپىتىدە توپلايدىغان ۋە ئۆزنى بىرلا ئىرققا نىسبەت بېرىدىغان چەكلىك ساندىكى بىر بۆلۈك كىشىلەرنى ئۇلۇغلايدىغان يېگى بىر خىل ئاڭنى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان ئەقىدىدىن ئىبارەت. [4]

**(العرب)** ـ دىگەن بۇ ئىسىم **(يعرب بن قحطان أبو اليمن)** قاتارلىق كىشىلەرگە نىسبەت بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلار ساپ ئەرەبلەر ئىدى. ئەرەب شەھەرلىرىدە (ئەرەب يېرىم ئارىلىدا) ماكانلاشقان ۋە ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىغان ئەرەبلەشكەن ئەرەبلەر ئۇلار بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ.

**(الأعرابي ـ ئەئرابى )** دېگەن يەرلىك ئەرەبلەر بولۇپ، ئۇلار يېزا ـ شەھەرلەرنى ماكان تۇتقان كىشىلەردۇر.

ئەرەبلەر ‹ئەرەب› دەپ ئاتالدى، چۈنكى ئۇلار ئەرەب ۋادىرلىرىغا ماكانلاشقان ئىدى. لىسانۇل ئەرەبتە مۇنداق كەلگەن: ( قۇرەيشلەر ئەرەب ۋادىسىنى قۇرۇپ چىقتى، باشقا ئەرەبلەر بۇ ۋادىنىڭ ئاراللىرىغا تارقالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرەب ۋادىسىغا نىسبەت بەردى) [5]

---

[4] [الإسلام والحضارة د. محمد محمد حسين ص **201**]

[5] [لسان العرب (588/1)]

# ئىسلام ۋە ئەرەب

شۈبھىسىزكى، ئەرەب يېرىم ئارىلى پەقەتلا ئەرەب شەھەرلىرى دەپ ئاتىلاتتى. ئىسلام نۇرى زېمىنغا كېڭەيگەن، اللەنىڭ ئەرەب مۇسۇلمانلىرىدىن بولغان قوشۇنى يېرىم ئەسىر ئىچىدە زېمىننىڭ يېرىمىنى پەتھى قىلغان ۋاقىتتا، ئىسلامغا كىرگەن خەلقلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىبادەت شوئارلىرىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشى زۆرۈر بولغان ئىدى. ئاشكارا ئەرەب تىلى بىلەن قۇرئاننى تىلاۋەت قىلماي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نامازلىرى ئادا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا قۇرئان كەرىمنى ئۆگىنىش زۆرۈر بولغان ئىدى. ئۇلارغا يەنە ئەرەبچە دۇئالار، زىكرى-تەسبىھلەرنى يادلاش ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى بىلىش زۆرۈر بولغان ئىدى. شۇڭا ئەرەب تىلى مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلاندى. شۇ سەۋەبتىن بۇ خەلقلەر تەدرىجىي ئەرەبلەشتى. ھەربىر مۇسۇلمان قۇرئان تىلى بىلەن ئەرەب ۋە پەيغەمبىرىنىڭ تىلى بىلەن ئەرەبتۇر. ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ھەركۆنى بەش قېتىم ئۇنىڭغا يۈزلىنىدىغان قىبلىسىمۇ ئەرەب شەھەرلىرىگە جايلاشقان ئىدى. قادىر بولغان ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ھەج قىلغىلى بارىدىغان ئورنىمۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان ئىدى.

ھىجرىيە 56-يىلدىن 68-يىلغىچە خىلاپەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ئۆمەۋىيلەرنىڭ بەشىنچى خەلىپىسى ئابدۇل مەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ زامانىدا دىۋانلار (شېئىرلار توپلاملىرى) ئەرەبلەشتى ۋە ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا يۆتكەلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن دىۋانلار(شېئىرلار توپلاملىرى) فەھلەۋىي تىلىدا

(ئىراقتىكى قەدىمكى پارس تىلىدا) ۋە شامدىكى روم تىلىدا ۋە قىبتىي تىلىدا ( خىرىستىيانلارنىڭ دەۋرىدىكى قەدىمكى مىسىر تىلىدا) ئىدى.[6]

مانا بۇ ئىشلاردىن كېيىن ئەرەب تىلى رەسمىي دۆلەت تىلى ۋە خەلق تىلىغا ئايلاندى. پەتھى قىلغۇچى ئەرەبلەر بىلەن پەتھى قىلىنغۇچى خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئەرەبلىشىش قەدىمى تېخىمۇ تىز بولدى. مۇسۇلمانلار بەس-بەستە ئەرەب تىلى ئۆگەندى. بولۇپمۇ ئەرەب شەھەرلىرىدىكى ئازاد قىلىنغان قۇللار ئەرەب تىلى ئۆگەندى. بۇلار ئەرەب تىلىدا پىشىپ يېتىلدى. ئۇلار ئەرەب تىلىدا ئەسلى ئەرەبلەردىنمۇ ئۈستۈن ئورۇندا تۇردى. ئۇلار ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى قولغا ئالدى. ئۇلار ھەدىس، تەپسىرلەرنى بىزگە يەتكۈزدى. سىزگە مانا بۇ ئىسىملار يېتەرلىكتۇر: بىزگە اللەنىڭ دىنىنى يەتكۈزگەن ئىبنى ئابباس**(رضي الله عنه)** نىڭ شاگىرتلىرى: تاۋۇس، مەكھۇل، ئىكرەمە، مۇجاھىد.. قاتارلىقلار.

**وقد سأل عمر بن الخطاب والي مكة من أنبت بعدك على مكة فقال ابن ابزي رجل من موالينا فقال: أمرت عليهم مولى؟ فقال: إنه أعلمنا. فقال عمر رضي الله عنه: (لقد سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول: إن الله يرفع بهذا الكتاب أقواما ويضع به آخرين )** [7]

ئۆمەر **(رضي الله عنه )**مەككە ۋالىيسىدىن: سەن ئۆزۈڭدىن كېيىن مەككە ۋالىيلىقىغا كىمنى يىتىشتۈردۈڭ؟ دەپ سورىغاندا، مەككە ۋالىيسى : بىزنىڭ ئازاد قىلىنغان قۇلىمىز ئىبنى ئىبزىنى يىتىشتۈردۈم—دېگەن ئىكەن. ئۆمەر **(رضي الله عنه)**مەككە ۋالىيسىغا: مەن مەككىلىكلەرگە ئازاد قىلىنغان بىر قۇلنى باشلىق قىلمەنمۇ؟ دېگەندە مەككە ۋالىيسى ئۆمەر **(رضي الله عنه )**غا : شۈبھىسىزكى، ئۇ بىزنىڭ پىشقان ئالىمىمىز —دەپ جاۋاب بەرگەن

[6] [الإسلام والحضارة الغربية ـ محمد محمد حسين ـ ص) 215 (]

[7] [رواه البخاري]

ئىكەن. ئۆمەر **(رضي الله عنه ):** مەن پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم )**نىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم:

پەيغەمبەر **( صلى الله عليه وسلم ):** «اللە بۇ كىتاب بىلەن بىر قىسىم كىشىلەرنى ئەزىز قىلىدۇ ۋە يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنى خار قىلىدۇ-دېگەن ئىدى.»

ئەبۇ ھەنىفە فىقھى ئالىملىرىدىن ئىدى. سىبۋەي گىرامماتىكا ئالىملىرىدىن ئىدى. بۇخارى، ئىبنى ئىسھاق، ئىبنى سىينا، فەرابىي، ئىبنى ھەببان، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، ئىبنى ماجە، رازى، سەرخەسى.. قاتارلىق ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئەسلى ئەرەب ئەمەس ئىدى، لېكىن بۇلارنى ئىسلام ئەرەب قىلغان ئىدى.

ئەرەب تىلىنى يوقۇتۇشقا ۋە ئەرەب رايونلىرىغا كېڭىيىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلارنىڭ سۈيىقەستلىرىدىن قەتئىي نەزەر، ئىسلام ۋە قۇرئان ئەرەبلەرنى ۋە ئەرەب تىلىنى يوقۇلۇشتىن ساقلاپ قالدى. ئىسلام ئۇنىڭ تىلىنى ئەرەب تىلىغا ئايلاندۇرغان ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى پاساھەتلىك قىلغان بارلىق خەلقلەر ئەرەب تىلىنى ئىشلەتتى. شۇنىڭ بىلەن مىسىر، شام، ئىراق، شىمالى ئافرىقا خەلقى ئەرەبلەرگە ئايلاندى.

ئەجەملەر (ئەرەبلەردىن باشقا خەلقلەر) ئەرەبلەرگە ھۆرمەتلەش ۋە ئىززەت-ئىكرام نەزىرى بىلەن قارايتتى، چۈنكى، ئەرەبلەر ئۇلارنىڭ قوماندانلىرى، ئۇستازلىرى، مۇئەللىملىرى، قۇتقازغۇچىلىرى.. ئىدى. ئاخىرقى ئەسىردە ئىسلام بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى قاباھەتلىك بۆلۈنۈش قانداق يۈز بەردى؟

# مىللەتچىلىك چاقىرىقىنىڭ ئارقىسىدىكى ھەقىقىي سەۋەبلەر

1-مۇھىم سەۋەب بولسا غەرب دۇنياسىنىڭ ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىشى ھەمدە ئىسلامنىڭ ئورنىغا يېڭى بىر مۇناسىۋەتنى چۈشۈرۈشى.

غەرب دۇنياسى ئەھلى-سەلب ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قۇرال ھۇجۇمىنىڭ ئورنىغا ئىدىيەۋى ۋە تىل ھۇجۇمى قوزغاشنى قارار قىلدى. مانا بۇ ھۇجۇم غەرب دۇنياسىنىڭ بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزدە قەدەملىرىنى مۇستەھكەم ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىشىغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. بولۇپمۇ، ناپالېئون مىسىرغا قوزغىغان ھۇجۇمدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولدى،

2-مۇھەممەد ئەلى باشا ۋە ئىبراھىم باشانىڭ ئەرەب مىللەتچىلىك ئىمپېرىيە ھەرىكىتىنى ئارزۇ قىلىشى.

3-ئىسلام دۆلىتى بولغان تۈركىيەدىن ئايرىلىپ چىقىش ۋە بۇ دۆلەتكە غەرب دۇنياسىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى ئۈچۈن بۇ دۆلەتنى يوقىتىش.

4-ناسارالارنىڭ تۈركىيەدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇشى، چۈنكى تۈركىيە ناسارالارغا جىزيە بەلگىلەيتتى ھەمدە ئىسلام دۆلىتىنى قوغداش ئۈچۈن زاكات بېرىش ۋە ئەسكەر بولۇشقا ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدىغان بىر قىسىم مەجبۇرىيەتلەرنى بەلگىلەيتتى. ناسارالار ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتلەرگە قوماندانلىق قىلىشنى ۋە ئۇ جەمئىيەتلەرنىڭ خوجايىنى بولۇشنى ۋە شۇ جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئالى قوماندانى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.

# مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ تارىخى تەرەققىياتى

ناپالىئوننىڭ ھۇجۇمى ئەرەبلەرنى ئىسلامدىن مىللەتچىلىككە يۆتكەشتىكى تۇنجى قەدەم ئىدى. مانا بۇ مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ناپالېئوننىڭ زېھنىدا **(الله اكبر)** دېگەن نىدا بىلەن ئەزھەر ھەرىكەتلەندۈرگەن قارشىلىشىشنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان ئىدى. غەرب دۇنياسى بۇ مىللەتچىلىك ئىدىيەسىگە قانائەت ھاسىل قىلدى. فىرانسىيەلىكلەر 1904-يىلى مىسىردىن چىقىپ كەتتى. مۇھەممەد ئەلى باشا كەلدى. مۇھەممەد ئەلى باشا بولسا ئەلبانىيىلىك ساقچى بولۇپ، ئۇ ئەرەب تىلىنى بىلمەيتتى. ئۇ خەلىپە ناپالېئونغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن مىسىرغا ئەۋەتكەن ھۇجۇمچى قوشۇن بىلەن تەڭ مەيدانغا كەلگەن ئىدى. مۇھەممەد ئەلى باشا يېتىم بالا بولۇپ تاماخور، زېرەك ئىدى، لېكىن ، ئۇ ساۋاتسىز بولۇپ، ساۋاتسىزلىقى سەۋەبىدىن خاتالىشىپ تۇراتتى. ئۇ مىسىرغا بېرىشنى ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىرادە قىلدى. ئۇ مەمالىيكلارنى يوقاتتى. مۇھەممەد ئەلى باشا مىسىرغا ھاكىم بولدى.

مۇھەممەد ئەلى پاشانىڭ كىچىكىدىن باشلاپلا ‹لىيۇن› ئىسىملىك بىر فىرانسىيەلىك بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇشى فىرانسىيەلىكلەرنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى.[8]

مىسىرغا فىرانسىيەلىك مەشھۇر دوختۇر د. كىلوت **(د.كلوت)**كېلىپ مۇھەممەد ئەلى باشانىڭ مەسلىھەتچىسى بولدى. ئۇ مۇھەممەد ئەلى باشاغا

[8] يقظة العرب جورج النكونيوس هامش ص104]

مىللەتچىلىك ئىددىيىسى توغرىسىدا مەسلىھەت كۆرسەتتى. ( يەنى د. كىلوت ئوقۇغۇچىلارنى مىللەتچىلىك ئىدىيەسى بىلەن تەربىيەلەيدىغان ئالى مەكتەپلەردە تەربىيەلەشنى مەقسەت قىلغان ئىدى.) [9]

مۇھەممەد ئەلى باشا بىر بۆلۈك ئوقۇغۇچىلار ئۆمىكىنى فىرانسىيەگە ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئوقۇغۇچىلار فىرانسىيەدىن مىللەتچىلىك ئۇرۇقىنى كۆتۈرۈپ قايتتى. مانا بۇلارنىڭ ئارىسىدا رەفائەتۇ تەھتاۋى **(رفاعة الطهطاوي)** بولۇپ، ئۇ 1826-يىلدىن 1831-يىلغىچە پارىژدا تۇردى. ئاندىن ئۇ فىرانسىيە مىللەتچىلىك ئىنقىلابى ئىدىيەسىنى كۆتۈرۈپ كەلدى.

ئىبراھىم باشا شام شەھەرلىرىدە:

مۇھەممەد ئەلى باشا ئوسمانىيە ھۆكۈمىتىدىن ئايرىلىپ چىقىدىغان ئەرەب مىللەتچىلىك ئىمپېرىيەسىنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ ئىشنى مۇھەممەد ئەلى باشاغا غەرب دۇنياسى (يەنى فىرانسىيەلىكلەر) چىرايلىق كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇ ئوغلى ئىبراھىم باشانى شامغا ئەۋەتتى. ئۇ شام شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشغال قىلدى. ئىبراھىم باشا شام شەھەرلىرىدە 1833-يىلدىن 1840-يىلغىچە يەتتە يىل ھۆكۈم سۈردى. مانا بۇ يىللارنىڭ شامدىكى ھادىسىلەرنىڭ يولىنى ئۆزگەرتىشتە چوڭقۇر تەسىرى بولغان ئىدى. ئىبراھىم باشا شام شەھەرلىرىدە زادى نېمە ئىشلارنى قىلدى؟

1-ئىبراھىم باشا شامدا ناسارالارغا تەتبىقلىنىدىغان ئىسلام ئەھكاملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ناسارالارنى مۇسۇلمانلار بىلەن باراۋەر بولۇشقا چاقىردى. ئۇنىڭ دادىسى مۇھەممەد ئەلى باشامۇ مىسىردا شۇنداق قىلغان ئىدى.

---

[9] [مشاهير الشرق في القرن التاسع عشر/ جورجي زيدان]

2-ئىبراھىم باشا خىرىستىيان دىنىغا دەۋەت قىلىش جەمئىيەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مەكتەپلىرىنى قوللىدى. ئەمما مىسىردىكى ئۇنىڭ دادىسى مۇھەممەد ئەلى باشاغا كەلسەك، ئۇنىڭ دائىملىق ھەمراھلىرى ئەلچىلەر، ساياھەتچىلەر، خىرىستىيانلاشتۇرغۇچى كىشىلەردىن ئىدى.[10]

1. (ئامېرىكىلىق)خىرىستىيان دىنىغا دەۋەت قىلىش(پىروتستانت مەزھىپى) ئۆمىكىنىڭ كېلىشى .

بۇ ئۆمەكنىڭ ئارىسىدا تۆۋەندىكى كىشىلەر بار ئىدى:

(1)ئىيلىي سمىس: ئۇ 1834-يىلدىن 1857-يىلغىچە ئىزچىل خىرىستىيان دىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ئىدى. ئۇ ئۆمەكنىڭ مەتبەسىنى بىيرۇتقا يۆتكەپ، ئەرەبچە ماتېرىياللارنى بېسىشقا باشلىدى. بۇ شام شەھەرلىرىدىكى مۇشۇ تۈردىكى تۇنجى مەتبە ئىدى. ئۇ ئايالى بىلەن بېيرۇتتا قىزلار مەكتىپى قۇرۇپ چىقتى، بۇ شام شەھەرلىرىدىكى مۇشۇ تۈردىكى تۇنجى قىزلار مەكتىپى ئىدى.

(2)دوكتور كورلىلوس فاندىيك : ئامېرىكىلىق خىرىستىيان دىنىغا دەۋەت قىلىش ئۆمىكى بىلەن دوختۇر سۈپىتىدە كەلدى. ئۇ شام شەھەرلىرىدە 55يىل خىزمەت قىلدى. (ئېھتىمال ، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنىڭ قىممىتى ئەجنەبىيلەرنىڭ تىرىشچانلىقلىرىدىن چوڭ بولۇشى ھەمدە ئۇنىڭ بۇ شەھەردىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى كۆپ بولۇشى مۇمكىن .)

(3)ناسىف يازجى: ئۇ (1800-يىلدىن 1871-يىلغىچە ياشىغان)لۇۋانلىق ناسارا بولۇپ، ئامېرىكىلىق خىرىستىيان دىنىغا دەۋەت قىلىش ئۆمىكى بىلەن خىزمەت قىلغان. ئۇ ئوغلى ئىبراھىم يازجى بىلەن تەۋراتنى تەرجىمە قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم مىللەتچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە ‹بېيرۇت

[10][مشاهير الشرق في القرن التاسع عشر جورجي زيدان يقظة العرب/ جورج انطونيون ص **102**]

مەخپىي جەمئىيىتى› نى قۇرغان تۈنجى كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ شوئارى ئىبراھىمنىڭ شېئىردىكى مۇنۇ بېيىتتۇر:

**لنطلبن بحد السيف مأربنا   فلن يخيب لنا في جنبه أرب**

بۇ شئىرنىڭ مەزمۇنى:

بىز قىلىچنىڭ بىسى بىلەن ئۆز مەقسىتىمىزگە يېتىشنى ئارزۇ قىلىمىز، ئارزۇ –ئارمانلىرىمىز بىزنى ھەرگىز نائۇمۇتتە قويمايدۇ.

مانا بۇ ئىبراھىم ناسارا بولۇپ، ئۇ ماسۇنى تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇ ( 1847 –يىلدىن 1906-يىلغىچە ياشىغان) مىسىردا ئۆلگەن. ئۇنى مىسىردىكى ماسۇنى تەشكىلاتىنىڭ يىغىنى سۈرەتلەپ  بەرگەن. ئىبراھىم تۈركلەرگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە چاقىرىدىغان ئىككى قەسىدىنىڭ ساھىبى ئىدى.

**تنبهوا واستفيقوا أيها العـرب    لقد طما السيل حتى غاصت الركب**

**أقداركم في عيون الترك نازلـة    وحقـكم بين أيدي الترك منتـهب**

بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنى:

ئى ئەرەبلەر! ھوشيار بولۇڭلار، ئويغىنىڭلار. شۈبھىسىزكى، سەل تېشىپ كەتتى، كارۋانلار يوقالدى. سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلار تۈرۈكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. تۈركلەرنىڭ قولىدىكى ھەققىڭلار بۇلانغان..

يەنە بىر شېئىر بولسا:

**دع مجلس الغيـدا لاوانس وهوى لواحظها النواعس**

**أي النعيـم لمـن يبيت على فراش الذل جـالس**

**فالترك قـوم لا يفوز لديهـم إلآ المشـاكس**

4-بىترىس بوستانىي : ئۇ (1819-يىلدىن 1883-يىلغىچە ياشىغان) ئۇ لىۋانلىق بولۇپ، بېيرۇتتىكى ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدا تەرجىمانلىق قىلاتتى. ئۇ سىمىس ۋە فاندىيكقا بولغان ساداقىتى سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ مارۇنى دىنىنى خىرىستىيان دىنىدىكى پىروتىستانت مەزھىپىگە ئۆزگەرتكەن. خىرىستىيان دىنى تەشۋىقاتچىلىرى ئۇنى «ئەبىيە مەكتىپى» گە ئوقۇتقۇچى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇ سىمىس بىلەن بىللە تەۋراتنى تەرجىمە قىلغان. ئۇ تەرجىمە ئىشلىرى بىلەن 10يىل شۇغۇللانغان. ئۇ «قامۇسۇل مۇھىيت(**محيط المحيط)**» ۋە ئۇنىڭ قىسقارتىلمىسى«**(قطر المحيط)**» ۋە قامۇس«**دائرة المعارف للبستاني**» قاتارلىق قامۇسلارنى نەشر قىلدۇرغان.

بىترىس بوستانىي 1860-يىلى ناسارالار بىلەن لىۋاندىكى دەرۇزىلار ئوتتۇرسىدىكى پىتنە-پاسات يۈز بەرگەن ۋاقىتتا، بىر ژۇرنال نەشر قىلدۇرغان بولۇپ، ئۇ ژۇرنالنىڭ ئىسمى «سۇرىيەنى ھەرىكەتلەندۈرۈش » بولۇپ، ئۇ ژۇرنال ساپ مىللەتچىلىككە دەۋەت قىلاتتى. ئۇ 1863-يىلى «ۋەتەنپەرۋەرلىك مەكتىپى»نى قۇرۇپ چىقتى. ئۇ ناسىف يازجى بىلەن بۇ مەكتەپتە دەرس ئۆتتى. ئۇ 1870-يىلى يېرىم ئايدا بىر چىقىدىغان سىياسىي ۋە ئەدەبىي خاراكتېردىكى «قەلب» ناملىق ژۇرنالنى نەشر قىلدى. ئۇنىڭ شوئارى « ۋەتەننى ياخشى كۆرۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن(**حب الوطن من**

**الإيمان)**» دىگەن شوئار ئىدى. ئۇ يەنە «باغچە »، «كىچىك باغچە » ناملىق ئىككى گېزىت چىقاردى. [11]

ناسىف يازجى ۋە بىترىس بوستانىي ئەرەب مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ تۇنجى يېتەكچى قوماندانلىرىدىن ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرىمۇ مىللەتچى تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ مىللەتچى تەشكىلاتلار ھاياتنى اللەنىڭ دىنىدىن يىراقلاشتۇرۇشتا ھەمدە مىللەتچىلىك ئۈچۈن قۇربانلىق بېرەلەيدىغان قوماندانلارنى تەربىيەلەشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

ئامرىكىلىق خىرىستىيان دىنىغا دەۋەت قىلىش ئۇمىكىنىڭ ئەڭ چوڭ نەتىجىسى ناسىف يازجى ۋە بىترىس بوستانىيلارنى مەيدانغا چىقىرىشتىن باشقا، بۇ ئۇمەك يەنە مىللەتچىلىك ئىدىيەسى بىلەن تەربىيەلەيدىغان ئەڭ چوڭ ئىنىستىتوتنى قۇرۇپ چىقتى. ئۇ بولسا بېيرۇتتىكى 1866-يىلى قۇرۇلغان ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بولۇپ، دەسلەپتە بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىسمى «سۇرىيە ئىنگىلىس تىلى فاكۇلتېتى»ئىدى. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تۇنجى رەئىسى ئامېرىكىلىق راھىب دانىيال بىلىس بولۇپ، ئۇ ئىلاھشۇناسلىق ئىلمىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئىدى. ئۇ 1902-يىلىغىچە بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ رەئىسى بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى ھەۋارىد بىلىس ۋارىسلىق قىلدى.

بۇ رايوندىكى ئامېرىكا ئۇنىۋېرستىتىنىڭ تەسرى مىللەتچىلىك ئىدىيەسىدىكى ھەرقانداق تەسىرىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئامېرىكا ئۇنىۋېرستىتى بىر ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە شام شەھەرلىرىنىڭ بىر قىسىم قوماندانلىرىنى تەربىيەلەپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مىللەتچىلىك ئىدىيەسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەڭ مەشھۇر ئۇستازلارنىڭ بىرى بولسا

[11] [أنظر يقظة العرب ص**112** والإسلام والحضارة الغربية **222**]

قوستەنتىين زەرىيق بولۇپ، ئۇنىڭ قولى بىلەن جورجى ھەبەش تەربىيەلىنىپ چىققان.

2-كاتولىك دىنى (خرىستىيان دىنى جەمئىيتىنىڭ ئەزالىرى) دەۋەت ئۆمىكى: بۇ ئۆمەك 1847-يىلى تاش مەتبەئەنى بارلىققا كەلتۈردى ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىن خرىستىيان دىنى ئۇنىۋېرستىتى دەپ تونۇلغان «ئۇلۇغ يۈسۈپ مەكتىپى»نى تەسىس قىلدى.

3-ئەل لەئازرىيىلەر[12]: ئۇلار لىۋاندا «ئەينى تۇۋرە » فاكۇلتېتىنى قۇرۇپ چىقتى

---

[12] ئەل لەئازرىيلەر - بۇ كاتولىك دىنىدىكى فىرانسىيلىكلەرنىڭ لەقىمى بولۇپ بۇ ياللانمىلار ئۇلارنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتالغان.

# مىللەتچى تەشكىلاتلار

مىللەتچىلىك ئىدىيەسىگە چاقىرىدىغان مىللەتچى تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ چىقىش، خىرىستىيان دىنىغا دەۋەت قىلىش ئۈمىكى قىلغان ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى:

1-ئەدەبىيات-سەنئەت جەمئىيتى:

بۇ جەمئىيەتنى 1847-يىلى ئامېرىكىلىق خىرىستىيان دىنىغا دەۋەت قىلىش ئۈمىكى قۇرۇپ چىققان بولۇپ، بۇ جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىرى سىمىس، فايدىيك، بوستاني، ناسىيف يازجى قاتارلىقلار ئىدى. بۇ جەمئىيەت قۇرۇلۇپ ئىككى يىل بولماستىن، ئۇنىڭ ئەزالىرى 50كىشىگە يەتتى. ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى بىيرۇتتىكى سۇرىيە ناسارالىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرمۇ مۇسۇلمان ۋە دۇرۇزيي يوق ئىدى. بۇ تەشكىلات بەش يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

2-شەرق جەمئىيتى:

بۇ جەمئىيەتنى 1850-يىلى خىرىستىيان دىنى جەمئىيتىنىڭ ئەزالىرى قۇرۇپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەدىب دەبرۇنىر يېتەكچىلىك قىلاتتى.

3-سۇرىيە ئىلمى جەمئىيتى:

بۇ جەمئىيەت مىلادى 1857-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى 150كىشىگە يەتكەن. بۇ جەمئىيەتنى قۇرۇشقا ئامېرىكىلىق خىرىستىيان دىنىغا دەۋەت قىلىش ئۈمىكىنىڭ ناسارا قۇرغۇچىسى بىلەن

يەنە  بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ۋە بىر قىسىم دۇرۇزىيلار[13] قاتناشقان. بۇ جەمئىيەت مىلادى 1868-يىلى ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن . (ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە ئاۋاز قوشقان تۇنجى كىشى ئىبراھىم يازجى بولۇپ، ئۇ مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئەرەب مىللەتچىلىك روھى سىڭگەن قەسىدىسى بار.) [14]

## 4-سۇرىيە بېيرۇت جەمئىيىتى:

بۇ جەمئىيەت مىلادى 1875-يىلى قۇرۇلغان. جورجى ئەنتونيوس مۇنداق دەيدۇ: ‹1875-يىلى يىلى ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنى تەشكىللىگۈچى تۇنجى كۈچ سۇلتان ئابدۇل ھەمىدخان ۋاپات بولۇشتىن ئىككى يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ . 1875-يىلى بىيرۇتتىكى ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتىتى سۇرىيە خرىستىيان دىنى پىروتستانت مەزھىپى فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدىغان ياشلاردىن بەش كىشى «سۇرىيە بىيرۇت جەمئىيتى» نى قۇردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ناسارا ئىدى، لېكىن ، ئۇلار مۇسۇلمانلار ۋە دۇرۇزىيلارنى ئۆزلىرىنىڭ سېپىگە قوشۇشنىڭ قىممىتىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇلار بۇ جەمئىيەتكە 22 نەپەر كىشىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، بۇ كىشىلەر شەھەردىكى خىلمۇ-خىل گۇرۇھلارغا تەۋە ئىدى. ماسونىي تەشكىلاتى بۇ تەشكىلاتتىن بۇرۇن شام شەھەرلىرىگە كىرگەن ئىدى. شۇڭا «سۇرىيە بىيرۇت جەمئىيتى»نى قۇرغان كىشىلەر ساۋاقداشلىرىنىڭ بىرىنىڭ ياردىمىدە يېڭىدىن پەيدا بولغان ماسونى تەشكىلاتلىرىنى ئۆزلىرىگە مايىل قىلىپ ئۇنى ئۆز ئىشلىرىغا شېرىك قىلدى.› [15]

بىز بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىلەرنى بىلىۋالالايمىز:

[13] دۇرۇزىيلار- پاتىمىيلار خەلىپىسى ئەلھاكىم بىئەمرۇللاھنى ئىلاھلاشتۇرىدىغان بىر باتىنىي پىرىقىسىدۇر.

[14] [يقظة العرب 120]

[15] [يقظة العرب149]

1-شام شەھەرلىرىدە تەشكىللەنگەن ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى ناسارالارنىڭ يولى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

2-بۇ ناسارالار بوستانىي ۋە يازجىي ياكى ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار ئامېرىكىلىق خرىستىيان دىنىغا دەۋەت قىلىش ئۈمكىنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

3-بۇ جەمئىيەتنى قۇرۇپ چىققان كىشىلەر ئارىسىدا بۇ جەمئىيەتنىڭ شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىبراھىم يازجىينىڭ بارلىقىنى بىلىۋالالايمىز. ئىبراھىم يازجىنىڭ شوئارى :

**لنطلبن بحد السيف مأربنا   فلن يخيب لنا في جنبه أرب**

بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنى:

بىز قىلىچنىڭ بىسى بىلەن ئۆز مەقسىتىمىزگە يېتىشنى ئارزۇ قىلىمىز، ئارزۇ –ئارمانلىرىمىز بىزنى ھەرگىز نا ئۈمۈتتە قويمايدۇ.

شۈنىڭدەك، لىۋانلىق ناسارا نەمىر باشا ۋە ئۇنىڭ كۈيئوغلى شاھىين مەكارىيۇسمۇ بۇ جەمئىيەتنى قۇرغۇچىلاردىن بولۇپ، بۇ ئۈچ كىشى ماسۇنىي تەشكىلاتىنىڭ مەشھۇر كاتىپباشلىرىدىن ئىدى.

يەھۇدى ماسۇنىي تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى ئەيادى ئەرەب مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى پەيدا قىلغان بولۇپ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا تۇرانىيە مىللەتچىلىكىنى قوزغىغان ئەيادىنىڭ ئۆزىدۇر.

«سۇرىيە بىيرۇت جەمئىيتى» قۇرۇش ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشى ئىلياس ھەبالى بولۇپ، ئۇ زۇق مەكايىل شەھرىدىن ئىدى. ئۇ ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرس ئۆتىدىغان فىرانسۇس تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە يازجىي، يەئقۇب سۇرۇف، شاھىين مەكارىيۇس... قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇ فىرانسىيە ئىنقىلابىدىن مەغرۇرلىناتتى.›[16]

«سۇرىيە بىيرۇت جەمئىيتى»نى مەدھەت پاشانىڭ[17] قۇرغانلىقى گۇمانلىقتۇر. چۈنكى، 1880-يىلى6-ئايدا ئەنگلىيە كونسۇلى ئەۋەتكەن بىر پارچە تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلگەن: « بېيرۇتتا ئىنقىلابقا قىزىقتۇرىدىغان نۇرغۇنلىغان تەشۋىقاتلار بارلىقا كەلدى. بۇلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن كىشىنىڭ مەدھەت پاشا ئىكەنلىكى گۇمانلىقتۇر.»[18]. مەدھەت پاشا شۇ ۋاقىتتا شامنىڭ ۋالىيسى ئىدى.

بىراق، سۇلتان ئابدۇل ھەمىدخاننىڭ كەسكىن ئىرادىسى ۋە ئۇنىڭ بۇ جەمئىيەتنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئىش – ئىزلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە، بۇ جەمئىيەتنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالدى. «سۇرىيە بىيرۇت جەمئىيتى»نىڭ تەشۋىقاتلىرى 1880-يىلى 12-ئاينىڭ 31-كۈنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇنداق تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلانغان بولۇپ، ئەڭ مۇھىمى بۇ تەشۋىقاتنىڭ ئۆچىنچى ماددىسىغا مەركەزلەشكەن ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان تەشۋىقاتلار تۆۋەندىكىچە:[19]

---

[16][الشعوبية الجديدة لمحمد مصطفى رمضان ص**156** نقلا عن كتاب المجتمع العربي كلية الأداب جامعة بيروت]

[17]**مەدھەت پاشا سۇرىيىدىكى ماسۇنىي تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئۇنىڭغا «ئەركىنلىكنىڭ داھىسى» دەپ تەخەللۇس قويۇلغان ئىدى.**

[18]مكتب السلجالات العامة وزارة الخارجية (F.O) رقم 195: 1306 يقظة العرب ص153.[

[19] يقظة العرب ص155

1-سۇرىيە بىلەن لىۋانغا بىرلا ۋاقىتتا مۇستەقىللىق بېرىش .

2-ئەرەب تىلىنى رەسمىي دۆلەت تىلى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىش.

3-تەلىم-تەربىيە ئەركىنلىكىنى يولغا قويۇش.

4-ئەرەبلەرنى تۈركلەر بىلەن بىرگە باشقا شەھەرلەرگە ئورۇشقا ئەۋەتمەسلىك.

# قاھىرەگە ھىجرەت

سۇلتان ئابدۇل ھەمىدخاننىڭ مىسلىسىز ئوبرازى ھەممە كىشىنىڭ نەزىرىدە يۈكسەك ئالىيجاناب ئورۇنغا ئىگە ئىدى، ئۇلار ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى، ئۇ دۇنياغا بېرىلمەيدىغان زاھىد، تەقۋادار، ئاددىي-ساددا، ئەيش - ئىشرەت، كەيپ -ساپاغا بېرىلمەيدىغان، دۇنيانىڭ زىبۇ-زىننەتلىرىگە نەزىرىنى سالمايدىغان، شۇنچە ئۇلۇغ سەلتەنەت ۋە مال-دۇنيا ئۇنى ئالداپ قالالمىغان، ئالىيجاناب كىشى بولۇپ، قەسىرىگە زىبۇ-زىننەت .. پاراۋانلىق كۆرۈنۈشلىرىنى يېقىن يولاتمايتتى.

شۇڭلاشقا خىرىستىيان دىنىغا دەۋەت قىلغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى بۇ كۈنلەردە شامدا پائالىيەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قادىر بولالمىدى. شۇڭا ئۇلار ئەنگلىيەنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن قاھىرەگە ھىجرەت قىلىش قارارىغا كەلدى. چۈنكى ئەنگلىيە كونسۇلى كىرومىر شۇ ۋاقىتتا قاھىرەدە ئىدى.

تۈركىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىش، مىللەتچىلىك ۋە ئىلمانىزىم ئىدىيەسىنى كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇش ھەمدە ئۇلارنى ئىسلامنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش، ئىسلامىي قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئورنىغا ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتى مۇناسىۋەتلىرىنى دەسسىتىش ئۈچۈن خىرىستىيان دىنىغا دەۋەت قىلغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى، ناسارا يازغۇچىلار.. توپ-توپ بولۇپ قاھىرەگە ھىجرەت قىلدى. قاھىرەگە ھىجرەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تۆۋەندىكى كىشىلەرمۇ بار ئىدى:

ناسىف يازجىينىڭ ئوغلى ئىبراھىم يازجىي: بۇ ئاتا-بالا ماسونىي تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى ئىدى. بۇ ئىبراھىم «نۇر» گېزىتىنى تەسىس قىلغان.

پارس نەمىر ۋە ئۇنىڭ كۈيئوغلى شاھىن مەكارىيۇس: بۇ ئىككىسى ناسارا بولۇپ، ماسونىي تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇلار كۈندە چىقىدىغان «بۈركۈت چاڭگىلى» گېزىتى ھەمدە ئايدا بىر چىقىدىغان «ئائىلىق تاللانمىلار» ژۇرنىلىنىڭ ساھىبلىرى ئىدى.

سەلىيم تەلقا: ئۇ كۈندە چىقىدىغان «ئەھرام» كۈندىلىك گېزىتىنى تەسىس قىلغان بولۇپ، بۇ گېزىت ھازىرمۇ كۈندە چىقىدۇ.

جورجى زەيدان: «ھىلال ئاي نەشرىياتى»نىڭ ساھىبى بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىسلام ھەققىدە يېزىلغان بۇزۇق ئەسەرلىرى بار. ( بۇنداق بۇزۇق ئەقىدىنى سىڭدۈرىدىغان بۇ كىشىنىڭ كىتابلىرىدىن ئاگاھ بولۇڭلار)

ئەدىب ئىسھاق: ئۇ «مىسىر» گېزىتىنىڭ مۇدىرى، سەلىم نەققاش : ئۇ «تىجارەت» گېزىتىنىڭ مۇدىرى، بۇ ئىككىسى شاملىق ناسارالار بولۇپ جامالۇددىين ئافغانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خىزمەت قىلاتتى. جامالۇددىين ئافغانىنىڭ يۇقىرىقى بۇ ئىككى گېزىتىنى تەسىس قىلغان.[20].

روز ئەليۇسۇپ : بۇ شامدىن كەلگەن ناسارا بولۇپ يالغاندىن ئىسلامغا كىرگەن قىياپەتكە كىرىۋالغان ھەمدە ئىسمىنى فاتىمە ئەليۇسۇپ دەپ ئاتىۋالغان. بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى روز ئەليۇسۇپ نامى بىلەن ژۇرنال چىقارغان.

ئەھمەد پارس ئەششەدياق: ئۇ مارۇنى مەزھىپىدە بولۇپ، ئامېرىكىلىق خىرىستىيان دىنىغا دەۋەت قىلىش ئۆمىكىنىڭ قولى بىلەن خىرىستىيان دىنى

[20]تاريخ الأستاذ الامام 1/45 أنظر كتاب الاسلام والحضارة الغربية لمحمد محمد حسين ص66

پىروتستانت مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغان. ئۇ مىسىرغا كېلىپ «يېڭى خەۋەرلەر» ژۇرنىلىنى نەشر قىلدۇرغان. كېيىن ئۇ باي تونىسىنىڭ قولى بىلەن مۇسۇلمان بولغان ئىدى.

ئۇنىدىن باشقا ئىسلام دەۋەتچىسى دەپ تونۇلۇپ قالغان، ماسونىي تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىمۇ بار ئىدى. تۆۋەندە ئۇلار ھەققىدە بىر ئاز توختىلىمىز. ئۇلار: جامالۇدىين ئافغانى، مۇھەممەد ئابدۇھ، ئابدۇراھمان ئەل كەۋاكىبى

# جامالۇددىن ئافغانى، مۇھەممەد ئابدۇھ ئابدۇراھمان ئەل كەۋاكىبى

بىز بۇ يەردە پۇتكۇل دۇنيادا نامى چىققان ئۈچ مەشھۇر دەۋەتچى ھەققىدە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتىشىمىز كېرەك . مۇھىم بولغىنى ئۇلار خۇددى ئىسلامنىڭ بىرلىكىگە دەۋەت قىلىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئوچۇق-ئاشكارا ئىسلام دۆلىتىنىڭ مەركىزى بولغان تۈركىيەگە ھۇجۇم قىلىدىغان ھەمدە خىلاپەتنى يىقىتىش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلايدىغان، ماسونىي تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىدۇر.

جامالۇددىين ئافغانى: بۇ كىشى نۇرغۇنلىغان يەھۇدىيلار بىلەن ئاپاق-چاپاق بولغان ئىدى. ئېلىپ ئېيتساق ئۇنىڭ خۇسۇسىي دوختۇرى يەھۇدىي بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمى ھارۇن ئىدى.. ھەتتا ئۇ ئۆلگەن ۋاقتىتىمۇ ئۇنىڭ ئۆلىمگە ھارۇن ۋە يەنە جورجى كونجى ئىسىملىك بىر يەھۇدىي ھازىر بولغان ئىدى... خەلىپە ئۇنىڭ تۈركىيەدىن چىقىشىنى چەكلىمەكچى بولغىنىدا، ئەنگلىيە ئەلچىسى ئارىغا چۈشۈپ تۈركىيەدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. جامالۇددىين ئافغانى شەرق ماسسونىي قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى ئىدى.

ئەمما مۇھەممەد ئابدۇھقا كەلسەك: ئۇ ئەنگلىيە ئەلچىسى كىرومىرنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئىدى. ئەنگلىيە ئەلچىسى كىرومىر: «ئەنگلىيە مىسىردىلا بولىدىكەن، مۇھەممەد ئابدۇھنى مىسىرنىڭ مۇفتىسى قىلىمىز» دېگەن ئىدى. مۇھەممەد ئابدۇھ ماسونىي تەشكىلاتىنىڭ سادىق ئەزالىرىدىن بولۇپ، ئەمىرە نازلى فازىل سالۇنىنىڭ يىتەكچىلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى:

ئەھمەد لۇتفى: ئۇ دىنسىز ئىلمانىزىم ئېقىمىدىن بولۇپ، ئۆزىنىڭ گېزىت سەھىپىسىدە كۆپۈرلىقىنى ئاشكارا ئېلان قىلغان.

سەئىد زەغلۇل، قاسىم ئەمىين (ئاياللار ئازادلىقى دېگەن كىتابنىڭ ساھىبى) بۇلارنىڭ مىسىردىكى مىللەتچىلىك ھەرىكىتىدىكى تەسىرى ناھايىتى زور بولغان.[21].

ئابدۇراھمان ئەل كەۋاكىبى: (1840-1903) ئۇنىڭ مۇسۇلمانلاردىن، يەھۇدىيلاردىن، ناسارالاردىن دوستلىرى ۋە شاگىرتلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ دەرسلىرى (سىلىنددىبار) قەھۋەخانىسىدا ئورۇنلىنىشتۇرۇلاتتى. ئۇ «ئۇمموئۇل قۇرا» ناملىق كىتابىدا ئەرەب خەلىپىسىگە بەيئەت بېرىشقا چاقىراتتى. ئۇنىڭ بۇندىن باشقا يەنە بىر كىتابى بولۇپ ئۇنىڭدا مۇشۇ خىل ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن، ئۇ كىتاب بولسا «مۇستەبىتلىك تەبىئەتلىرى» ناملىق كىتاب ئىدى. مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھەرقايسى دىنلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشقا دەۋەت قىلاتتى.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: « بىز دۇنيا ھاياتى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشقا چاقىرىق قىلىمىز.. بىز دىنلارنى پەقەتلا باشقىلارغا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈنلا ئىشلىتىمىز. ئەمما بىز باشقا بىر ئىشقا چاقىرىق قىلىمىز، بۇ چاقىرىقىمىز بولسا: «بىز ئەرەب مىللىتىنى تىرىلدۈرىمىز! ئەرەب ۋەتىنىنى تىرىلدۈرىمىز! ئەركىنلىك، ئەزىزلىكنى تىرىلدۈرىمىز.. مانا بۇ ئامېرىكا ۋە ئاۋىستىرالىيەگە .. قاراڭلار! ئىلىم-پەن ئۇلارغا دىن بولمىغان ئەھۋالدىمۇ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، مەزھەپ بولمىغان ئەھۋالدىمۇ مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش،

---

[21]كتاب الاسلام والحضارة الغربية فصل الأفغاني ومحمد عبده وكتاب الفكر الإسلامي المعاصر للتوبة

مەمۇرىي ئورگانلار بولمىغان ئەھۋالدىمۇ سىياسىي مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش يولىغا يېتەكلىدى.» [22]...[23]

مانا بۇ ئۈچ كىشىنىڭ پىكىرلىرى ئىلمانىزىم ئىدىيەسىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ، ئالبىرت ھەۋرانىي ئېيتقاندەك،[24] ئۇلارنىڭ بۇ پىكىرلىرى ئىلمانىزىم ئىدىيەسىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان كۆۋرۈكىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن، كاپىرلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى روھىي توسۇق پاچاقلىنىپ تاشلاندى. مۇسۇلمانلارنىڭ روھىي دۇنياسى بۇلارنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. ئەلبىرت ھەۋرانىي مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇغان كىشى ئۇنىڭ نەزەرىيەدىن خۇددى ئىلمانىزىم يولىغا ئىسلامنى توپاندىن قۇتقۇزىدىغان بىر توسۇقنى پەيدا قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ. بىراق، بۇ توسۇق ئارقىمۇ- ئارقا، بىر- بىرلەپ ئىسلام دۇنياسىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئىلمانىزىم ئىدىيەسىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان كۆۋرۈكىگە ئايلاندى.» [25].

ئاندىن كېيىن مىسىرغا مىللەتچىلىك ئىقىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەمدە جەمئىيەتكە ئىلمانىزىم ئىدىيەسى بىلەن يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ شاگىرتلىرى كەلدى. مەسىلەن:

---

[22] طبائع الاستبداد ص 112-113 أنظر العلمانية لسفر الحوالي ص 580 وأنظر يقظة العرب ص 172.]

[23] طبائع الاستبداد ص 112-113 أنظر العلمانية لسفر الحوالي ص 580 وأنظر يقظة العرب ص 172.]

[24] الفكر العربي المعاصر/ البرت حوراني ص 144 وانظر كتاب الاسلام والحضارة الغربية لمحمد محمد حسين ص83.]

[25] الإسلام والحضارة الغربية ص 70-83 نقلا عن تاريخ الأستاذ الإمام ص 144-145.]

لۇتفى سەييىد: ئۇ يۇرتۋازلىق، مىللەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى ئېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، فىرئەۋنىزم تارىخىغا دەۋەت قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلدى.

ئاندىن كېيىن مىسىرغا سەئىد زەغلۇل كەلدى. كىرومىر ئۇنىغا مائارىپ مىنىستىرلىكىنى تاپشۇردى. ئۇ سىياسي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە فىرئەۋنچە يۇرتۋازلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېقىمىغا چاقىردى. كىرومىر مۇنداق دەيدۇ: « مەن سەئىد زەغلۇلغا مائارىپ مىنىستىرلىكىنى تاپشۇردۇم؛ چۈنكى، ئۇ مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىدى.[26]

ئاندىن كېيىن مىسىرغا قاسىم ئەمىن كەلدى. ئۇ پۈتكۈل مەسىلىلەرنى ئېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ، مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ دەۋەت قىلىۋاتقان نەزەرىيەلىرىنى ئېخىمۇ تەپسىلىلەشتۈردى؛ ئۇ يەنە ئاياللارنىڭ ھاياتىدىن ھىجابنى ۋە شەرمى-ھايانى سىلىپ تاشلاشقا چاقىرىق قىلىش بىلەن بىرگە «ئاياللار ئازادلىقى» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىقتى؛ بۇ كىتاب مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. سەييىد لۇتفى ۋە قاسىم ئەمىن ئېيتقاندەك[27] 1897-يىلى بۇ كىتابنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى مۇھەممەد ئابدۇھ ۋە قاسىم ئەمىن ھەقتىن يۈز ئۆرۈگەن ھالەتتە تەكشۈرۈپ چىقتى. بۇ كىتابنىڭ فىقھى قىسىملىرىنى مۇھەممەد ئابدۇھقا نىسبەت بېرىلدى ؛ چۈنكى، قاسىم ئەمىنىنىڭ بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە مەلۇماتى يوق ئىدى.

شامدىن قاھىرەگە ھىجرەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يەنە تۆۋەندىكى كىشىلەرمۇ بار ئىدى:

---

[26]العلمانية ص605

[27]العلمانية ص628.[

بۇ يەردە شامدىن قاھىرەگە ھىجرەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يەنە «دەۋر ژۇرنىلى »نىڭ ساھىبى، لۇتفى سەييىد كۆيئوغلى ئىسمائىلمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك، بىز بۇ يەردە ئىسلام خىلاپىتىنى ۋەيران قىلغانلارنىڭ يەنە بىرى ئابدۇل ئەزىز فەھمى ھەققىدە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتىمىز. ئۇ لۇتفى سەييىدنىڭ دوستى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى بىر دوستى تاھا ھۈسەيىن بولۇپ، ئۇ جاھىلىيەتچە ئەسەرلەرنى يېزىپ ئوچۇق ئاشكارا كاپىرلىقنى ئېلان قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىۋېرسىتېتتىن قوغلانغان ئىدى. لۇتفى سەييىد مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولۇپ، تاھا ھۈسەيىننى مىسىر ئۇنىۋېرسىتېتىدىن قوغلىغانلىقىنى ھۆججەت قىلىپ تۇرۇپ ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەن ئىدى. ([28]).

مانا بۇ بىر توپ كىشىلەر مىسىر خەلقىنى ئىسلامدىن ئايرىپ ئىسلامنىڭ ئورنىغا فىرئەۋنىزىم، ئىلمانىزىم ئېقىمى، دىنسىز ۋەتەنپەرەسلىك، مىللەتچىلىك.. ئېقىمىنى ئالماشتۇردى.

ئېھتىمال ، مۇھەممەد ئابدۇھ بىلەن بۇ گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق پەقەتلا بۇلارنى ئىسلامغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بولغان بولۇشى مۇمكىن ؛ بىراق، ئۇلارغا كەڭ قورساق مۇئامىلە قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە نۇرغۇنلىغان شەرئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلمىدى؛ مەسىلەن: دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك، دوست تۇتۇش ۋە دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈش .. قاتارلىق نۇرغۇن شەرئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلالمىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن بۇ مىللەتچى گۇرۇھلار بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى؛ يەنە بىر تەرەپتىن كىرومىر بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى توسۇقلارنى يوقۇتۇش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئازغۇن پەتىۋالارنى چىقاردى. ئۇ يەنە

] (24) [28]أنظر العلمانية ص278.]

«تەرەنسفالىيە پەتىۋالىرى» ( الفتوى الترنسفالية )[29] نى چىقاردى. ئۇ يەنە ئايالّلار، تالاق، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش .. قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردە پەتىۋالارنى چىقاردى. ھەتتاكى، قۇرئانى كەرىمدىكى مەنىسى ئوچۇق بولمىغان نۇرغۇنلىغان غەيبىي ئايەتلەرنى ئەرەب تىلىنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرىدىن چىقىپ كەتكىدەك دەرىجىدە ھەمدە ئومۇمىي مەزمۇنلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكىدەك دەرىجىدە بۇرمىلانغان تەپسىرلەرنى قىلدى.

1906-يىلى كىرومىر ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە سۇنغان دوكلاتىدا مۇھەممەد ئابدۇھ گۇرۇھى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: « مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ گۇرۇھىدىكىلەر ۋەتىنىنىڭ ۋە دىنىي قېرىنداشلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشكە قىزىقىدۇ. بىراق، ئۇلار ئىسلام ئۇنىۋېرستېتىنىڭ تەشەببۇسلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇلارنىڭ پىروگراممىسى ياۋروپالىقلار بىلەن ھەمكارلىششنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ غەرب مەدەنىيىتىنى ئىسلام شەھەرلىرىگە كىرگۈزۈشكە قارشىلىق قىلمايدۇ. ..»

كىرومىر يەنە مۇنداق دەيدۇ: « مەن دوستۇم مۇھەممەد ئابدۇھنى كۆپىنچە ئىدرىي شەھىرى[30] دە تۇغۇلغانمىكىن دەپ ئويلاپ قالىمەن. » [31]

مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ دوستى ئىنگىز بەلىنت مۇنداق دەيدۇ: « مەن شۇ سۆزلەرنى دېيىشتىن قورقىمەن؛ بىراق، مۇھەممەد ئابدۇھ _ ئەڭ چوڭ مۇپتى

[29]. بۇ ئافرىقىنىڭ شىمالىدىكى تەرەنسفال شەھرىدىكى مۇسۇلمانلار سورىغان سۇئاللارغا بەرگەن پەتىۋالار توپلىمى بولۇپ. «تەرەنسفالىيە پەتىۋالىرى»( الفتوى الترنسفالية ) دەپ ئاتىلىدۇ.

[30]ئىدرىي شەھىرى لىۋىيىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر شەھەر

[31] الاسلام والحضارة الغربية ص79.]

بولسىمۇ _ ئۇنى ئىسلامدىنمۇ بەكراق كاتولىك دىنىغا ئىشىنىدۇ دەپ ئويلايمەن..» [32]

مۇھەممەد ئابدۇھ ۋە ئۇنىڭ ئۇستازى جامالىددىن ئافغانى توغرىسىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك مەلۇمات بولسا شەيخۇل ئىسلام، شەيخ مۇستافا سەبرىينىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدۇر؛

شەيخۇل ئىسلام، شەيخ مۇستافا سەبري مۇھەممەد ئابدۇھ ۋە ئۇنىڭ ئۇستازى جامالىددىن ئافغانى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ :«ئېھتىمال ، مۇھەممەد ئابدۇھ ۋە ئۇنىڭ ئۇستازى جامالىددىن ئافغانى ئىسلامدا -خىرىستىيان دىنى پىروتىستانت مەزھىپىنىڭ يولباشچىسى- لوسىر بىلەن كەلفىننىڭ رولىنى ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن . چۈنكى بۇ ئىككىسىگە مۇسۇلمانلارغا يېڭى بىر دىنىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىشى ئاسانغا توختىمىدى. بەلكى، بۇ ئىككىسىنىڭ تەرەققىيات ۋە يېڭىلىققا چوقۇنىدىغان دىنسىزلارغا ياردەم بېرىشتىكى تىرىشچانلىقلىرى ئۇلارنى كۆپ جۇدىتىۋەتتى. ([33])

شەيخۇل ئىسلام، شەيخ مۇستافا سەبري مۇھەممەد ئابدۇھ ۋە ئۇنىڭ ئۇستازى جامالىددىن ئافغانى توغرىسىدا يەنە مۇنداق دەيدۇ : « مۇھەممەد ئابدۇھقا نىسبەت بېرىلگەن ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىگە كەلسەك: ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنىڭ خۇلاسىسى شۇ بولدىكى، ئۇ ئەزھەرىلەرنى قاتماللىقدىن ئويغىتىپ، دىنغا قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتتى. نۇرغۇنلىغان ئەزھەرىيلەرنى دىنسىز كىشىلەر بىلەن كۆپ يېقىنلاشتۇردى؛ بىراق، دىنسىز كىشىلەرنى ئىسلامغا بىر قەدەممۇ يېقىنلاشتۇرمىدى. مۇھەممەد ئابدۇھ ئۇستازى جامالىددىن ئافغانىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ماسۇنىي تەشكىلاتنى ئەزھەرگە

---

[32] **مذكرات بلنت My Dairises ج346/1 (يناير سنة 1900)].**

[33] كتاب شيخ الاسلام -مصطفى صبري - موقف العقل والعلم والعالم من رب العالمين وعباده المرسلين -4- أجزاء ج144/1 وأنظر كتاب الإسلام والحضارة الغربية ص107.]

سۈرەپ كىردى ھەمدە قاسىم ئەمىننى مىسىردا ئايالللارنىڭ يۈزىنى ئاچتۇرۇپ، يىپىم -يالىڭاچلىقنى تارقىتىشقا رىغبەتلەندۈردى. (34)

[34] الاتجاهات الوطنية لمحمد حسين ج2/75-85.]

# 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مىللەتچىلىك چاقىرىقلىرى

سۇلتان ئابدۇل ھەمىدخاننىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇيغۇرلىشىدىكى مىللەتچىلىك چاقىرىقىنى قاتمال ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى؛ ئۇ : « ئى دۇنيا مۇسۇلمانلىرى! بىرلىشىڭلار...! » دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يەنى مىلادى 1897-يىلى يەھۇدىي قىساسچىلىرى بىر قۇرۇلتاي ئۆتكۈزدى؛ ئۇلار بۇ قۇرۇلتايدا پەلەستىندە بىر يەھۇدىيلار دۆلىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ھەرتەزىل سۇلتان ئابدۇل ھەمىدخان بىلەن ئىككى قېتىم كۆرۈشۈپ. ئۇنىڭغا 150مىليون جۇنەي بېرىدىغانلىقىنى ھەمدە ئوسمانىيە دۆلىتىگە كېمىسازلىق ئەترىتى قۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ۋە يەنە ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا ئۇنىڭ سىياستىنى قوغدايدىغانلىقىنى، ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ پۈتكۈل قەرزلىرىنى كۆتىرۋېتىدىغانلىقىنى.. بۇنىڭ بەدىلىگە پەلەستىندە يەھۇدىيلارغا بىر قىسىم زېمىنلارنى سېتىپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سۇلتان ئابدۇل ھەمىدخاننىڭ بۇنىڭغا بولغان كەسكىن جاۋابى شۇ بولدىكى، « ئوسمانىيە دۆلىتىدىن پەلەستىننى ئېلىشتىن كۆرە مېنىڭ بەدىنىمدىكى ئەزالاردىن بىرەر ئەزانى كېسىپ ئېلىش ئاسانغا توختايدۇ، چۈنكى، بۇ زېمىن مېنىڭ ئەمەس بەلكى، ئۇ پۈتكۈل ئىسلام ئۈممىتىنىڭدۇر. ھەر بىر غېرىچ زېمىندا بىر شەھىدنىڭ قېنى بار. مېنىڭ جېنىم كەتسە كېتىدۇكى، ھەرگىزمۇ يەھۇدىيلارغا تۇپراق سېتىشقا رۇخسەت قىلالمايدۇ... » دېگەن مۇسلىمىز كەسكىن جاۋابنى بەردى.

شۇنىڭ بىلەن، سۇلتان ئابدۇل ھەمىدخانغا قارشى پۈتكۈل تەشۋىقات ۋاستىلىرى ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. قاھىرە ۋە پارىژ سۇلتان ئابدۇل ھەمىدخانغا قارشى سۇيىقەست پىلانلاشتىكى ئەڭ مۇھىم مەركەزگە ئايلاندى. بىز يۇقىرىدا قاھىرەدىكى -ھەتتاكى، مۇھەممەد ئابدۇھ ۋە ئۇنىڭ ئۇستازى جامالىددىن ئافغانىغا ئوخشاش مەشھۇر دەۋەتچىلەرگىچە بولغان -بارلىق كۈچلەرنىڭ سۇلتان ئابدۇل ھەمىدخانغا قارشى قانداق ھەرىكەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. شۇنىڭدەك قاھىرەدە يەنە اللەنىڭ دۈشمەنلىرىدىن بولغان تۇرانىيە مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ياشلىرى توپلاندى. بۇ ياشلارنى سەلانىك، ئىتالىيە، ئىسپانىيەدىكى يەھۇدىيلار سۇلتان ئابدۇل ھەمىدخانغا قارشى ھەرىكەتلەندۇرگەن ئىدى.

ئەمما، ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ دەۋەتچىلىرىگە كەلسەك، ئۇلار قاھىرەدىكى شام ناسارالىرىغا قوشۇلۇپ پۈتكۈل مىسىردىكى مىللەتچىلىك ئىدىيەۋى ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىسىگە ئايلانغان ئىدى. پارىژدا يەنە بىر مەركەز بولۇپ ئۇ يەردە بىر قىسىم سۇرىيەلىكلەر بار ئىدى. ([35]).ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

نەجىيب ئازورىي: ئۇ سۇرىيەلىك ناسارا بولۇپ، ئۇ 1904-يىلى پارىژدا «ئەرەب ۋەتەن گۇرۇھى » جەمئىيىتىنى قۇرغان. ئۇنىڭ ئاشكارا ئېلان قىلغان نىشانى شام ۋە ئىراقنى تۈركىيە ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلىش ئىدى. ئۇ 1905-يىلى فىرانسۇسچە «ئەرەب ئۈممىتىنىڭ ئويغىنىشى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدى. ئۇ يەنە فىرانسىيەلىك يازغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە «ئەرەب مۇستەقىللىقى» ناملىق ژۇرنالنى چىقاردى. بۇ ژۇرنالنىڭ تۇنجى سانى 1907- يىلى نەشر قىلىندى. 1908-يىلى قانۇن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن بۇ ژۇرنال توختىتىلدى.

---

[35]يقظة العرب ص 174.[

ساتى ھەسەرى مۇنداق دەيدۇ: « مىللەتچىلىك ھەرىكىتى نەجىيب ئازورىينىڭ سەۋەبى بىلەن باشلاندى؛ ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىنى دەسلەپتە فىرانسىيەدە ؛ ئىككىنچى قېتىم ئەنگلىيەدە ئوتتۇرىغا قويدى.» نەجىيب ئازورىينىڭ بۇ خىزمەتلىرى 1913-يىلدىكى پارىژ قۇرۇلتىيىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى.

ھازىرقى زامان ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ يازغۇچىلىرى 1913-يىلدىكى پارىژ قۇرۇلتىيىنى ھازىرقى زامان ئەرەب مىللەتچىلىكىنىڭ ئاساسى دېگىلى تاس قالىدۇ. بۇ قۇرۇلتايغا 24 ئەزا قاتناشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېرىمى خىرىستىئانلار ، يېرىمى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى.

بۇ قۇرۇلتاي ھەققىدە ئەنىس ئەسسايىغ مۇنداق دەيدۇ: «مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىگە ياردەم بېرىشۋاتقان ۋە ئۇنى رىغبەتلەندۈرىۋاتقان بىر قىسىم ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ بىئارام بولماسلىقى ئۈچۈن، بۇ قۇرۇلتاي مۇستەقىللىق تەلەپلىرىدىن خالى ئىدى.»

قۇرۇلتاي رەئىسى زەھراۋىي فىرانسۇس ئەلتانىنىڭ خېتىنى ئاشكارلاپ مۇنداق دەيدۇ: « قۇرۇلتاينىڭ ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ شىمالى ئافرىقا قىسمىدىن باشقا ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن ئالاقىسى يوقتى. چۈنكى، فىرانسىيە قۇرۇلتايغا يېتەكچىلىك قىلغان بولۇپ، فىرانسىيە شىمالى ئافرىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. قۇرۇلتايغا قاتناشقۇچىلار مىسىرنىڭ قۇرۇلتايغا قاتنىشىشىنى رەت قىلدى. چۈنكى، ئۇلار ئەرەب تىلىنى ئەرەب شەھەرلىرىدە رەسمىي دۆلەت تىلى سۈپىتىدە قوللىنىشنى تەلەپ قىلىشقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلتاي ئەزالىرى بىلەن كېڭىشىشكە مەجبۇرى بولدى. ئۇلار كېڭىشىش ئارقىلىق ئۆزى بىلەن بىر يولدىكى ئەرەبلەردىن ئۈچ مىنىستىر، بەش ۋالىينى قۇرۇلتايغا قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلدى.»

# مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئامىللار

20-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرى مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا ياردەم بەرگەن نۇرغۇنلىغان ئامىللار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە :

1-بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشى:

1909-يىلى 4-ئاينىڭ 27-كۈنى تۈركىيەدە ئابدۇل ھەمىدخان تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، تۈركىيە تۈرانىيە مىللەتچىلىكىگە دەۋەت قىلىنىشقا باشلىدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ پەيلاسوپلىرىنىڭ بىرى يەھۇدىي ئەدىب خالىدە بولۇپ، ئۇ كېيىن مائارىپ مىنىستىرى بولغان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە بىرى زىيا كوك ئەلىپ بولۇپ، ئۇ يەھۇدىي دوركايمىنىڭ ۋە يەنە بىر يەھۇدىي مويىز ئەلبىنىڭ (**Moizalp**) شاگىرتى ئىدى.

مۇقەررەركى، بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ قوماندانلىرىنىڭ ھەممىسى ماسونىي تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرمۇ مۇسۇلمان نەسلىدىن بولغان ياكى تۈرۈك قان سىستېمىسىغا تەۋە كىشى يوق ئىدى. مەسىلەن: ئەنۋەر پاشا گوللاندىيەلىك ؛ جاۋىيد دۆنمە يەھۇدىيلىرىدىن؛ كىراسو ئىسپانىيەلىك ... ئىدى. بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممىسىگە قارىتا مەجبۇرىي تۈركلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى [36] باشلىدى. مەمۇرىي ئورگانلاردا،

---

[36] مەجبۇرىي تۈركلەشتۈرۈش ھەرىكىتى ـ كىشىلەرنى ۋە جۇغرافىيىلىك رايۇنلارنى ئەسلى مەدەنىيىتىدىن تۈرك مەدەنىيىتىكە مەجبۇرى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا ماسونىي تەشكىلاتى يەھۇدىيلىرىنىڭ ئەرەبلەر بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىپ، ئىسلام دۆلىتىنى پارچىلاشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسىدى يوشۇرۇنغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئۇممىتى ئارىسىدا قاتتىق پارچىلىنىش يۈزبەردى. ئەرەبلەر بىلەن تۈركلەرغۇ پارچىلاندى؛ ھەتتاكى، ئەرەب دۆلەتلىرىنىمۇ

مەكتەپلەردە، ئوقۇتۇش پىروگراممىلىرىدا تۈرۈك تىلى ئىشلىتىشكە مەجبۇرلاندى.
دۆلەت ئورگانلىرىدىمۇ مەجبۇرىي تۈركلەشتۈرۈش ھەرىكىتى باشلاندى. بۇ 1908-يىلى يېڭى قانۇن ئېلان قىلىنغان ۋاقىتتىكى پارلامېنت سايلىمىدا تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى سايلامدا تۈركلەرنىڭ ئۇتۇپ چىقىشى ئۈچۈن سايلامغا رىياسەتچىلىك قىلدى. دەرۋەقە، تۈركلەردىن 150كىشى، ئەرەبلەردىن 60كىشى قاتناشقان سايلامدا تۈرۈكلەر ئۇتۇپ چىقتى. ھالبۇكى ئاھالىلەرنىڭ سانى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەرەبلەرنىڭ سانى كۆپ بولۇپ نىسبىتى 2:5 توغرا كېلەتتى. سۇلتان ئابدۇل ھەمىدخاننىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى سەۋەبىدىن 1908-يىلى 9-ئاينىڭ 2-كۈنى يېڭى قانۇن ئېلان قىلىنىپ بىر ئايدىن كېيىن «ئوسمانىيە ئەرەب قېرىنداشلىق جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەت سەككىز ئاي پائالىيەت قىلدى. ئاندىن كېيىن بۇ جەمئىيەتنى بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى يوقاتتى.
دۆنمە يەھۇدىيلىرىنىڭ قولى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان مەجبۇرىي تۈركلەشتۈرۈش ھەرىكىتى ئەرەبلەر ئىچىدە قاتتىق يامان تەسىرلەنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەخپىي ۋە ئاشكارا جەمئىيەتلەر قۇرۇلدى.

2-مەخپىي ۋە ئاشكارا جەمئىيەتلەر تەشكىللەش:
قۇرۇلغان بۇ مەخپىي ۋە ئاشكارا جەمئىيەتلەر ئەرەب مىللەتچىلىكىگە ھەمدە ئەرەبلەرنى تۈركلەردىن ئايرىلىپ چىقىشقا چاقىرىق قىلىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن . نۇرغۇنلىغان تەشكىلاتلار قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:
بىرىنچى ، ئاشكارا قۇرۇلغان تەشكىلاتلار تۆۋەندىكىچە:

1.ئىستانبۇلدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت جەمئىيىتى.

---

22كىچىك دۆلەتكە پارچىلاپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرسىغا ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى بىنا قىلدى. ھەتتا ئەينى ۋاقىتتىكى شامنى بەش كىچىك دۆلەتكە پارچىلىۋەتتى.

2.ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنمايدىغان تەشكىلاتلار؛ بۇ تەشكىلاتلار 1902-يىلى قاھىرەدە تەسىس قىلىنغان.
ئىككىنچى، مەخپىي قۇرۇلغان تەشكىلاتلار تۆۋەندىكىچە:

(1)قەھتانىيە جەمئىيىتى.
بۇ جەمئىيەتنى مىسىرلىق ئەزىز قۇرغان؛ ئۇ ئەسكەرلەر ئىچىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ساقچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇ 1908-1909-يىللىرىدىكى ، سۇلتان ئابدۇل ھەمىدخانغا قارشى ۋەقەلەرگە قاتناشقان بولۇپ، ئۇ ئەركان فاكۇلتېتىدا لېكسىيە سۆزلەيتتى؛ بۇ تەشكىلاتنىڭ نىشانى ئوسمانىيە دۆلىتىنى ئاۋسترالىيە ئىمپېرىيەسىگە ئوخشاش ئەرەبچە ۋە تۈركچە قوش تاجلىق مەملىكەتكە ئايلاندۇرۇش ئىدى. بۇ جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشتا ئەزىزگە ئالجىرىيەلىك ساقچى سەلىم ياردەم قىلاتتى.

(2)ئەرەب ياشلار جەمئىيىتى: بۇ جەمئىيەت 1911-يىلى پارىژدا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ جەمئىيەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن يەتتە كىشىنىڭ قولى ئارقىلىق قۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەۋنى ئابدۇل ھادىي، تەۋفىق تەمىيمى... قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. بۇ جەمئىيەت 1913-يىلىدىكى پارىژ قۇرۇلتىيىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى.

(3)«ئەھدە» جەمئىيىتى: بۇ جەمئىيەتنى 1913-يىلى مىسىرلىق ئەزىز قۇرغان بولۇپ، ئىككى كىشىدىن باشقا ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئەسكەرلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئادىل ئارسلان ئىدى. بۇ مىسىرلىق ئەزىز قەھرىمانلىق سۇپەتلىرى بىلەن ماختالغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە گۇمانلىق شەخستۇر. ئۇ 1914-يىلى ئەلتىيانغا تېلېگراممىا يوللىغان دېگەن جىنايەت بىلەن ئىستانبۇلدا تۈرمىگە تاشلانغان. مىسىردىكى ئەنگلىيە ئەلچىسى كەتىشىز ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنى ئاقلاپ تايمىز گېزىتىدە تۆت پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندا پۈتكۈل ئەرەب

دۇنياسى تەۋرەپ كەتتى. دەل شۇ پەيتتە ، ئەنگلىيە ئەلچىسى ئۇنى قۇتقۇزۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن 1914-يىلى 4-ئاينىڭ 12-كۈنى ئۇ خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشلىرى بىلەن مىسىرغا يېتىپ كەلدى.

3.جامال پاشانىڭ شام شەھىرىگە ۋالىي بولۇشى:

يەھۇدىي ئەدىب خالىدە جامال پاشانىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك سىرداشى ئىدى. جامال پاشا ئەرەبلەر بىلەن تىنچلىق ئورنىتىشقا مەجبۇرى بولدى؛ ئۇ ئەرەبلەرنىڭ تۈركىيەگە قارشى ئىتتىپاقداش قوشۇنغا قوشۇلۇشى ئۈچۈن بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باشلىرىدا ئەرەبلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ۋەھالەنكى، جامال پاشا سۈرىيەدىكى 4-ئەترەتنىڭ قوماندانلىقىنى تاپشۇرۇۋالغان ئىدى. جامال پاشا شام شەھەرلىرىدە مەخپىي مىللەتچى تەشكىلاتلارنىڭ بارلىقىنى ھەمدە ئەرەبلەرنىڭ بىرلىك ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتىنىڭ تۈركلەرگە يان باسىدىغانلىقىدىن بىئارام بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئەرەبلەر چىقىش يولى ئىزدەۋاتاتتى؛ ئۇلارنىڭ يېتەكچىلىرى فرانسىيە بىلەن ئالاقىلەشتى. مانا بۇ سەۋەبتىن، جامال پاشا بېيرۇت ۋە دەمەشقتىكى فرانسىيە ئەلچىخانىسىغا ئۇسۇپ كىرىپ، ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ جەمئىيەت ۋە تەشكىلات قوماندانلىرىنىڭ فرانسىيە بىلەن ئالاقە ئورناتقانلىقىنى ھەمدە بۇ تەشكىلاتلارنىڭ سۈرىيەنى ئوسمانىيە دۆلىتىدىن ئايرىۋېلىشقا چاقىرغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئىسپاتنى قولغا چۈشۈرۈشكە تىرىشتى. بىراق، جامال پاشا ئەرەبلەرنىڭ ئۇرۇشتا تۈركىيەگە قارشى تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مەسىلىلەرنى كۆرمەسكە سېلىپ يۈرۈۋەردى.

جامال پاشا شەرىف ھۈسەيىنىنىڭ تۈركىيەگە قارشى ئۇرۇشقا كىرىشتىكى مەقسىتىنى ھەمدە ئۇنىڭ ئەنگلىيە تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ قاتتىق غەزەپلەندى . ئۇ 1915-يىلى 12-ئاۋغۇستتا ئەرەبلەردىن 11كىشىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

1916-يىلى 5-ئاينىڭ 6-كۈنى ئەرەبلەردىن يەنە 21 كىشىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئابدۇل ھەمىد زەھراۋىي(ئۇ پارىژ

قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى ھەمدە تۈركىيە ئالى پالاتاسىنىڭ ئەزاسى ئىدى) ۋە مىسىرلىق ئەزىزگە قەھتانىيە جەمئىيىتىنى ئىدارە قىلىشقا ياردەملەشكەن ئالجىرىيەلىك سەلىمىمۇ بار ئىدى.
مانا بۇ بىر قاتار ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش ھادىسىلىرى ئەرەب دۇنياسىدا قاتتىق زىلزىلە پەيدا قىلدى. شەرىف ھۈسەيىن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى فەيسەل ئارىغا چۈشۈپ مۇرەسسە قىلغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇ ئىككىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماستىن، جامال پاشا ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلدى. ئەمىر فەيسەل ئىبنى ھۈسەيىن شۇ ۋاقىتتا دەمەشقتە ئىدى. ئۇ بېشىدىكى شارپىسىنى يەرگە تاشلاپ دەسسەپ مۇنداق دېدى: «ئى ئەرەبلەر! ئۆلۈم نېمىدېگەن لەززەتلىك -ھە!..» ([37]).

4-شەرىف ھۈسەيىننىڭ تۈركىيەگە قارشى ئەنگلىيە تەرەپتە تۇرۇپ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا كىرىشى :
شەرىف ھۈسەيىن تۈركىيەدە 16يىل تۇردى. چۈنكى، سۇلتان ئابدۇل ھەمىدخان ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلاتتى. 1908-يىلى يېڭى قانۇن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى ئۇنى مەككىنىڭ ئەمىرلىكىگە تاللىدى. ([38]).
1908-يىلى 7-ئاينىڭ 24-كۈنى بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ھىيلە- مىكىر ۋە سۇيىقەستلىرىدىن كېيىن يېڭى قانۇن ئېلان قىلىندى. بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى دۆنمە يەھۇدىيلىرى[39] ۋە سالونىيك[40]ماسونىي قۇرۇلتىيىدىكى يەھۇدىيلار ئالقىنىدا ئوينىتىۋاتقان بىر قىسىم يەھۇدىي دىنىغا كىرگەن

---

[37]انظر يقظة العرب 276-285

[38]يقظة العرب ص178

**[39]دۆنمە يەھۇدىيلىرى- ئوسمانىيە دۆلىتى دەۋرىدىكى كۆرۈنۈشتە ئىسلامغا كىرگەن، بىراق، يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مەخپىي يەھۇدىيلار تەشكىلاتىنى كۆرسىتىدۇ.**
**[40]گىرېتسىيىنىڭ ئەڭ چوڭ شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولغان سالونىيك شەھىرى.**

تۈركلەر ئىدى. بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى ئىتالىيەلىك يەھۇدىيلارنىڭ ئۆيلىرىدە يىغىن ئېچىپ قارارلىرىنى بىكىتەتتى.

ستون ۋىستون مۇنداق يازىدۇ: ([41]) « بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ تەشكىلى قۇرۇلمىسىدىكى ئاشكارا ھەقىقەت شۇكى، بۇ جەمئىيەت تۈرۈكچىمۇ ھەمدە ئىسلامچىمۇ ئەمەس؛ بۇ جەمئىيەت قۇرۇلغاندىن باشلاپ ئۇنىڭ قوماندان ۋە يېتەكچىلىرى ئارىسىدا ساپ تۈرۈك نەسلىدىن بولغان بىرمۇ ئەزا بولغان ئەمەس؛ مەسىلەن: ئەنۋەر پاشا گوللاندىيەلىك دىندىن چىققان مۇرتەد كىشىنىڭ ئوغلى؛ جاۋىد مەشھۇر دۆنمە يەھۇدىيلار گۇرۇھىدىن ؛ كىراسو گىرېتسىيەنىڭ ئەڭ چوڭ شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولغان سالونىيك شەھرىدە ئولتۇراقلاشقان ئىسپانىيەلىك يەھۇدىيلاردىن ئىدى. تەلئەت پاشا غەجەرىيلىكنىڭ[42] نەسلىدىن بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىغا كىرگەن؛ ئەمما، ئۇلارنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى يېتەكچىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئەھمەد رىزا مۇنداق دەيدۇ: تەلئەت پاشانىڭ يېرىمى شىركىسيەلىك[43]، يېرىمى غەجەرىيلىك بولۇپ، «كومىت پەلسەپە مەكتىپى»نىڭ ئەگەشكۈچىلىدىن ئىدى..)

ستون ۋىستون يەنە مۇنداق يازىدۇ: « بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلغۇچىلار يەھۇدىيلار ياكى يەھۇدىي نەسلىدىن بولغان ئىسلامغا كىرگەن يەھۇدىيلار ئىدى. بۇ جەمئىيەتكە مالىيە ياردىمى دۆنمە يەھۇدىيلىرى ياكى سالونىك شەھرىدىكى باي يەھۇدىيلاردىن كېلەتتى... ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ جەمئىيەتكە مالىيە ياردىمى كاپىتالىزم دۆلەتلىرى، - ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش- فيەننا،[44] بۇداپەست[45] بېرلىين، پارىژ ۋە لوندون قاتارلىق دۆلەتلەردىنمۇ كېلىدۇ ...»

---

[41] انظر الحلول المستوردة للقرضاوي ص**165** نقلا عن كتاب نشوء القومية العربية لزين ص**86ـ87**

[42]غەجەرىيلىك ـ بۇلار ئەسلى ھىندىستاندىن كەلگەن بىر خەلق بولۇپ. ئەڭ دەسلەپتە گىرتسىيدە ئاندىن ياۋرۇپادا نامى چىققان، ناخشا مۇزىكىدا نامى چىققان بىر مىللەت.

[43]شىركسىيە مىللىتى ـ روسىيە ئىشغال قىلىشتىن بۇرۇن ئەينى ۋاقىتتا مۇستەقىل شىركسىيە دۆلىتى بار ئىدى. ئۇلار كاۋكازنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان بىر مىللەت.

[44]فيەننا ـئاۋستىرالىينىڭ پايتەختى

[45]بۇداپەست ـۋېنگرىينىڭ پايتەختى بولۇپ ئەڭ چوڭ سىياسى، ئىقتىسادىي مەركەز ھىسابلىنىدۇ.

ھىبرىت ئەبرىي مۇنداق دەيدۇ: « بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلغۇچىلار سالونىيك شەھىرى يەھۇدىيلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار دۆنمە يەھۇدىيلىرى دەپ تونۇلغان؛- يەنى، بۇلار مۇرتەدلەردۇر- ھەقىقەتەن تۈركىيە ئىنقىلابىغا قاتناشقانلار يەھۇدىي نەسلىدىن ئىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى ئەسلا يەھۇدىي ئەمەستى. ئۇلارنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا تارقالغان ئېتىقادى بولسا ئۇلار نامدا مۇسۇلمانلار ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار مۇسا ئېلىپ كەلگەن تەۋراتقا ئەگەشكۈچىلەردۇر...»

بىز بۇ تېما توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا، تۆۋەن شەرقنىڭ تەتقىقاتى بىلەن مەشغۇل بولغان ئاز بىر قىسىم ئالىملاردىن باشقا ھېچقانداق بىر كىشى ئۇلار ھەققىدە ھېچ نەرسە دەپ بېرەلمىدى. ھېچقانداق بىر كىشى دۆنمە يەھۇدىيلىرى دەپ تونۇلغان بۇ كىشىلەرنىڭ تارىختا خەتەرلىك نەتىجىلىرى بولغان بۇ ئىنقىلابتا مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى خەۋەر قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ([46]).

شەرىف ھۈسەيىن تۈركىيە ھۆكۈمىتىدىن قۇتۇلۇش ھەققىدە ئىزدىنىۋاتقان ئىدى؛ ئۇ 1914-يىلى بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىدىكىلەرنىڭمۇ تۈركىيە ھۆكۈمىتىدىن قۇتۇلماقچى بولىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ھۈسەيىن شۇ ۋاقىتتا تۈركىيە پارلامېنتىدا مۇئاۋىن رەئىس ئىدى. ئۇ مىسىردىكى ئەنگلىيە ۋەكىلى كىتشەنر ۋە ئەنگلىيە ۋەكىللەر ئورنىدىكى شەرق مەسلىھەتچىسى رونال دەستورز بىلەن ئالاقىلەشتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ھۈسەيىن ئۇنىڭغا دادىسى بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى غەزەپ -نەپرەتلەرنى ئاشكارىلىغان ھەمدە ئۇنىڭدىن شەرىف ھۈسەيىن تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە قارشى ئۇرۇش ئاچسا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرىف ھۈسەيىن قوللاش ئىمكانىيىتىنىڭ بار يوقلىقى ھەققىدە سورىدى. ئەنگلىيە ۋەكىلى كىتشەنر : « دادىڭىز شەرىف ھۈسەيىن تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە قارشى ئۇرۇش ئاچسا،

[46] الحلول المستوردة ص 165 نقلا عن القومية لزين زين ص207-208.]

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرىف ھۈسەيىننى قوللىشى مۇمكىن ئەمەس ... » دەپ جاۋاب بەردى.[47]

« ئەمىر ئابدۇللاھ مەخپىي قۇرۇلغان تەشكىلاتلارنىڭ بىرىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇ ئەرەبلەر بىلەن ئىنگلىزلارنىڭ ئۆز ئارا چۈشىنىشىدىغانلىقىغا كەسكىن ئىشىنەتتى. »[48].

1914-يىلى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتىلىدى. ئابدۇللاھ تۈركىيەگە قارشى ئۇرۇش ئېچىشقا ئالدىراپ كەتتى، پەيسەلمۇ ئۇنى قوللىدى. 1915-يىلى پەيسەل دەمەشق ۋە ئىستانبولنى زىيارەت قىلدى. ئۇ دەمەشقتە ئەرەب ياشلار جەمئىيىتىگە قوشۇلدى ھەمدە بۇ جەمئىيەتنى نۇسرەتكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى قەسەم قىلدى. 1916-يىلى 6-ئاينىڭ 5-كۈنى دۈشەنبە كۈنى شەرىف ھۈسەيىن تۈركىيەگە قارشى ئۇرۇش ئاچتى. (وسبحان ربي! ... ئەرەبلەر 1967-يىلى 6-ئاينىڭ 5-كۈنى دۈشەنبە كۈنى مەغلۇپ بولدى.)

ئەنگلىيە شەرىف ھۈسەيىنگە ئەرەب شەھەرلىرىنى مۇستەقىل قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇنى بۇ شەھەرلەرنىڭ پادىشاھى قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ قەبرىسى يېنىدا تۈركىيەگە قارشى ئۇرۇش ئاچقانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئەنگلىيە ۋەكىلى كىتشەنر ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ مىنىستىرى بولدى. مىكماھون ئەنگلىيەنىڭ مىسىردىكى ۋەكىلى بولدى. شەرىف ھۈسەيىن بىلەن مىكماھون ئوتتۇرىسىدا تۈرغۈزۇلغان ئەھدىنامىلەر تۈزۈلدى. ئۇلار ئەرەب شەھەرلىرىنى مۇستەقىل قىلىپ، شەرىف ھۈسەيىننى بۇ شەھەرلەرنىڭ پادىشاھى قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. شەرىف ھۈسەيىن تۈركلەرگە قارشى ئەرەب مىللەتچىلىك ئوتىنى ئۇلغايتتى. ئۇ تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلدى.

---

[47] يقظةالعرب 206.]

] (35) [48] يقظة العرب208.]

شۇنىڭ بىلەن، ئەرەب شەھەرلىرىنى ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيە ئوتتۇرىسىدا تەقسىم قىلىش ئۈچۈن «سايكىس بىيكو» كېلىشىمى ئىمزالاندى. پەلەستىن يەھۇدىيلارغا بۆلۈپ بېرىلدى . شەرىف ھۈسەيىنىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇكاپاتى شۇ بولدىكى ئەنگلىيە ئۇنى ئائىلە يىل ئىچىدە پۈتۈنلەي يوقاتتى، مال- مۈلۈكلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. بۇ زەربە ئۇنىڭغا قاتتىق ئېغىر كەلدى. ئۇ تۇيۇقسىز پالەچ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى دەرد-ئەلەمدىن چىدىغۇسىز ئازابلاندى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە مىكماھۇن ۋە ئەنگلىيە ۋەزىرى لەۋيىد جورجىغا نەپرەتلىنىپ ياشىدى.

جورجى ئەنتونىيۇس مۇنداق دەيدۇ: « 1931-يىلى مەن ئۇ ئۆلۈشتىن بىر قانچە ئاي بۇرۇن ئۇنى يوقلاپ باردىم. ئۇ پالەچلىك سەۋەبىدىن ئۇنىڭ بەدەنلىرى كىچىكلەپ قورۇلۇپ كېتىپتۇ . ئۇنىڭ يۈزلىرى ئۆلۈمدىن سىگنال بېرىپ ، ئاقىرىپ، تاتىرىپ كېتىپتۇ ... شەرىف ھۈسەيىن ماڭا مۇنداق دېدى : ئى ئوغلۇم! ئىنگلىزلار سۆز ھەرىكەتلىرىدە، خۇشاللىق ۋە خاپىلىق كۆنلەردە... ناھايىتى ئېسىل كىشىلەر ىبراق، لەۋيىد جورجى سىرىكچىگە ھەمدە ھىيلىگەر تۈلكىگە ئوخشايدۇ... مەن ئۇنى تۈلكە دەپ ئويلايمەن.. ئەنگلىيە ۋەكىلى كىتشەنر! الله بەختلىك كىشىگە رەھىم قىلسۇن...»

مانا بۇ ئىنگلىزلار بىلەن ھەمكارلاشقانلىقىنىڭ ئەلەملىك، ئەپسۇسلىنارلىق نەتىجىسى. ئۇلۇغ الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

وصدق الله العظيم (يا أيها الذين آمنوا إن تطيعوا الذين كفروا يردوكم على أعقابكم فتنقلبوا خاسرين بل الله مولاكم وهو خير الناصرين) ([49]).

« ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەر كاپىرلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئارقاڭلارغا (يەنى كۇفرىغا) ياندۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن زىيان تارتىپ قالىسىلەر. ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار سىلەرنىڭ ئىتائەت قىلىدىغان مەدەتكارىڭلار ئەمەس)، ئاللاھ سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار)، ئۇ ياردەم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر»

[49] آل عمران: 149-150.]

ھەقىقەتەن، بىر قىسىم ھوشيار كىشىلەر شەرىف ھۈسەيىننى ئىنگلىزلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەسلىكنى ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. شەكىيب ئارسلانىغا شەرىف ھۈسەيىننىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيە بىلەن سۈرىيەگە ئۇرۇش ئېچىش قارارىغا كەلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرلەر يېتىپ كەلگەندە، مانا بۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان فاجىئە ھەققىدە شەكىيب ئارسلان شەرىف ھۈسەيىنگە مۇنداق خەت يازغان ئىدى: « ئى ئەمىر! سەن ئەرەبلەرنى ئەرەبلەر بىلەن ئۇرۇشقا سالامسەن ؟ بۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى شۇنداق بولىدۇكى، ئىنگلىزلار ئەرەب يېرىم ئارىلىغا ئىگە بولىدۇ. فىرانسىيە سۈرىيەگە ئىگە بولىدۇ. يەھۇدىيلار پەلەستىنگە ئىگە بولىدۇ...»
لورىنس «يەتتە ھېكمەت » ناملىق ئەسرىدە مۇنداق دەيدۇ: « مەن شۇنى ئېنىق بىلەتتىمكى، بىز ئۇرۇش قىلساق، ئەرەبلەرگە بەرگەن ۋەدىمىز قۇرۇق قەغەزگە ئايلىناتتى. ئەگەر مەن شەرىف ھۈسەيىننىڭ ئورنىدا ئەرەبلەرگە نەسىھەت قىلسام، ئەلۋەتتە، مەن ئۇلارغا ئۇرۇش قىلماي ئۆيلىرىگە قايتىشقا نەسىھەت قىلغان بولاتتىم. ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ قوماندانلىرى تاشقىرى سىياسەتنى چۈشىنەتتى. ئەنگلىيەلىكلەر ۋە فىرانسىيەلىكلەر ئەرەبلەرنىڭ ساددىلىقى، قەبىلىلىرىنىڭ ۋە تەپەككۇرىنىڭ ئاددىيلىقى، دۈشمىنىگە ئىشىنىدىغانلىقى... قاتارلىق تەرەپلىرىگە تايىنىپ رەزىل بىر مانېۋىر ئۆتكۈزگەن ئىدى. مەن شۇنىڭدىن بەك پەخىرلىنىمەنكى، ئوتتۇز قېتىملىق ئۇرۇشتا ئىنگلىزلارنىڭ قېنى تۆكۈلمىدى. چۈنكى، مېنىڭ نەزىرىمدە، بىزگە بويسۇنغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئىنگلىزنىڭ قېنىغا تەڭ بولالمايدۇ...»
ۋايزامان مۇنداق دەيدۇ:« ھەقىقەتەن، لورىنس بىزگە ئۇلۇغ خىزمەتلەرنى تەقدىم ئەتتى. لورىنسنى ئۇلار تاجسىز ئەرەب پادىشاھى دەپ ئاتايتتى..»
بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى. بۇ جەمئىيەت ئۇزۇن مەزگىللىك قورقۇنۇچلۇق مۇشەققەتتىن قۇتۇلدى. ئىسلام دۆلىتى تۈركىيە يەھۇدىيلارنىڭ قولىدىكى قونچاققا ئايلىنىپ

قالدىكى، يەھۇدىيلار ئۇنى قانداق قىلىشنى خالىسا شۇنداق قىلدى.. ئىسلام دۆلىتىنىڭ بىپايان زېمىنلىرىنى ئىسلام دۈشمەنلىرى غەرب چىلبۆرىلىرىنىڭ ئولجىسىغا ئايلاندىكى، ئۇلار ئوسمانىيە دۆلىتىنى بىر پارچە-بىر پارچىدىن يەپ تۈگەتتى.

1908-يىلى 10-ئايدا بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، قانۇن ئېلان قىلىنىپ ئىككى ئاي ئۆتە-ئۆتمەيلا، غەرب تۈزنجى قېتىم بالقان دۆلەتلىرى، ئاۋستىرالىيە، ۋېنگىرىيە، بوسنا-گىرسىگوۋىنا قاتارلىق دۆلەتلەرنى يۇتۇۋالدى.

1911-يىلى كۈزدە بۇلغارىيە ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. ئىتالىيە لىۋىيەگە تاجاۋۇز قىلدى.

1912-يىلى بالقان ئۇرۇشى پارتىلىدى. بۇ يىللاردا ئوسمانىيە دۆلىتى شەرقىي تەراقىيىدىن باشقا ياۋروپادىكى بارلىق ۋىلايەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. ([50])

بۇنىدىن باشقا ئوسمانىيە دۆلىتى يەنە غەربى تەرابلىس ۋە بەنى غازى ۋىلايىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان لىۋىيىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئوچۇق-ئاشكارا ، سۇيىقەستلىك خىيانەتلەردىن كېيىن تۈركىيە لىۋىيىدىن چېكىندى. شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، ئىتالىيە يەھۇدىيلىرى سالونىك شەھرىدىكى ماسونىي قۇرۇلتىيىنىڭ يېتەكچى ئۇستازلىرىدۇر. مانا بۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئۆيلىرىدە بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ يىغىنلىرى ئېچىلاتتى. بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ لىۋىيەنى ئىتالىيەگە ھەدىيە قىلىپ بەرگەنلىكى چوڭ ئىش ئەمەس ؛ چۈنكى، بۇ زىيانلاردىن سىرت

[50] انظر يقظة العرب لجورج انطونيوس ص 181.]

كەرىيــــت[51] قولــــدىن كەتتــــى. كەرىيــــت بولســــا تۈركىيەنىــــڭ ئەســــكىرى تەمىناتىنى قامدايدىغان ئەڭ چوڭ بايلىق مەنبەسى ئىدى.

[51] كەرىيت ـ گىرتسىيدىكى بەشىنچى چوڭ ئارالدۇر.

# بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى

ئەرەبلەرنىڭ ئىتتىپاقداش قوشۇنلار بىلەن بىرلىشىپ ئىسلام دۆلىتى تۈركىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىشى مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ۋە مىللەتچىلىك بايرىقى ئاستىغا توپلىنىشتىكى ئەڭ چوڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئەنگلىيەلىكلەر ئەرەبلەرنى ھەرگىزمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئۆلارنىڭ دىنى ۋە ئەقىدىسىگە تۈپتىن قارشى كاپىرلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىسلام دۆلىتىگە قارشى تۇرىدۇ دەپ خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى.

ئەنگلىيە ئاخباراتچىسى، ئەرەب سەھرالىرىنىڭ تاجسىز پادىشاھى دەپ ئاتىلىدىغان لورىس جورجى[52] مۇنداق دەيدۇ: « مەن سۇرىيەدىكى بۇ ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ، ئۆز-ئۆزۈمگە بۇ مىللەتچىلىك ھەرىكىتى غەلىبە قىلالامدۇ؟ يۇرتۋازلىق ئەقىدىسى دىنى ئەقىدە ئۈستىدىن غەلىبە قىلالامدۇ؟ تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، سىياسىي ئالى قىممەتلەر ۋەھىي-دىنىي ئىلھامنىڭ ئورنىغا ئىگە بولالامدۇ..؟! سۇرىيە ئۆزىنىڭ ئالى دىنىي قىممەتلىرىنى بۇتپەرەسلىك قىممەتلىرىگە تېگىشەرمۇ؟ .. دېگەنگە ئوخشىغان سوئاللارنى قويۇشقا باشلىدىم.»

غەرب بۇ خىل پوزىتسىيەنى مىللەتچىلىك ئىدىيەسىدىكى يېڭى بىر باسقۇچقا يۆتكىلىش دەپ ھېسابلايدۇ.

[52] مجلة المجتمع العدد 433 سنة 1979/20 فبراير.]

1962-يىلى 6-ئايدا ئىيكونومىۇس : «مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە قارشى ئىسلام»([53]) ماۋزۇسىدا تۆۋەندىكىلەرنى يازدى: « ئەرەبلەر 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن باشلاپ مىللەتچىلىكنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى. چۈنكى، ئەرەبلەر كاپىر ئەنگلىيەلىكلەر بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمان تۈرۈكلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلدى. بۈگۈن ئەرەب دۇنياسىدا مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەرزىمەس قالدۇقلىرىدىن باشقا، ھەقىقىي ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ بىرلىكىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويىدىغان، سياسىي تەپەككۇرغا ئىگە كىشىلەر مەۋجۇت ئەمەس.»

بىراق، 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى يېڭى بىر ئامىلنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇ ئامىل شۇكى، مۇستەملىكىچىلەر ئەرەب دۇنياسىنىڭ مەرىسىگە كۆتۈرەلمەيدىغان ئېغىر يۈكنى ئارتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ دەۋەتچىلىرى ۋە مۇتەپەككۇرلىرى ئۈنۈمىگە ئولاشتى. بولۇپمۇ يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنگە ھىجرەت قىلىش دولقۇنى ئەۋجىگە چىققان ھەمدە 1936-يىلى پەلەستىن ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولدى.بۇ يەردە بىرقانچە ئاشكارا نۇقتىلار بولۇپ، ئۇلار مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىشىغا ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1-ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە جاھانگىرلىكى ئۆزلىرى بىلەن تۆۋەندىكىلەرنى ئېلىپ كەلدى:

(1)دۆلەت ئورگانلىرىغا ئىلمانىزىم (دىنسىزلىق)نى سىڭدۈرۈش، بىرلىكى پاچاقلانغان، ئەخلاقى بۇزۇلغان، مۇناپىقلىق قىلىشقا تەييارلانغان، يېڭى ھۆكۈمەتكە تەخسكەشلىك قىلىدىغان گۇرۇھلارنى مەيدانغا چىقىرىش؛ گەرچە بۇلار ئەرەبلەرنىڭ

[53]الشعوبية الجديدة ص 54.[

ئەۋلادلىرى، بۇ رايوننىڭ ئىگىلىرى بولسىمۇ، بىراق، بۇلار يېڭى بىر مۇستەملىكىچى جاھانگىرلارغا ئايلانغان ئىدى.

(2)مىللەتچىلىك ئىدىيەلىرىگە خۇددى ئىسلامنىڭ ئىزباسارى سۈپىتىدە، تەپەككۇر بىرلىكىنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە چاقىرىق قىلىش؛ دىنغا يۈزلىنىشتىن نەپرەتلەندۈرۈش؛ ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىندارلارنىڭ زۇلمەتلىك تارىخىدىن ئىبرەت ئېلىشقا چاقىرىش..

(3)مۇستەملىكىچىلىكتىن قۇتۇلۇش سادالىرى ئىسلامدىن ئىنتىقام ئالماقچى بولغان تەبىقىلەرنىڭ ھەمدە تۈركىيە دۆلىتىنىڭ بەزىبىر ئىشلىرىنى ئىسلامنىڭ سۈرىتى قىلىپ تىكلىمەكچى بولغانلارنىڭ ۋە قاتماللىق، قالاقلىق، چۈشكۈنلۈكنى ئۆزىگە نەمۇنە قىلماقچى بولغانلارنىڭ مۇھىم دەسمايىگە ئايلانغان ئىدى.

2-ئىسلام خىلاپىتىنى ئاتا تۈركنىڭ قولى بىلەن يىقىتىش ھەمدە شۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان خەلىپىلىكنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش ھەققىدە جىددىي تەپەككۇر قىلىش ۋە ھەسەنۇل بەننانىڭ قولى بىلەن «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى» نىڭ قۇرۇلۇشى.

3-مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ناسارالار قوماندانلىق قىلىدىغان تەشكىلاتلار شەكلىدە مەيدانغا چىقىشى ھەمدە ئەرەب گۈللىنىش سوتسىيالىستىك پارتىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ؛ ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بۇ خىلدىكى ھەرخىل ئىدىيەلەرنى تارقىتىدىغان قۇرغان بولغان ئىدى.

# ئەرەب گۈللىنىش سوتسىيالىستىك پارتىسى

ئەرەب گۈللىنىش سوتسىيالىستىك پارتىسى ئىككى پارتىيەدىن تەركىب تاپقان؛ ئۇلار:

1-ئەرەب گۈللىنىش پارتىسى- بۇنى ئەرسۇزى ۋە ئەفلەق قۇرغان.

2-ئەرەب سوتسىيالىستىك پارتىسى-بۇنى 1938-يىلى ئوسمان ھەۋرانىي قۇرغان؛ ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ قوماندانلىقى ئەكرەم ھەۋرانىغا ئۆتكەن. 1936-يىلى ئەكرەم ھەۋرانىي سۇرىيە مىللەتچىلىك پارتىيەسىگە قوشۇلغان؛ 1938-يىلى ئەكرەم ھەۋرانىي سۇرىيە مىللەتچىلىك پارتىيەسىدىن چىقىپ، ئەرەب سوتسىيالىستىك ياشلار پارتىيەسىگە قوشۇلغان.

1952-يىلى 1-ئاينىڭ 26-كۈنى بۇ ئىككى پارتىيە قوشۇلۇپ، ئەرەب گۈللىنىش سوتسىيالىستىك پارتىيەسىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئەرەب گۈللىنىش پارتىيەسى- بۇ پارتىيەنى كىمنىڭ قۇرغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ بار. بۇ پارتىيەنى مىشىل ئەفلەق قۇرغان دەيدىغانلارمۇ بار. سەلاھۇل بىيتال قۇرغان دەيدىغانلارمۇ بار. زەكىي ئەرسۇزى قۇرغان دەيدىغانلارمۇ بار.

1966-يىلى 2-ئايدا سەلاھ جەدىد نۇسەيرىي قوزغىغان 23-فېۋرال ھەرىكىتى زەكىي ئەرسۇزىنى پارتىيەنىڭ روھى ئاتىسى دېگەن ئورۇنغا كۆتۈردى.

ئەرەب گۈللىنىش پارتىسى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى گۇرۇھىغا ۋارىسلىق قىلدى. ۋەھالەنكى، مىللەتچىلىك ھەرىكىتى ئەرسۇزى ۋە ئەفلەق قۇرغان تەشكىلاتنىڭ يادروسىدىن ئىبارەت. مىللەتچىلىك ھەرىكىتى گۇرۇھى 1932-يىلىدىن 1936-يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. 1939يىلى ئەرسۇزى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى گۇرۇھىدىن ئايرىلىپ، ئەرەب مىللەتچىلىك پارتىيەسىنى قۇردى. .[54]

زەكىي ئەرسۇزى : دىنسىز، نۇسەيرىيە تەبىقىسىدىكى كىشى بولۇپ، ئۇ ئەرەبچە سۆزلەشنى بىلمەيتتى. ئۇ فىرانسىيە ئىنقىلابى، نازىيە[55] مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشى ئىدى. بولۇپمۇ، نىتشىنىڭ (ھكذا تكلم زرداشت عن موت الإله ونشوء الانسان السوبرمان) دىگەن كىتابلىرىنىڭ تەسىرىگە بەكراق ئۇچرىغان.

زەكىي ئەرسۇزى 1940-يىلى ئەرەب تىلى ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئۇ ئەرەب جاھىلىيىتىنى ئۆزىگە ئالى ئۈلگە تىكلەپ، ئۇنى ئەرەبلەرنىڭ ئالتۇن دەۋرى ھېسابلايدۇ.

سامىي جۇندىي مۇنداق دەيدۇ: « 1946-يىلى مەن ئەرسۇزى بىلەن قۇرئان ھەققىدە مۇنازىرىلىشىپ قالدىم؛ ئۇ مېنىڭ دىنى ئېتىقادىمنى ئەيىبلەپ كەتتى.» ([56])

---

[54]البعث لسامي الجندي من ص 1-27.]

**[55]نازىيە ـ گىتلىر قوماندانلىقى ئاستىدىكى سوتسيالىستىك مىللەتچىلىك پارتىيىسى.**
**[56]البعث ص 28.]**

ئەرەب گۈللىنىش پارتىيەسىنىڭ پرىنسىپلىرى 1939-يىلى ئەرسۇزى قۇرغان ئەرەب مىللەتچىلىك پارتىيەسىنىڭ پرىنسىپلىرىدىن قوبۇل قىلىنغان؛ ئۇ پرىنسىپلار تۆۋەندىكىچە:

1-ئەرەبلەر بىر ئۈممەتتۇر.

2-ئەرەبلەرنىڭ بىرلا داھىيسى بار. ئۇ ئەرەب ئۈممىتىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى نامايان قىلىدۇ، ئەرەب ئۈممىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئەرەب ئۈممىتى ئۈچۈن ياش تۆكىدۇ.

3-ئەرەب دۇنياسى بىزنىڭ مىللىي تۇيغىمىزدۇر، ئەرەب دۇنياسى بارلىق ئۇلۇغلۇقنىڭ مەنبەسىدۇر. ئەرەب دۇنياسىدىن ئالى قىممەتلەر بارلىققا كېلىدۇ ۋە بارلىق شەيئىلەرنىڭ قىممىتى ئۇ ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ.

4-ئەرەبلەر كاتتا مەرتىۋىگە ئىگە. ئەرسۇزى بۇنى مۇنداق چۈشەندۈردى: «بېشىڭلاردىن بىر تال تۈك چۈشسىمۇ، ئۇ ئاسماندىكى ئاتاڭلارنىڭ ئەمرى بىلەن چۈشىدۇ.»

ئەلجۇندىي ([57])مۇنداق دەيدۇ: « 1940-يىلى 11-ئاينىڭ 29-كۈنى بىز بىر ياتاقتا ئىدۇق؛ ئەرسۇزى مۇنداق دېدى :- بىز بىر پارتىيە قۇرىمىز، ئۇنى"ئەرەب گۈللىنىش پارتىيەسى " دەپ ئاتايمىز...» مىللەتچىلىك پارتىيەسىنىڭ پرىنسىپلىرى ئەرەب گۈللىنىش پارتىيەسىنىڭ پرىنسىپلىرىنىڭ ئۆزى ئىدى. ([58])

سامىي ئەلجۇندىي مۇنداق دەيدۇ: « بىز قەدىمكى ئەنئەنە-قىممەت قاراشلارنىڭ ھەممىسىگە قارشى تۇرىمىز؛ چۈنكى، قەدىمكى ئەنئەنە-

[57]البعث ص26.]

[58]البعث ص27.]

قىممەت قاراشلار ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىدۇر. بىز بۇرۇنقى دىنىي ئېتىقادلار، ئەنئەنە-ئۆرپ-ئادەتلەر، بارلىق ئالاقە-مۇناسىۋەتلەرنى ئىنكار قىلىمىز. ([59])

ئەمما، مىشىل ئەفلەقكە كەلسەك، ئۇ نىتشى ۋە ئاندىيە جىيدنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىغان ئىدى. نىتشى ئۇنىڭغا ئىنقىلاب قىلىشنى ئۆگەتتى . ئاندىيە جىيد ئۇنىڭغا ھەرخىل ئۇسلۇبلارنى ئۆگەتتى . غەزىيادىكى قالايمىقانچىلىقلار ئۇنى ئىككىلىنىدىغان، بىر مەيداندا مۇقىم تۇرالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى. مىشىل ئەفلەق ھۇرۇن ئىدى. ئۇرۇش ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى. ئۇرۇشنىڭ تۈنجى كۈنلىرىدىن باشلاپلا ئۇنىڭ تالانتلىرى ۋە ئاجىزلىقلىرى ئاشكارا بولغان ئىدى. مىشىل ئەفلەقنىڭ سەنئەت تالانتى ياخشى ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ نېرۋىسى ئاجىز، چېچىلاڭغۇ، شەيئىلەردىن يامان گۇمان قىلىدىغان كىشى ئىدى. مىشىل ئەفلەقنىڭ بۇ كەمچىلىكلىرى ئۇنىڭ سەنئەت تالانتلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى ھەمدە ئۇنى سىياسىي جەھەتتىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. ([60])

1949-يىلى 3-ئايدا سۈرىيە ئەسكىرىي ئىنقىلابىنىڭ بىرىنچى ھەربىي قوماندانى قوماندان ھەسەنىي[61] كەلدى. گۇللىنىش پارتىيەسى ئۇنى قوللىدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئۇ مىشىل ئەفلەق بىلەن ئىختىلاپلىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەسەنىي ئۇنى تۈرمىگە تاشلىدى. مىشىل ئەفلەق تۈرمىدە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى يېزىپ چىقتى.

---

[59] البعث ص34.]

[60] البعث ص34.]

[61] سۈرىيە ئەسكىرىي ئىنقىلابىنىڭ بىرىنجى ھەربىي قوماندانى بولۇپ، دادىسى ئوسمانىيە قوشۇنىدا مۇفتى ئىدى. ئۇ سۈرىيلىك ئەسكەر بولۇپ تۈرك ئارمىيىسىدە ئەسكەر ئىدى. 1920-يىلى فرانسىيە قوشۇنىغا كىرگەن.

قوماندان ھەسەنىيدىن كېيىن، سامىي ئەلھەناۋىي[62] كەلدى. ئۇ مىشىل ئەفلەقنى مائارىپ مىنىسترلىقىغا تەيىنلىدى. مىشىل ئەفلەق بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ گۇللىنىش پارتىيەسىدىكىلەرنى فىرانسىيەگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىپ ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە ھەرقايسى ئىدارە ئورگانلارنى قولىغا ئالدى.

ھەرقايسى پارتىيە قوماندانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى. ھەتتاكى، 1955يىلىدىكى قۇرۇلتايدا، ئۇلار شۇنداق دېيىشتى: « مىشىل ئەفلەق ئەنگلىيە جاسۇسى؛ ھەسەنىي فىرانسىيەلىك؛ ئەلبەيتار بولسا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ جاسۇسى..» ئەمما، ئوغرىلىق ، ئەخلاقى جىنايەتلەرگە كەلسەك، ئۇلار بۇ ھەقتە سۆزلەشتى.

بىز بۇ يەردە بىر قىسىم مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

1-بۇ مىللەتچى تەشكىلاتلار ئىسلامنى يامان كۆرىدىغان ياكى ئىسلام ھاكىمىيتىنى يوقاتماقچى بولغانلارنىڭ توپلىشىدىغان ئورنىغا ئايلانغان ئىدى. مەسىلەن: نۇسەيرىيىلەر ئۆزلىرىنىڭ نۇسەيرىيە دۆلىتىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئىسلامغا كىردى. سامىي ئەلجۇندىي، ئابدۇلكەرىم ئەلجۇندىي قاتارلىق ئىسمائىلىيە تەبىقىسىدىكىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئىسلامغا كىردى. سەلىم ھاتۇمغا ئوخشاش دەرۇزىيە تەبىقىسىدىكىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئىسلامغا كىردى. ئەھمەت رەباھقا ئوخشاش دەمەشقتىكى پارتىيە رەئىسى يەھۇدىيلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئىسلامغا كىردى.

ئىيلى كوھىنغا ئوخشاش يەھۇدىي جاسۇسلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئىسلامغا كىردى: ئىسرائىلىيە ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ ساقچىسى، ئىسرائىلىيە جاسۇسى ئىيلى كوھىين ئارگېنتىناغا بېرىپ ، ئەمىن ھافىز بىلەن

[62]سۇرىيە ئەسكىرىي ئىنقىلابىنىڭ ئىككىنجى ھەربىي قوماندانى قوماندان سامىي ئەلھەناۋىي بولۇپ، ئۇ سۇرىيىلىك ھەربىي، سىياسىي قوماندان ئىدى.

دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، " كامىل ئەمىن سابىت " نامى بىلەن سۈرىيەگە كىرىپ، سۈرىيەنىڭ دەمەشقتىكى " ئەبۇ رۇمانە" كەنتىگە ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭ قېرىندىشى ھەسەن ھۆسەيىننىڭ ئۆيى گۈللىنىش پارتىيەسىنىڭ قوماندانلىرىنىڭ قونالغۇسىغا ئايلانغان ئىدى. 1936-يىلى 3-ئاينىڭ 6-كۈندىكى گۈللىنىش پارتىيەسىنىڭ ئىنقىلاب قىلماقچى بولغان كۈندە كوھىين سەلىيم ھاتۇم، ئابدۇلكەرىم زەھرۇددىيننىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرگەن ئىدى. ئىيلى كوھىينغا مىنىستىرلىق مەنسىپى بېرىلمەكچى بولغاندا ئىسرائىلىيە مىنىستىرلار رەئىسى ئىبنى غۇرىيون بۇنىڭغا قوشۇلمىدى.

ئىيلى كوھىين تۇنجى ئىنقىلابى ياش بولۇپ، ئۇ ئايروۇدۇرۇملار، ئەسكىرىي بازىلارغا كىرىپ چىقالايدىغان بىردىن-بىر كىشى ئىدى. ئاخىردا ھىندىستان كونسۇلخانىسى ئىيلى كوھىيننىڭ ھەركۈنى ئىسرائىلىيەگە تېلېگرامما يوللايدىغان ئىسرائىلىيە جاسۇسى ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خەلق ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولدى. ئۇ سوتقا چىقتى. ئۇنىڭغا ھۆكۈم چىقىرىدىغان سوتچىلار ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىدى. ئەگەر ئۇ گۈللىنىش پارتىيەسىنىڭ ئىشلىرى ۋە مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلىمىسا ھاكىم ئۇنى قويۇۋېتىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. بىراق، ھەربىي سوتنىڭ رەئىسى سەلىيم ھاتۇم چاقماق تېزلىكىدە ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ ئىشنى ئاخىرلاشتۇردى. خەلقئارالىق يەھۇدىيلار ئەزەلدىن گۈللىنىش پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرىنى ئاياللار ۋە ھاراق-شارابلار ئارقىلىق ئىدارە قىلىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، گۈللىنىش پارتىيەسى ئەزالىرىنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنىڭ ئىچىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن كوھىيننى ئۆلتۈرۈپلا ئىشلارنى يىغىشتۇردى.

2-ھەقىقەتەن، گۈللىنىش پارتىيەسىنى قۇرغۇچىلار قەتئىي مۇسۇلمان كىشىلەر ئەمەس ئىدى: مەسىلەن : زەكىي ئەرسۇزى دىنسىز ئاتېزىمچى نۇسەيرىيە مەزھىپىدىكى كىشى ئىدى. مىيشىل ئەفلەق خىرىستىيان ئىدى. بەزىلەر ئۇنى يۇنانلىق دەپ قارايدۇ.

3-گۈللىنىش پارتىيەسىنىڭ پرىنسىپلىرى ئاشكارا كۇفرى پرىنسىپلار ئىدى: ئۇ پرىنسىپلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ئەرەبلەر بىر ئۇممەتتۇر.

(2)ئەرەبلەرنىڭ بىرلا داھىيسى بار. ئۇ ئەرەب ئۇممىتىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى نامايان قىلىدۇ، ئەرەب ئۇممىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئەرەب ئۇممىتى ئۈچۈن ياش تۆكىدۇ.

(3)ئەرەب دۇنياسى بىزنىڭ مىللىي تۇيغۇمىزدۇر، ئەرەب دۇنياسى بارلىق ئۇلۇغلۇقنىڭ مەنبەسىدۇر. ئەرەب دۇنياسىدىن ئالى قىممەتلەر بارلىققا كېلىدۇ ۋە بارلىق شەيئىلەرنىڭ قىممىتى ئۇ ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ.

(4)ئەرەبلەر كاتتا مەرتىۋىگە ئىگە. ئەرسۇزى بۇنى مۇنداق چۈشەندۈردى: «بېشىگلاردىن بىر تال تۈك چۈشسىمۇ، ئۇ ئاسماندىكى ئاتاڭلارنىڭ ئەمرى بىلەن چۈشىدۇ.»

4-ئالى قىممەتلەر دېگەن ئەرەبىزىمدۇر، ھەرگىزمۇ ئىسلام ياكى قۇرئان سۈننەت ئەمەس. بۇ پارتىيەنىڭ ئەۋۋەلقى ئەگەشكۈچىلىرى دىنسىزلار بولۇپ، پۈتكۈل ساماۋى دىنلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئىدى. ئۇلار مۇنداق دەيتتى: « بىز كىشىلەر ئېتىقاد قىلىۋاتقان شەرىئەت قانۇنلىرىغا قارشى تۇرىمىز ۋە ئۇنى يوقىتىمىز...» ([63])

5-گەرچە بۇ ئەرەب مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەن داۋاسى قىلىدىغان پارتىيە بولسىمۇ، بىراق، پەلەستىن مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭدىنمۇ خەتەرلىك بولغىنى ھازىرقى زاماندىكى ئەرەب مەسىلىسىنىمۇ تىلغا ئېلىپمۇ قويمىدى.

[63]إيلي كوهين من جديد/ لمحمد كشك، وجاسوس من اسرائيل لكاتب غربي]. (49

6-نۇسەيرىيىلەرنىڭ ئەرەب گۇللىنىش پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتىۋېلىشى:

نۇسەيرىيەلەر ئەسكىري ۋە مەدەنىيەت تەرەپتىن شەھەرنى قولغا ئالدى. 1966-يىلى 2-ئاينىڭ 23-كۈنى سەلاھ جەدىد نۇسەيرىي ھەرىكىتى بىلەن ( يەنى، ئەھلى سۈننىي مۇسۇلمانلارنى ھاكىمىيەتتىن يىراقلاشتۇرۇش بىلەن) ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى. 1970-يىلى ھافىز ئەسەد سۈرىيە دۆلىتىنى پۈتۈنلەي نۇسەيرىيە دۆلىتىگە ئۆزگەرتتى.

بۇ مىللەتچىلىك پارتىيەلىرىنىڭ كائىنات، ئىنسان، ھاياتقا قارىتا ھېچقانداق ئىدىيولوگىيىسى (ئەقىدىسى) يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مىللەتچىلىك پارتىيەلىرى مەزمۇنى يوق قۇرۇق جازىغا ئوخشايتتى. شۇڭا بۇ مىللەتچىلىك پارتىيەلىرى ئەقىدىسىدىكى بۇ بوشلۇقنى ماركىسىزىم، سوتسىيالىزم ئەقىدىسى بىلەن تولدۇرۇشقا مەجبۇرى بولغان ئىدى. شۇڭلاشقا، بۇ مىللەتچىلىك پارتىيەلەرنىڭ ھەممىسى سىرتقى كۆرۈنىشى، شەكلى ئەرەبلەر؛ ماھىيىتى ۋە ئىچكىرى دۇنياسى بولسا كوممۇنىستلار ئىدى. جالال سەييد ئۆزىنىڭ «ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ھەقىقي ماھىيىتى» ناملىق ئەسىرىدە ([64])بۇنى ئىقرار قىلغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردە شاللاق بىر مىللەتچىلىك ئېقىنى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار ئىقتىسادى مەنبەلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى، بىراق، ئۇلارنىڭ ئارقا كۆرۈنىشى تەرەققىيات ۋە سوتسىيالىزم پەردىسى ئاستىغا يوشۇرۇنغان ئىدى»

8- ئەرەب گۇللىنىش پارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش بىلەنلا يوقۇلۇشى:

1965-يىلى سۈرىيەدە مىشىل ئەفلەق ئەسكەرلەرنىڭ پارتىيەگە ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزگەنلىكىنى ھەمدە شەھەرلىكلەرنىڭ پارتىيەنىڭ

[64]حقيقة القومية العربية ص 379/ جلال السيد.]

مەركىزى ئورگانلىرىدىن يىراقلاشتۇرغانلىقىنى تەنقىد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قوغلاپ چىقىرىلدى. -بەلكى، ئۇ ۋە پارتىيەنىڭ يەنە بىر قۇرغۇچىسى سەلاھ بەيتال ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى.- ئاندىن كېيىن سەلاھ بەيتال قوغلاندى. نۇسەيرىيلەر سەلاھ بەيتالنى 1981-يىلى پارىژدا سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈردى.

ئەمما، مىشىل ئەفلەقكە كەلسەك، 1968-يىلى ئىراق گۈللىنىش پارتىيەسى ئابدۇراھمان ئارىفقا قارشى ئىنقىلاب قىلىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا ئۇنى ئۆز قويىنىغا ئالدى. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ قېشىغا شاگىرتى سادام ھۈسەيىن كەلدى. سادام دەسلەپتە ئىراق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئاندىن كېيىن رەسمىي باش رەئىسى بولدى. 1981-يىلدىكى ئىيوردانىيەدە چىقىدىغان بىر گېزىتتە سادام ھۈسەيىندىن: مىشىل ئەفلەق بىلەن قانداق ئالاقىڭىز بار دەپ سورالغاندا، ئۇ بۇنىڭغا جاۋابەن: «مېنىڭ مىشىل ئەفلەق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم، خۇددى بىر دادىنىڭ ئوغلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر مىشىل ئەفلەق بولمىغان بولسا مىنىڭ بۈگۈنۈم بولمىغان بولاتتى... دەپ جاۋاب بىرىدۇ.»

شۇنىسى ئېنىقكى، 1960-يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ سادام ھۈسەيىن مىشىل ئەفلەقنىڭ خۇسۇسىي قوغدىغۇچىسى بولغان بولۇپ، مىشىل ئەفلەق سادامنى ئۆزىنىڭ سىياسىي دۈشمەنلىرىنى يوقىتىشقا ئىشلەتكەن ئىدى. 1979-يىلى سادام ھۈسەيىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان تۈنجى كۈنلىرىدىن باشلاپلا ھاكىمىيىتىگە توسالغۇ بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى تازىلاشقا باشلىدى. بۇ ھەقتە پارتىيەنىڭ بەزى قوماندانلىرى گۈللىنىش پارتىيەسىنىڭ تىراگېدىيەسى ھەققىدە كىتابلارنى يازدى. مەسىلەن : دوكتور مۇنىيف ئەررىزاز « ئاچچىق تەجرىبە» دېگەن كىتابنى، مۇتا ئەسسەفدىي «گۈللىنىش پارتىيەسىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يوقۇلۇشى ھەققىدىكى پاجىئەلەر» دېگەن كىتابلارنى يازدى. مىشىل ئەفلەق قۇرغان ئەرەب گۈللىنىش پارتىيەسى سۈرىيەدە ۋەيران بولدى. چۈنكى، نۇسەيرىيلەر ئەرەب گۈللىنىش پارتىيەسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. نۇسەيرىيلەر ئەرەب گۈللىنىش

پارتىيەسىنى يوقاتتى، مىشىل ئەفلەقنى ئۆلتۈردى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىق دىنلارنى، ئىنسانىي قىممەتلەرنى، قائىدە-پرىنسىپلارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي يوقاتتى. نۇسەيرىيىلەر ئالدى بىلەن ئەرەب گۈللىنىش پارتىيەسى ئىچىدىكى مۇسۇلمانلاردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇلارنى تەدرىجىي يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن كۈپۈرلۈق دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ئورگانلىرىدا دۆلەت شوئارىغا ئايلاندى. ئىبراھىم خەللاس 1967-يىلى 4-ئاينىڭ 25-كۈنى «سۇرىيە خەلق ئارمىيەسى ژۇرنىلى » دا مۇنۇ قۇرلارنى يازدى: « ئەرەب مەدەنىيىتىنى بىنا قىلىش، ئەرەب جەمئىيىتىنى قۇرۇپ چىقىشنىڭ بىردىن بىر يولى بولسا يېڭىچە ئەرەب سوتسىيالىزمچى ئىنسانلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشتۇر. بۇنداق ئىنسانلار- الله، پۈتكۈل دىنلار، فېئودالىزم، كاپىتالىزم، جاھانگىرلىك، ئىلگىرىكى جەمئىيەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بارلىق قىممەتلەر ... كەلمەسكە كەتتى؛ بۇلار پەقەتلا تارىخى مۇزېيلاردىكى ئاسارە –ئەتىقىگە ئايلىنىپ كەتتى.. دېگەنگە كەسكىن ئىشىنىدۇ . »([65]).

شەفىق كامال سادام ھۇسەيىننى مەدھىيەلەپ مۇنداق دەيدۇ: «سىنىڭ ئۇلۇغ يۈزۈڭ بىزنىڭ ئىچىمىزدە اللەنىڭ يۈزىگە ئوخشاش ئۇلۇغلۇق چىقىپ تۇرىدىغان بەرىكەتلىك بولسۇن..»

1964-يىلى ئەرەب گۈللىنىش پارتىيەسى كۈچلىرى ھەماتقا كىرگەندە ھەمات تەۋرەپ مۇنداق دېگەن ئىدى. «قۇرالنى ئال! مۇھەممەدنىڭ دىنىنىڭ قورالنى ئال!..»

1980-يىلى مۇداپىئە ئارمىيەسى چىقىپ كەتكەندە، ئەرەب گۈللىنىش پارتىيەسىدىكىلەر « (يسقط الله) الله يوقالسۇن! (الأسد ربنا) بەشەر ئەسەد

[65]مقدمة كتاب العرب والاسلام للندوي.[

بىزنىڭ رەببىمىز! (لا إله إلا الوطن ولا رسول إلا البعث) ۋەتەندىن باشقا ئىلاھ يوق! ئەرەب گۈللىنىش پارتىيەسىدىن باشقا پەيغەمبەر يوق... دەپ شوئار تۇۋلاشتى ([66]).» ئەمما، نۇسەيرىيىلەر جىسىر شۇغۇردا: «(لا إله إلا ساجي - بن سليمان المرشد -) مۇرشىد ساجىي ئىبنى سۇلايماندىن باشقا ئىلاھ يوق... دەپ شوئار تۇۋلاشتى.» (الله ھەرقانداق ئىنساننى بۇنداق قەبىھ سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىسۇن. الله پاكتۇر...)

9-ئەرەب گۈللىنىش پارتىسىنىڭ 1939-يىلى 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ قەد كۆتۈرۈشى.

نازىيە مىللەتچىلىك ھەرىكىتى [67] ۋە فاشىستىيە مىللەتچىلىك ھەرىكىتى [68]پۈتكۈل دۇنيانى قاپلىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشقا باشلىدى. مەسىلەن: زەكى ئەرسۇزى پەيلاسوپ نازىيە نىتشەنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ||(هكذا تكلم زرداشت عن موت الإله....) «زەردەشت ئىلاھنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا مۇنداق سۆزلىدى...»|| دېگەن كىتابىنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىدى. مىشىل ئەفلەق نىتشە ۋە جىيدىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىدىيەلىرى مەيدانغا كېلىپ ، خىرىستىيان دىنىنى «توكۇر ئىتنىڭ دىنى» ([69])دەپ ئاتىغان نىتشەنىڭ بىئاراملىق ۋە دىنسىز ئاتېزىمچىلىقنى خۇلاسىلەپ چىقتى.

[66]مجلة النذير العدد 17 رجب سنة 1400 هـ شهر أيار سنة 1980م.[

**[67]نازىيە ـ گىتلىر قوماندانلىقى ئاستىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتچىلىك پارتىيىسى.**

**[68]فاشىستىيە مىللەتچىلىك ھەرىكىتى ـ 1920 ـ يىلى ئىتالىيەدە بېنىتو مۇسولىنىنىڭ قولى بىلەن تەسىس قىلىنغان مىللەتچىلىك ۋە يۇرتۋازلىق ئىقىدىكى سىياسىي ھەرىكەتنى كۆرستىدۇ.**

**[69]تهافت العلمانية د. عماد الدين خليل ص 92 نقلا عن كتاب كولن ولسن (سقوط الحضارة) ترجمة أنيس زكي ص 174-179.[**

نىتشە پەلسەپىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىكلىرى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا خۇلاسىلىنىدۇ.

1-دىنسىز ئاتىزىمچىلىق.

2-خىرىستىيان دىنىدىكى قىيامەت ئىدىيەسى بەندىلەرنىڭ ئەخلاقىدىن پەيدا بولغان؛ چۈنكى، ئاجىزلارنىڭ كۈچلۈكلەرگە قارىتا پەيدا بولغان ئۆچمەنلىكى ئاجىزلاردا ئاخىرەت ئىدىيەسىنى پەيدا قىلغان. شۇڭا، كۈچلۈكلەر ھۆكۈمرانلىقنى قولغا ئالغان؛ شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل دۇنياغا خىرىستىئان دىنىنىڭ زۇلۇمى تارقالغان..

3-ئۇمىدسىزلىك ۋە بىئاراملىق: بۇ ئىككىسى ئىنسانىيەتنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن دائىملىق شەرتتۇر. ([70]).

تۆۋەندە سىز مىشىل ئەفلەقنىڭ سۆزى بىلەن نازىيە ۋە فاشىستىيە مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ سۆزلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ!

1-«ئەرەب گۈللىنىش پارتىيەسى ئەرەب ئۈممىتىنىڭ شان-شەرىپىدۇر» دېگەن مىشىل ئەفلەقنىڭ بۇ سۆزى مۇسۇلىنىنىڭ « فاشىزم ئىتالىيە ئۈممىتىنىڭ شان-شەرىپىدۇر » دېگەن سۆزىگە ئوخشاشتۇر([71]). بۇ سۆز گىتلىرنىڭ نەزىرىدە بىر ئىلاھى ھەقىقەتتۇر. مانا بۇ سۆز تىروتسكىينىڭ «كوممۇنىزم پارتىيەسى خاتالاشمايدۇ؛ چۈنكى، ئۇ تارىخى مۇقەررەرلىكنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن..» دېگەن سۆزىنىڭ ئۆزىدۇر.

2-«ئەرەب گۈللىنىش پارتىيەسىنىڭ ئەقىدىسىگە ئەقىل بىلەن يەتكىلى بولمايدۇ، بەلكى، ئۇنىڭغا پەقەتلا شۇ پارتىيەگە ئىمان ئېيتىش ئارقىلىق

[70] المذاهب الوجودية جوليفيس ص 63.[

[71] الحلول المستوردة للقرضاوي ص 306-311 نقلا عن كتاب (التجربة والخطأ) لأديب نصور ص46-48.[

يەتكىلى بولىدۇ...» دېگەن مىشىل ئەفلەقنىڭ بۇ سۆزى مۇسۇلىيىنىنىڭ «شۇبھىسىزكى، فاشىزم ھېس -تۇيغۇنى بىلەلەيدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت.

3-«ئەرەب گۈللىنىش پارتىيەسى بىزگە يۈكلىگەن شان-شەرەپ بىزگە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئاتا قىلدىكى، بىز كىشىلەرگە كۈچلۈك قوماندانلىق قىلىشىمىز ۋە قاتتىق قوللۇق بىلەن ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك ...» دېگەن مىشىل ئەفلەقنىڭ بۇ سۆزى مۇسۇلىيىنىنىڭ «شۇبھىسىزكى، فاشىزم بىزگە يۈكلىگەن شان-شەرەپ بىزگە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئاتا قىلدىكى، بىز كىشىلەرگە كۈچلۈك قوماندانلىق قىلىشىمىز ۋە قاتتىق قوللۇق بىلەن ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك ...» » دېگەن سۆزىنىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت.

4-«ئەرەب گۈللىنىش پارتىيەسى ئاۋانگارت قوشۇندۇر؛ كىشىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشى كېرەك ..» دېگەن مىشىل ئەفلەقنىڭ بۇ سۆزى مۇسۇلىيىنىنىڭ «شۇبھىسىزكى، فاشىزم تاللانغان ساپ كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ، شۇڭا، فاشىزم ھۆكۈمىتى كىشىلەرگە قوماندانلىق قىلىشى كېرەك » دېگەن سۆزىنىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت.

# ھەربىي ئۆزگىرىشلەر ۋە مىللەتچىلىك ئىنقىلابلىرى

ھەقىقەتەن، بۇ يېڭىدىن پەيدا بولغان مىللەتچىلىك ئىدىيەلىرىنىڭ ئەسكىرى قوماندانلىقى بولۇشى كېرەك . شۇندىلا بۇ مىللەتچىلىك ئىدىيەلىرى كىشىلەرگە زورلۇق بىلەن ئۆز ئىدىيەلىرىنى تاڭالايدۇ ھەمدە مىللەتچىلىك ۋە سوتسىيالىزمنى ئىسلامنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزالايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزدىكى غەرب دائىرىلىرى ۋە شەرقشۇناسلار ئەسكەر ياشلارنى يېتەكچى قوماندان قىلىشنى تەۋسىيە قىلىشتى. چۈنكى، غەرب دۇنياسى بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى بۇ ياش يېتەكچىلەر ئارقىلىق بازارغا سېلىپ ، ئۇلارنى كونترول قىلالايدۇ...

قۇستەنتىين رەزىيق مۇنداق دەيدۇ: « ئەرەبلەر يېقى دەۋرلىرىدە شان-شەرەپ ۋە تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك ؛ ئۇلار چوقۇم كونا قالاق ئىدىيەلەرنى چۆرۈپ تاشلىشى كېرەك . شۇ ۋاقىتتا، جەڭگىۋار بىر گۇرۇھ ئەۋلادلار غەرب دۇنياسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ كونا قالاق ئىدىيەلىرىنى چۆرۈپ تاشلىشى ئۈچۈن كۈرەشنى داۋاملاشتۇرالايدۇ. ([72])»

[72]الشرق الأدنى ثقافته ومجتمعه ص335 أنظر كتاب الإسلام والحضارة الغربية ص126.[

جىب ([73])مۇنداق دەيدۇ: « تەرەققىياتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى ئىسلام دۇنياسىدىكى يېتەكچى قوماندانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئۇلار ئىچىدىكى ياشلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا قاراشلىقتۇر.»

مىللەتچىلىك ئىدىيەسى كىشىلەرنى ئۆزىگە بەكمۇ جەلپ قىلىدىغان ئىدىيە بولۇپ، بۇ ئىدىيە ئەركىنلىك، تەرەققىيات، ۋەتەن مۇستەقىللىقى... نامىلىرى بىلەن كىشىلەرنى ناھايىتى ئاسانلا ئالدىيالايدۇ.

جىب يەنە مۇنداق دەيدۇ: « غەربشۇناسلار دۆلەتتە ھاكىمىيەتنى ئالىقىنىدا مۇستەھكەم، خاتىرجەم تۇتۇپ تۇرۇشتا قوللانغان ئۇسۇل بولسا دەل مىللەتچىلىك ئىدىيەسى بولۇپ، ئۇ ئاجايىپ بىر كۈچلۈك ئىدىيەۋى قورالدۇر...»

شۇنىسى ئېنىقكى، ئەسكەرلەر ئۇممەتنى ئىدارە قىلىشنى، خەلقكە كۆڭۈل بۆلۈشنى، ئاۋام خەلقكە يۈرگۈزىدىغان سىياسەتنى بىلمەيدۇ. شۇڭا غەرب دۇنياسى ئىسلام شەھەرلىرىنى ئۇلار ئارقىلىق كونترول قىلىدۇ.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن سەتىيف مىيد 1952-يىلىدىكى ئىنقىلابنىڭ ئەسكەرلىرىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: « ھەقىقەتەن، بۇ ئەۋلادلار (بۇ ئەسكەرلەر) ئۆزلىرىنى "كومۇدىيىچى روبىين ھۇد گۇرۇھى نىڭ ئەزالىرى دەپ ئويلايدۇ، بۆلار "ئىنقىلابى قەھرىمانلار" دېگەن نامغا ئېرىشكەنلىكىدىن بەك خۇشالدۇر؛ بىراق، مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن " بۇ ئىنقىلابنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىرمۇ ئەسكەرنى تاپالمايمەن... ئۇلار سىياسەتكە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ... ئېھتىمال، بۇ بىزنىڭ ھەمدە بىز بىلەن بىر سەپتە تۇرغان جامال ئابدۇ ناسىرنىڭ نېسۋىسى بولۇشى مۇمكىن ... ئۇلار

[73]الشرق الأدنى ص325 أنظر الاسلام والحضارة الغربية 131 .]

ئۆزلىرىگە نېمە قىلىش ھەمدە نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى دەپ بېرىدىغان يېتەكچىلەرگە موھتاجدۇر. ([74]) »

1954-يىلى مەنشىيە مەيدانىدا ئابدۇناسىرغا ئوق چىقارغان كۈنى ئەتىگەندىكى ئىنقىلاب ۋە ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا قىسمەدىكى بىر قىسىم ئوفىستېرلار ئابدۇلكەرىم ئامىردىن سورىدى؛ ئۇ ئۇلارغا جاۋابەن ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېدى : « مەن بۇ ئىنقىلاب توغرىسىدا ھېچنەرسىنى بىلمەيمەن. بۇ ئىنقىلابنى ئابدۇناسىر بىر قوللۇق پىلانلىغان ھەم ئىجرا قىلغان؛ بۇ ئىنقىلابنىڭ كەلگۈسى پىلانلىرىنىمۇ پەقەت ئابدۇ ناسىر بىلىدۇ... ([75])»

مۇرۇبىيرجىر «بۈگۈنكى ئەرەب دۇنياسى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «مىسىر، سۇدان، ئىراق، تۈركىيە، ئىران، پاكىستان قاتارلىق تۆۋەن شەرقتىكى تاللانغان ئەسكەرلەر ئىسلام دۇنياسىنى ئۆزگەرتىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر... ئەرەبلەر ياۋروپاغا بارماي تۇرۇپلا غەربلىشىپ بولدى...»

مايلزكوبلاند مۇنداق دەيدۇ: « ئەگەر ئابدۇ ناسىر تۇغۇلمىغان بولسا، ئەلۋەتتە، بىز ئابدۇ ناسىرغا ئوخشاش دىكتاتور زومىگەر ھاكىمنى يېتىشتۇرۇپ چىقاتتۇق... ([76])»

شۇ سەۋەبتىن، 1954-يىلى ئابدۇناسىرنىڭ ئەرەب مىللەتچىلىكىگە چاقىرىق قىلىشى ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىدىن مايلزكوبلاند ئېيتقاندەك، ئامېرىكىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن بولغان ئىدى. ئابدۇناسىرنىڭ ئەرەب مىللەتچىلىكىگە چاقىرىق قىلىشى پۈتكۈل ئەرەب دۇنياسىغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. مىسىر ۋە ئۇنىڭ داھىيسى ئابدۇ ناسىر بولمىغان بولسا

[74]لعبة الأمم/مايلز كوبلاند/ 64، وتحليله (الدبلوماسية والميكافيلية د. محمد صادق ص199.[

[75]قصة ثورة 23 يوليو لأحمد حمروش ج2/40 وأنظر كتاب صفحات من التاريخ ج1/ 237 لصلاح شادي .[

[76]لعبة الأمم ص 124 وتحليلة (الدبلوماسية والميكافيلية) ص149.[

مىللەتچىلىك ھەرىكىتى بۇنداق كەڭ تارقالمىغان بولاتتى. ئابدۇ ناسىر مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ بۇنداق كەڭ تارقىلىشىغا، كوممۇنىزىمنىڭ بۇنداق چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا، ئىسلامنىڭ پۈتكۈل رايونلاردىن چېكىنىشىگە شارائىت ھازىرلىغان ئىدى. بىراق، زورلۇق كۈچى بىلەن پۈتكۈل رايونلارغا مەجبۇرى تاڭغان بۇ مىللەتچىلىك پىكىرلىرى ناھايىتى تىزلا زېمىن يۈزىدىن يوقالدى.

(أَلَمْ تَرَ كَيْفَ ضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلًا كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا
ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِى ٱلسَّمَآءِ ﴿٢٤﴾ تُؤْتِىٓ أُكُلَهَا كُلَّ حِينٍۭ بِإِذْنِ رَبِّهَا ۗ
وَيَضْرِبُ ٱللَّهُ ٱلْأَمْثَالَ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٢٥﴾ وَمَثَلُ
كَلِمَةٍ خَبِيثَةٍ كَشَجَرَةٍ خَبِيثَةٍ ٱجْتُثَّتْ مِن فَوْقِ ٱلْأَرْضِ مَا لَهَا مِن
قَرَارٍ ﴿٢٦﴾ يُثَبِّتُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ بِٱلْقَوْلِ ٱلثَّابِتِ فِى ٱلْحَيَوٰةِ
ٱلدُّنْيَا وَفِى ٱلْـَٔاخِرَةِ ۖ وَيُضِلُّ ٱللَّهُ ٱلظَّـٰلِمِينَ ۚ وَيَفْعَلُ ٱللَّهُ مَا
يَشَآءُ ﴿٢٧﴾)

« ئاللاھنىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە (يەنى ياخشى سۆز، ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى ـ ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخقە ئوخشايدۇ. ئاللاھ كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارغا نۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ. يامان سۆز (يەنى كۇفرى كەلىمىسى) زېمىندىن قومۇرۇپ تاشلانغان، ھېچقانداق قارارى يوق ناچار دەرەخقە ئوخشايدۇ. ئاللاھ مۆمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان

بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. ئاللاھ زالىملارنى گۇمراھ قىلىدۇ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ.»

بېرنارد لۇيىس مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق تەييار سىياسىي تۈزۈمنى ھەرخىل دۆلەت ۋە ھەرخىل مىللەتلەردىن قوبۇل قىلىش ھەمدە ئۇنى غەربلىكلەرنىڭ ياكى شەرقتىكى غەربپەرەس ھاكىملارنىڭ ۋاستىسى بىلەن مەجبۇرى يولغا قويۇش خاتا ھەرىكەتتۇر. چۈنكى، دېموكراتىيە ھاكىمنىڭ مۇتلەق ئەمر پەرمانلىرىنى يولغا قويىدۇ... نەتىجىدە ئۆتمۈش بىلەنمۇ مۇناسىۋەتى بولمىغان، دۆلەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بىلەنمۇ ئالاقىسى بولمىغان، كەلگۈسىنىڭ ئېھتىياجلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتى بولمىغان بىر نىزام بارلىققا كېلىدۇ ... (77).»

ھەقىقەتەن، كۆك ئەلب دىننى دۆلەتتىن ئايرىشقا؛ يەنى، ئىلمانىزىم دۆلىتى قۇرۇپ چىقىشقا ھەمدە مىللەتچىلىك مەدەنىيىتىنى ساقلاش بىلەن بىرگە، غەرب مەدەنىيىتىنى بىر پۈتۈن قوبۇل قىلىشقا چاقىردى. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلامنى ھاياتتىن يىراقلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى بۇنى دىنسىزلىق ياكى زىندىقلىق دېيىشكە رۇخسەت قىلماستىن بەلكى، ئىسلامنى يوقىتىشنى مانا بۇ ئىسلام دەپ ئاتاشقا چاقىرىق قىلدى. ھارۋەلد سىمىس ئېيتقاندەك، غەربلىكلەر كۆك ئەلبنى ھازىرقى تۈركىيە دۆلىتىنىڭ نەزەرىيە ئاساسىنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشى دەپ ئېتىبارغا ئالىدۇ. (78)

---

77 الحلول المستوردة للقرضاوي نقلا عن كتاب الغرب والشرق الأوسط 85-86.[

78 وجهة الإسلام هاملتون جب 358، الثقافة الإسلامية والحياة المعاصرة ص73 أنظر كتاب الإسلام والحضارة الغربية للدكتور محمد محمد حسين ص147.[

# تۈركىيە مىللەتچىلىكى

## (تۇرانىيە مىللەتچىلىكى)

بىز بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى ھەققىدىكى سۆزىمىزگە قايتىشتىن بۇرۇن — ۋەھالەنكى بۇ جەمئىيەتنى تۈركىيە ياشلىرى قۇرغان- تۈركىيە مىللەتچىلىكى ھەققىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتىمىز.

تۈركىيە مىللەتچىلىكى تۇنجى قېتىم ئىستانبۇلدىكى ئەسكىرى ئاكادېمىيەدە پەيدا بولغان بولۇپ، بۇ مىللەتچىلىك ئۇرۇقىنى گېرمانىيەلىك ئەسكىرى ئۇستازلار ئىلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ گېرمانىيەلىك ئەسكىرى ئۇستازلار پۇختا تەربىيەلەنگەن ، ئالاھىدە بىر كۈچلۈك ئارمىيەگە موھتاج بولغان تۈركلەرگە يېڭىچە قورال-ياراقلار ۋە يېڭىچە ئۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگۈتۈش ئۈچۈن تۈركىيەگە كەلگەن ئىدى. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا، تۈركىيە پۈتكۈل دۇنيا كاپىرلىرىغا ئۆزى يالغۇز تاقابىل تۇرۇۋاتقان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، 1838-يىلى گېرمانىيەلىك ئەسكىرى ئۆمەك تۈركىيەگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ئۆمەكنىڭ باشلىقى ئەل كۇلۇنىيل (فۇل دەرجۇلس) ئىدى. بۇ ئۆمەك تۈركىيەدە 13-يىل تۇرۇپ قالغان بولۇپ، مانا بۇ ئۆمەكنىڭ سەۋەبى بىلەن تۈركىيەدە مىللەتچىلىك ئۇرۇقلىرى بىخ ئۇرغان ئىدى.

ئەمما، تۇرانىيە مىللەتچىلىكىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئىككىنچى ئامىلىغا كەلسەك، بۇ ئامىل بولسا 1848-يىلىدىكى ئىنقىلابلىرى مەغلۇپ بولغاندىن كىيىن، ۋىنگىرىيەلىك ۋە پولشالىق مۇساپىرلارنىڭ تۈركىيەگە ھىجرەت قىلىشىدۇر. بۇ مۇساپىرلار ئىسلامغا كىردى. ئۇلار بۇ دۆلەتتە ئالاھىدە تەبىقىدىكى كىشىلەرگە ئايلاندى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا قۇستەنتىين بورزىيىسكىيمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى مۇستافا جالالىددىن دەپ ئاتىۋالغان ئىدى.

بۇ كىشى زەھەرلىك مىللەتچىلىكنىڭ بېشى ئىدى. ئۇ بۇ زەھەرنى تۈرۈكلەرنىڭ ئەقىللىرى ۋە روھلىرىغا سىڭدۈرۈۋەتتى. بېرنارد لويىس مۇنداق دەيدۇ: «قۇستەنتىين بورزىيىسكىي پولشا مىللەتچىلىكنى يۆتكەپ كېلىپ، ئۇنى تۈركىيەنىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى قىلىشىغا تۈركىيەنىڭ ئىشلىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان غەربشۇناسلار ۋە شەرقشۇناسلار ياردەم بەردى... بۇنىڭ ئىلگىرىكى تۈرك تارىخىنى باھالاشتا مۇھىم تەسىر بار... ([79]).»

بىز بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى ھەققىدىكى سۆزىمىزگە قايتىپ كېلىمىز؛ بۇ جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ماسونىي ئىدى. سالونىيك يەھۇدىيلىرى بۇ جەمئىيەتنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئاساسلىق كۈچ بولۇپ، ئۇلارمۇ ماسونىي ئىدى.

بىز ستون ۋتسوننىڭ سۆزىنى يەنە بىر قېتىم تەكرار ئېيتىمىزكى، « بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى بولسا تۈرك مەدەنىيىتىمۇ ئەمەس ھەمدە ئىسلام مەدەنىيىتىمۇ ئەمەس ئىدى. ([80]) » چۈنكى، بۇ جەمئىيەت ئابدۇل ھەمىدخانىنىمۇ، تۈركىيەنىمۇ، ئىسلامنىمۇ يوقاتتى. بۇ مىللەتچىلىك ھەرىكىتى ئوسمانىيە ھۆكۈمىتىگە بويسۇنىدىغان ئىسلام ئۈممىتىگە قاتتىق ئەكس تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، بىز بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ ئاجايىپ نومۇسسىز ھەرىكەتلىرىدىن كېيىن، ئۇلار مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشقا باشلىغان ھەمدە تۈركىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن مەخپىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇشقا باشلىغان ئىدى. بۇ مەخپىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇشقا باشلىغانلارنىڭ بېشىدا ئەرەبلەر بار ئىدى. بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ ئاجايىپ نومۇسسىز ھەرىكەتلىرىدىن، شەرىف ھۈسەيىننىڭ قوماندانلىقىدىكى بۈيۈك ئەرەب ئىنقىلابىدا ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ

---

[79]الحلول المستوردة ص/160 .[

[80]نشأة القومية، زين زين ص/86-87، انظر الحلول المستوردة ص/164.[

ئەنگلىيە بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ تۈركلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشىغا باناـ سەۋەبلەرنى تاپقان ئىدى. بۇ مىللەتچىلىك ھەرىكىتى ئىسلام دۇنياسىغا ئىچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. توينبىي ([81])مۇنداق دەيدۇ: « تۈركىيەدىكى ئوفىتسېرلار غەربنىڭ تەسىرلىرى ئاستىدا ئىجرا قىلىنغان مىللەتچىلىك پىكىر دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتتى. 1908-يىلى يەنى، زالىم مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىدىن 30يىل كېيىن، ئەسكەرلەردىن تەشكىللەنگەن يېڭى تۈرك ئەۋلادلىرى غەرب لىيبىرالىسلىرىنىڭ [82] تۈركىيەگە ھۇجۇم قىلىدىغان ئالدىنقى سەپ قوشۇنى بولغان ئىدى.»

تۆۋەندە تۇرانىيە مىللەتچىلىكى بىلەن ئەرەب مىللەتچىلىكى ئوتتۇرىسىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

تۇرانىيە مىللەتچىلىكى بىلەن ئەرەب مىللەتچىلىكىنىڭ ھەر ئىككىسى تۆۋەندىكىدەك ئورتاقلىقىقا ئىگە:

1-بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ مەقسىتى ئىسلام دۆلىتى تۈركىيەنى يوقۇتۇش؛ بولۇپمۇ سۇلتان ئابدۇل ھەمىدخاننى يوقۇتۇشتۇر.

2-گەرچە  ئەرەب مىللەتچىلىكى تۇرانىيە مىللەتچىلىكىدىن ئازراق كېيىن باشلانغان بولسىمۇ.. بىراق، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىرلا ۋاقىتتا تەڭ باشلانغان؛

3-بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئىلمانىزىم تەبىقىسىدىكى كىشىلەر بولۇپ، بۇلار ئىسلامنى ھايات مەيدانلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇشتا ئورتاق پىكىرگە كەلگەن؛

[81]الإسلام والغرب والمستقبل لتوينبي ص20 تعريب نبيل صبحي.[

[82] ساختا ئەركىنلىك ۋەراۋەرلىككە تەشەببۇس قىلىدىغان ئىقىم.

4-ھەقىقەتەن، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئەجنەبىيلەرنىڭ قورغانلىرىدا پەيدا بولغان؛ مەسىلەن: ئەرەب مىللەتچىلىكى ئامېرىكا قورغانلىرىدا ۋە ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا بارلىققا كەلگەن؛ بىراق، تۇرانىيە مىللەتچىلىكى بولسا ئىسپانىيە، پولشا، ئىتالىيە يەھۇدىيلىرى يېتەكچىلىك قىلىدىغان ماسونىي قۇرۇلتايلىرىدا بارلىققا كەلگەن.

5-تۇرانىيە مىللەتچىلىكى بىلەن ئەرەب مىللەتچىلىكىنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ تۇنجى قوماندانلىرى ئەسلا مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس بولۇپ، ئۆز مىللىتى ئۈچۈن دەۋەت قىلىدىغان كىشىلەردىنمۇ ئەمەس ئىدى. مەسىلەن: قۇستەنتىين بورزىيىسكىي، ئۇ ئۆزىنى مۇستافا جالالىددىن دەپ ئاتىۋالغان بولۇپ، ئۇ ئەسلى پولشالىق ئىدى. قۇستەنتىين بورزىيىسكىي پولشا مىللەتچىلىكىنى يۆتكەپ كېلىپ ، ئۇنى تۈركىيەنىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشتۇردى. بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى قۇرۇلغان تۇنجى كۈندىن باشلاپ ساپ تۈرك نەسلىدىن بىرمۇ ئەزا بۇ جەمئىيەتنىڭ قوماندان ۋە يېتەكچىسى بولغان ئەمەس ئىدى. مەسىلەن: ئەنۋەر پاشا گوللاندىيەلىك دىندىن چىققان مۇرتەد كىشىنىڭ ئوغلى؛ جاۋىيد مەشھۇر دۆنمە يەھۇدىيلار گۇرۇھىدىن ؛ كىراسو گىرېتسىيەنىڭ ئەڭ چوڭ شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولغان سالونىيك شەھىرىگە ئورۇنلاشقان ئىسپانىيەلىك يەھۇدىيلاردىن ئىدى. تەلئەت پاشا غەجەرىيلىكنىڭ[83] نەسلىدىن بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىغا كىرگەن؛ ئەمما، ئۇلارنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى يېتەكچىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئەھمەد رىزا مۇنداق دەيدۇ: تەلئەت پاشانىڭ يېرىمى شىركىسىيلىك[84]، يېرىمى غەجەرىيلىك بولۇپ، «كومىت پەلسەپە مەكتىپى»نىڭ ئەشكۈچىلىدىن ئىدى..)

ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تۇنجى قوماندانلىرىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئەمەستى. بىترۇس بوستانىي، ناسىف ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم

---

[83]غەجەرىيلىك ـ بۇلار ئەسلى ھىندىستاندىن كەلگەن بىر خەلق بولۇپ. ئەڭ دەسلەپتە گىرتسىيدە ئاندىن ياۋرۇپادا نامى چىققان، ناخشا مۇزىكىدا نامى چىققان بىر مىللەت.

[84]شىركىسىيە مىللىتى ـ روسىيە ئىشغال قىلىشتىن بۇرۇن ئەينى ۋاقىتتا مۇستەقىل شىركىسىيە دۆلىتى بار ئىدى. ئۇلار كاۋكازنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان بىر مىللەت.

يازجى، شەدياق، ئەدىب ئىسھاق، نەققاش، تەقلا، سۇرۇف، جورجىي زەيدان، نەمىر، مەششاقە.. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئەمەس؛ بەلكى، ساپ خىرىستىئانلار ئىدى.

20-ئەسىر يېتىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا زەكىي ئەرسۇزىي، مىشىل ئەفلەق ئەرەب گۇللىنىش پارتىيەسىنىڭ قوماندانلىرىدىن ئىدى. ئانتۇن سەئادە، جورجى ئابدۇل مەسىھ سۇرىيە مىللەتچىلىك پارتىيەسىنىڭ قوماندانلىرىدىن ئىدى. جورجى ھەبەش بولسا ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ قوماندانلىرىدىن ئىدى.

ئەلكار دىينال بەرىيتولى ([85]) پاپاغا مۇنداق دەيدۇ: « خىرىستىيان دىنى شەرقتە ئىنقىلابى ھەرىكەتلەرنى ۋە ئۆزگەرتىش ھەرىكەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى... مىشىل ئەفلەق، ئانتون سەئادە .. دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملار سىزگە مەقسىتىمنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.»

6-شۇبھىسىزكى، ماسونىيلار-يەنى، يەھۇدىيلار- تۇرانىيە مىللەتچىلىكى بىلەن ئەرەب مىللەتچىلىكىنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرەتتى. بۇ يەھۇدىيلار ماسۇنىي قۇرۇلتايلىرىدا بۇ مىللەتچىلىك ئىدىيەلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، تەربىيەلەپ يېتىلدۈرمەكتە ئىدى. «بىيرۇت مەخپىي جەمئىيىتىنى» قۇرغان بەش كىشىنىڭ ھەممىسى ماسۇنىي ئىدى. شۇنىڭدەك، تۇرانىيە مىللەتچىلىكىگە چاقىرىق قىلىۋاتقانلارمۇ ماسۇنىي ئىدى.

7-تۈركىيەدىكى ئىسلامنى يوقۇتۇش ئۈچۈن سۇيىقەستلىك پىلانلارنى تۈزۈپ بېرىدىغان بىر قىسىم جاھىلىيەت قوماندانلىرى ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن قاھىرەگە يۆتكەلدى. مەسىلەن: مىسىرلىق ئەزىز- ئۇ دەسلەپتە بىرلىك

[85] الأخبار الكويتية عدد 14 سنة 1979، سنة 1399هـ.[

ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىگە قاتناشقان بولۇپ، كېيىن ئۇ «قەھتانىيە جەمئىيىتى، ئەھدى جەمئىيىتى» قاتارلىق جەمئىيەتلەرنى تەشكىللىگەن.

ئىستانبۇلدىكى يەھۇدىي ئەلھاخام ناھۇم ھايىم تۈركىيەدە خىلاپەتنى يىقىتىپ بولغاندىن كېيىن قاھىرەگە يۆتكەلدى. ھەقىقەتەن، ئۇ مىسىر سىياسىتىگە قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇقاد ئۇزۇن مەزگىللىك ئىلىم-پەن مۇكاپاتىدىن مەھرۇم بولغان ئىدى. ئۇقاد بىر كۈنى ناھۇم ھايىمنى يوقلاپ باردى؛ شۇنىڭ بىلەن ناھۇم ھايىم ئۇقادقا ئىككىنچى كۈنى ئابدۇ ناسىر ئارقىلىق ئىلىم-پەن مۇكاپاتىنى بەردى.

شۇنىڭدەك، ئىسمائىل ئەھمەد ئەدھەممۇ([86]) تۈركىيەدىن مىسىرغا باردى. ئۇ «نېمە ئۈچۈن مەن دىنسىز ئاتېزىمچى؟» دېگەن كىتابنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇ يەنە « دىنسىز ئاتېزىمچىلىقنى تارقىتىش شەرق جەمئىيىتى» نى قۇرۇپ چىقتى. ئىسمائىلنىڭ «ئەسرلەر» ژۇرنىلى دىنسىز ئاتېزىمچىلارنىڭ پىكىرلىرىنى تارقىتىدىغان سەھنە ئىدى.

8-ئەرەب مىللەتچىلىكى ئامېرىكىنىڭ سىياسىي نەزەرىيەلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. تۇرانىيە مىللەتچىلىكى بولسا فىرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىگە تەسىرىگە ئۇچرىدى.

فىيلىب ھەتا مۇنداق دەيدۇ: ([87]) « سۇرىيە راتسىئونالىزمچىلىرى[88] بىلەن غەرب ئىدىئولوگىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشنىڭ نەتىجىسىدە ئەرەب مىللەتچىلىكىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرى مەيدانغا كەلدى. ئەرەب مىللەتچىلىكى ئامېرىكىنىڭ سىياسىي نەزەرىيەلىردىن كۆپ ئىلھام ئالدى.

---

[86] ذيل الملل والنحل/ محمد سيد كيلاني ص91.[

[87] الغزو الكفري/ د. علي عبد الحليم محمود ص 182.[

[88] **ئەقلنى بىرىنجى ئورۇنغا قويىدىغان، ھەممە ئىشتا ئەقلگە تايىنىدىغان ئىقىم.**

بىراق، تۈركىيە تۇرانىيە مىللەتچىلىكىنىڭ پىرىنسىپلىرى ئەرەب مىللەتچىلىكىدىن كېيىن مەيدانغا كەلدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىلھاملىرىنى فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ پىرىنسىپلىرىدىن قوبۇل قىلدى. »

9- تۈركىيە تۇرانىيە مىللەتچىلىكىدە يەھۇدىيلارنىڭ قولى بارلىقى ناھايىتى ئېنىقتۇر. چۈنكى، يەھۇدىيلار ھەر دائىم ئەرەبلەر ئىچىدە مىللەتچىلىك ھەرىكىتى قوزغاشقا ھېرىسمەن ئىدى.

ئەنگلىيە ئەلچىسى 1910 -يىلى 5-ئاينىڭ 29-كۈنى ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ھادىينىغقا بىر پارچە مەكتۇپ يوللىغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: « تۈركىيە ياشلىرى تەشكىللىگەن بىرلىك ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتىنى ھەركەتلەندۈرۈۋاتقانلار سالۇنىيك يەھۇدىيلىرىدۇر. ئىسپانىيەنىڭ سالۇنىيك شەھىرىدە تەخمىنەن 140مىڭ يەھۇدىي بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە 80 مىڭ يەھۇدىي ئەسلى ئىسپانىيەلىكتۇر؛ 20 مىڭ يەھۇدىي لاۋىي [89] قەبىلىسىدىندۇر. ئۇلار كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمانلار قىياپىتىگە كىرىۋالغان يەھۇدىيلار بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەسلى ئىسپانىيەلىك، قەدىمكى ئىتالىيە مىللىتىدىن ئىدى. ئۇلار ماسونىيلار بولۇپ، ئۆزىنى ئىتالىيە قۇرۇلتايلىرىغا نىسبەت بېرىدۇ. مەسىلەن: يەھۇدىي لۇزاتىي ۋە سونتىيو مىنىستىرلار رەئىسلىرىدىن بولۇپ، بۇ ئىككىسىدىن باشقا پارلامېنت ئەزالىرىمۇ ھەم ماسونىيلاردىن ئىبارەت. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ماسونىي قۇرۇلتايلىرىنى: "بىز ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسكەندىرىيە قۇرۇلتىيىنىڭ بىر تامىقى، بىز ئۇنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ئەگىشىمىز.." دەپ داۋا قىلىشىدۇ. بىر قانچە يىل ئىلگىرى ئەمانۇئىل قاراسو مەيدانغا چىقتى. ئۇ سالونىيك يەھۇدىيلىرىدىن بولۇپ، ئۇ ماسونىي تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇ ھازىر ئوسمانىيە ئاۋام پالاتاسىنىڭ سالونىي شەھىرى ۋەكىلى. بۇ پالاتا مەجلىسى ئوسمانىيە دۆلىتى (مۇسۇلمان ياكى كاپىر بولۇشتىن قەتئىي نەزەر) پۇقرالىرى ئىچىدىكى بارلىق گۇرۇھ ۋە

---

[89] لاۋىي ـ ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى

بارلىق تەبىقىلەرنىڭ ھەممىسىگە قوماندانلىق قىلدۇ. ئەمانوئىل قاراسو "مەقدۇنىي قۇرۇلتىيى" دەپ ئاتىلىدىغان قۇرۇلتايدا ئىتالىيە ماسونىيلىرى بىلەن ھەمكارلىق ئورناتتى... »

شۇنىسى ئېنىقكى، ئەمانوئىل قاراسو تۈركىيە ياشلىرىنى ئەسكەر بولۇشقا، شەھەرلىكلەرنى ماسونىي تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشقا قايىل قىلدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى يەھۇدىيلارنىڭ كەلگۈسىدە يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان تۈركىيە ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىشى ئۈچۈن ئىدى. گەرچە ئەمانوئىل قاراسو سۇلتان ئابدۇل ھەمىدخاننىڭ جاسۇسلىرىنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن تۈركىيە ياشلىرىغا ياردەم بەرگەن قىياپەتكە كىرىۋالغان ھەمدە ئۇ بۇ ياشلارغا قۇرۇلتايلىرىدا خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ئاتا قىلغان بولسىمۇ ... بۇ قۇرۇلتاي كۆزۈتىش ۋە ئارقىسىغا ئادەم چۈشۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەجنەبىيلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ئۆتكۈزۈلەتتى. ماسونىيلار رەمزى بېكىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى بىلدى. رەمزى بىك بولسا يەھۇدىي بولۇپ، ئۇ ماسونىي ئىدى. ئۇ يالغاندىن مۇسۇلمان قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، رەئىسلىك مەركىزىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان... (90).

ئەمما، يەھۇدىيلارنىڭ ئەرەبلەر ئىچىدە ئەرەب مىللەتچىلىك ھېس - تۇيغۇلىرىنى قوزغاشقا ھېرىسمەنلىكىگە كەلسەك، بۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامغا قايتىپ كېتىشىدىن قورققانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئىسرائىلىيە تاشقىرى ئىشلار مىنىستىرى ئەبۇ ئىيبان ئامېرىكىنىڭ بەرىنستون ئۇنىۋېرستېتىدا لېكسىيە سۆزلىگەندە مۇنداق (91)دەيدۇ: « بىرقىسىم ئەرەب رەھبەرلىرى ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئىسلامىي ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇشقا باشلىدى. بۇ ئىسرائىلىيەگە ناھايىتى

90المسلم/ محرم/ صفر سنة 1402ھ (والجماعةالإسلامية ليبيا.[(

91مجلة المجمع الكويتية العدد 433 .[

ئېچىنىشلىق خەتەرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ . بىزنىڭ تۇنجى ۋەزىپىمىز شۇكى، بىز ئەرەبلەرنى دىن-ئىسلام داۋاسى قىلىدىغان ئەمەس؛ بەلكى، ۋەتەن، مىللەت داۋاسى قىلىدىغان مىللەتچىلىك يولىغا باشلىشىمىز كېرەك .»

# ئىسلامنىڭ ئەرەب مىللەتچىلىكى ھەققىدىكى ھۆكۈملىرى

ئىسلام مەيدانغا كەلگەن تۇنجى كۈندىن باشلاپلا ئىنسانىيەت ئۈچۈن يېڭى پىرىنسىپلار ئېلىپ كەلدى. ئىنسانىيەت ئەنە شۇ پىرىنسىپلارغا ئەگىشىدۇ؛ ئەنە شۇ پىرىنسىپلارنىڭ سايىسىدا ياشايدۇ؛ ئىسلام ئىنساننى توپا-لايدىن يارىتىلغان ئەڭ تۆۋەن ئىنساننى «ئەقىدە، دىن »دىن ئىبارەت ئىلاھى پىرىنسىپلار بىلەن يۈكسەك، ئاسمان-زېمىندا ھۆرمەتكە سازاۋەر، مۆكەررەم ئالى دەرىجىگە يۈكسەلدۈردى. ئىسلام باتىلنى يوقۇتۇپ ھەق-ئادالەتنى بەرپا قىلىش، ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ئۆز ھەققىنى بېرىش ئۈچۈن كەلدى. ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئادالەتنى بەرپا قىلغۇچىلار، الله ئۈچۈن گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى:

(يا أيها الذين آمنوا كونوا قوامين بالقسط شهداء لله ولو على أنفسكم أو الوالدين والأقربين إن يكن غنيا أو فقيرا فالله أولى بهما، فلا تتبعوا الهوى أن تعدلوا وان تلووا أو تعرضوا فإن الله كان بما تعملون خبيرا) ([92]).

« ئى مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاھلىق

[92] النساء: 135.]

بىرلىگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن)، ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار، ئاللاھ سىلەردىن ئۇلارغا يېقىندۇر (يەنى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنىڭ نېمىدە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ)، نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغۇساڭلار (يەنى گۇۋاھلىقتىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار)، ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، مۇنداقتا ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر»

ئىسلام ھەق-ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن كەلدى. تۆۋەندە بىز تارىختا ئۆتكەن ئىسلامىي ئادالەتنى بەرپا قىلغانلارنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بىر قەتىرەسىگە نەزەر سېلىپ ئۆتىمىز:

ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى خەيبەر ئەھلىنىڭ مېۋىلىرى ۋە زىرائەتلىرىنىڭ سانىنى ئېنىقلاشقا ئەۋەتكەندە، ئۇلار ئۆزلىرىگە كەڭچىلىك قىلىشى ئۈچۈن (يەنى، زىرائەتلىرى ۋە مېۋىلىرىنىڭ سانىنى ئازراق مەلۇم قىلىشى ئۈچۈن) ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھەگە پارا بەرمەكچى بولدى؛ بۇ ۋاقىتتا ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: « الله بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا ماڭا كىشىلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكى (بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) قېشىدىن كەلدىم؛ سىلەر ماڭا مايمۇن، چوشقىلاردىنمۇ بەتتەر سەت كۆرۈنىسىلەر ... بىراق، مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم ، سىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىم سىلەرگە ئادىللىق قىلىشىمنى... يەنى، ئىچىڭلاردا ئىسلامىي ئادالەتنى بەرپا قىلىشىمنى توسۇپ

قالالمايدۇ- دېدى ؛ خەيبەر ئەھلى بىردەك، ئاسمان-زېمىن مانا بۇ ئادالەت بىلەن بەرپا بولغان-دېيىشتى. ([93]).»

بەنۇ ئۇبەيرىق قەبىلىسىدىن (تەمئە ياكى بەشىر ) ئوغرىلىق قىلدى؛ ئۇ رەفائە ئىبنى زەيدنىڭ ئۆيىدىن ساۋۇت، قورال-ياراق، ئۇن.. قاتارلىق نەرسىلەرنى ئوغرىلىدى. كېيىن تەمئەنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئاشكارىلىنىپ قىلىپ، ئۇ قورالنى باشقا بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە تاشلاپ قويىدى. بەزى رىۋايەتلەردە ئۇنى يەھۇدىي ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ھەتتاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئوغرىلىق قىلغۇچىنىڭ زەيد ئىبنى سەمىن ئىسىملىك يەھۇدىي ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالغىلى تاس قالغان ئىدى. مانا بۇ ۋەزىيەتتە، زەيد ئىبنى سەمىن ئىسىملىك يەھۇدىينىڭ پاكلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئون ئايەت نازىل بولغان ئىدى. ئوغرىلىق قىلغان كىشىنىڭ تەمئە ئىبنى ئۇبەيرىق دېگەن مۇسۇلمانلىقىنى ئېلان قىلغان مۇناپىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، تەمئە ئىبنى ئۇبەيرىق ھەققىدە باشقىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : « سەن ئىسلامنى ۋە ياخشىلىقنى زىكرى قىلىدىغان كىشىلەرنى ھېچقانداق دەلىل-ئىسپاتسىز ئوغرىلىق قىلدى دەۋاتامسەن؟» دېگەن ئىدى. ([94]).

ئىسلام كىشىلەرنى ئوت-چۆپ ۋە ئېغىل-قوتان ئۈچۈن تويلىنىدىغان ھايۋاناتلارنىڭ ھاياتىدىن، ئەقىدە-پرىنسىپ ئاساسىدا تويلىنىدىغان ئەقىدە-پرىنسىپقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن كەلدى. قۇرئان كەرىم ئەبۇ لەھەبكە — يەنى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى، ھاشىم جەمەتى، قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغان ئابدۇل ئۇززا ئىبنى ئابدۇل مۇتەللىپكە — لەنەت ئوقۇدى. بىراق، قۇرئان كەرىم

[93]أنظر مختصر ابن كثير للصابوني 447/1 ومعني يخرص التمر: يقدر كميته.[

[94]انظر مختصر ابن كثير للصابوني 434/1-437، والآيات من سورة النساء من آية (105-115 .[

ئەممار، بىلال، سۇھەيب قاتارلىق كىشىلەرنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلار بىلەن بىللە سەبىر قىلىشقا بۇيرىدى.

(واصبر نفسك مع الذين يدعون ربهم بالغداة والعشي يريدون وجهه ولا تعد عيناك عنهم تريد زينة الحياة الدنيا).([95]).

«سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتىي دۇنيانىڭ زىبۇ-زىننىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى) گە ئەگەشمىگىن»

( واذ جاءك الذي يؤمنون بآياتنا فقل سلام عليكم، كتب ربكم على نفسه الرحمة....) ([96]).

«بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقانلار يېنىڭغا كەلگەن چاغدا: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، پەرۋەردىگارىڭلار (بەندىلىرىگە) رەھمەت قىلىشنى (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن) ئۆز ئۈستىگە ئالدى، سىلەردىن كىمكى بىلمەستىن بىرەر يامانلىق قىلىپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا ۋە (ئەمەلىنى) تۈزىسە، ئاللاھ ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە رەھىم قىلىدۇ» دېگىن»

[95] الكهف: 28.[

[96] الانعام:54.[

جاء الأقرع بن حابس وعيينه بن حصن الغزاري للرسول صلى الله عليه وسلم، وعندما رأوا صهيبا وبلالا وعمارا وخبابا حوله قالوا: يا محمد ( إن وفود العرب تأتيك، فنستحيي أن ترانا العرب مع هؤلاء الأعبد) ([97])،

"ئەقرە ئىبنى ھابىس ۋە ئۇيەينە ئىبنى ھەسەن ئەلغەزارىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ، ئۇنىڭ قېشىدا ئەممار، بىلال، سۇھەيب، خەببابلارنى كۆرۈپ: ئى مۇھەممەد! ئەرەب ۋەكىللىرى قېشىڭغا كەلسە، سىنىڭ بىزنى مۇشۇ قۇللار بىلەن تەڭ كۆرگەنلىكىڭدىن خىجىل بولۇۋاتىمىز" دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش داھىيلىرىنىڭ بۇ پىكىرگە قوشۇلغىلى تاس قالدى. شۇزامان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى توسۇش ئۈچۈن جىبرىل ئەلەيھىسسالام مۇنۇ ئايەتلەرنى ئېلىپ چۈشتى.

(ولا تطرد الذين يدعون ربهم بالغداة والعشي يريدون وجهه ما عليك من حسابهم من شيء وما من حسابك عليهم من شيء فتطردهم فتكون من الظالمين) ([98]).

«ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن، ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن سەن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن). سېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ، ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ، زالىملاردىن بولۇپ قالىسەن»

---

[97] مختصر ابن كثير 1/581.[

[98] الأنعام: 52.[

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ جەھلنى –يەنى، ئەمر ئىبنى ھىشامنى- بۇ ئۈممەتنىڭ پىرئەۋنى دەپ ئاتىدى. ھالبۇكى، ئەبۇ جەھلى قۇرەيش قەبىلىسى، مەخزۇم جەمەتىدىن ئىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە بەدىر ئۇرۇشىدا دادىسىنى ئۆلتۈردى. گەرچە ئۇلار قۇرەيش ۋە ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى بولسىمۇ ئۆمەر بەدىر ئۇرۇشىدا بۇ قۇرەيشلىك ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىسلام مانا بۇ قۇللار ئارقىلىق نۇسرەتكە ئېرىشتى. قۇرەيشلەرنىڭ تارىخ چاقى چۆرگۈلەپ مانا بۇ ئۈممەتنىڭ تارىخ سەھىپىلىرىدە مەڭگۈلۈك لەنەتكە قالدى.

توغرا، ئىسلام مانا بۇ قۇللار ئارقىلىق نۇسرەتكە ئېرىشتى؛ شۇنىڭ بىلەن قانداق ئىشلار يۈز بەردى؟

كىشلەر ئارىسىدىن بۇسۇس ئۇرۇشى ۋە داھىس ۋە غۇبەرا ئۇرۇشلىرىنىڭ ئوتلىرىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتكەن جاھىلىيەت سادالىرى ئاستا-ئاستا يوقۇلۇشقا باشلىدى.

« مەن غۇززىي قەبىلىسىدىنمەن، غۇززىي قەبىلىسى ئېزىپ كەتسە مەنمۇ ئېزىپ كېتەرمەن؛ غۇززىي قەبىلىسى توغرا يولدا ماڭسا، مەنمۇ توغرا يولدا ماڭىمەن ... » دەپ جۆيلۈۋاتقان جاھىلىيەت شائىرى دەرىيد ئىبنى سىمەگە ئوخشىغان جاھالەتچىلەرنىڭ سادالىرى ئاستا-ئاستا يوقۇلۇشقا باشلىدى...

مانا بۇنداق جاھىلىيەتچىلەرنىڭ سادالىرى ئاستا-ئاستا يوقۇلۇشقا باشلىدى... ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى سادالار كۆتۈرۈلىشكە باشلىدى... « دادام ئىسلام مىنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا دادام يوق، پەخىرلەنمەكچى بولساڭلار قەيس ياكى تەمىيم قەبىلىلىرىدىن پەخىرلىنىڭلار »

ۋەھىي سادالىرى زېمىنىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ھەيۋەتلىك گۈلدۈرماما كەبى ياڭرىغاندا، بەكرى قەبىلىسىدىن ياكى تەغلىب قەبىلىسىدىن ياكى خۇزائە قەبىلىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا چاقىرىۋاتقان جاھىلىيەت سادالىرى ئاستا-ئاستا يوقۇلۇشقا باشلىدى.

(يا أيها الناس إنا خلقناكم من ذكر وأنثى وجعلناكم شعوب وقبائل لتعارفوا، إن أكرمكم عندالله أتقاكم، ان الله عليم خبير) ([99]).

«ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر»

شۇنىڭ بىلەن، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ شوئارى بۇنىڭغا ئۆزگەردى: "وأصبحت أنشودة كل مسلم: (الهند لنا والصين لنا والعرب لنا والكل لنا، أضحى الإسلام لنا دينا وجميع الكون لنا وطنا، دستور الله لنا نور أعددنا القلب له سكنا)." « ھىندىستان بىز ئىسلام ئۈممىتىنىڭ، جۇڭگو بىز ئىسلام ئۈممىتىنىڭ، ئەرەبلەر بىز ئىسلام ئۈممىتىنىڭ، جۈملىدىن ھەممىسى بىز ئىسلام ئۈممىتىنىڭ... ئىسلام بىزنىڭ دىنىمىز؛ پۈتكۈل كائىنات بىزنىڭ ۋەتىنىمىز؛ اللەنىڭ قانۇنى بىزنىڭ نۇرىمىز؛ بىز قەلبىمىزنى شۇ نۇرنىڭ ماكانى قىلىپ تەييارلايمىز.»

---

[99] الحجرات: 13.]

ئەمدى بىز ھازىرقى زامان ئەرەب مىللەتچىلىكى ۋە ئىسلامنىڭ ھازىرقى زامان مىللەتچىلىكى ھەققىدىكى ھۆكۈملىرىگە قاراپ چىقىمىز:

1-ئەرەب مىللەتچىلىكىنىڭ بىرلىشىش ۋە قارشىلىشىش پىرىنسىپى دىن-ئەقىدە ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى، مىللەت ۋە زېمىن ئاساسىدا بەلگىلىنىدۇ. مانا بۇ ئىسلامغا تۈپتىن قارشى كېلىدۇ .

" وَأَنِ احْكُمْ بَيْنَهُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَاءَهُمْ وَاحْذَرْهُمْ أَنْ يَفْتِنُوكَ عَنْ بَعْضِ مَا أَنْزَلَ اللَّهُ إِلَيْكَ (100) "

«ئۇلارنىڭ ئارىسىدا الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ ئەھكامى بويىچە ھۆكۈم قىلغىن. ئۇلارنىڭ ئىدىيۋى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن! ئۇلارنىڭ الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچتۈرىشىدىن ساقلانغىن.»

2-ئەرەب مىللەتچىلىكى ئەرەب خىرىستىيانلىرىنى پاكىستان ياكى تۈركىيە مۇسۇلمانلىرىدىن ئارتۇق بىلىدۇ. مانا بۇ قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتلەرگە زىتتۇر.

(إن أكرمكم عندالله أتقاكم، ان الله عليم خبير) (101).

«ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر»

---

(100) سورة المائدة [ 49 ] .

101الحجرات: 13.[

3-ئەرەب مىللەتچىلىكى گەرچە ھەق پاكىستان ياكى ئافغانىستان ياكى ئىران مۇسۇلمانلىرى تەرەپتە بولغان تەقدىردىمۇ، پاكىستان ياكى ئافغانىستان.. مۇسۇلمانلىرىغا قارشى ئەرەب يەھۇدىيلىرى ياكى ئەرەب خرىستىيانلىرىغا ياردەم بېرىدۇ. مانا بۇ قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتلەرگە زىتتۇر.

(وَٱعۡتَصِمُواْ بِحَبۡلِ ٱللَّهِ جَمِيعٗا وَلَا تَفَرَّقُواْۚ وَٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ إِذۡ كُنتُمۡ أَعۡدَآءٗ فَأَلَّفَ بَيۡنَ قُلُوبِكُمۡ فَأَصۡبَحۡتُم بِنِعۡمَتِهِۦٓ إِخۡوَٰنٗا وَكُنتُمۡ عَلَىٰ شَفَا حُفۡرَةٖ مِّنَ ٱلنَّارِ فَأَنقَذَكُم مِّنۡهَاۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمۡ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمۡ تَهۡتَدُونَ ١٠٣)

«ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار). ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ»

(المسلم أخو المسلم لا يظلمه ولا يسلمه... ) متفق عليه

«مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى؛ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ ھەمدە زۇلۇمغا ئۇچرىسا، زۇلۇمغا تاشلاپ قويمايدۇ.. (بەلكى ، زۇلۇمغا ئۇچرىغان قېرىندىشىغا ياردەم بېرىدۇ، ئۇنى مۇداپىئە قىلىدۇ..)» (بۇخارى ۋە مۇسلىم نەقلى قىلغان)

4-ئەرەب مىللەتچىلىكى كاپىرلارنى دوست تۇتىدۇ ھەمدە كاپىر يېتەكچى - قوماندانلارغا ئەگىشىدۇ. مەسىلەن: ئەرەب مىللەتچىلىكى مىيشىل ئەفلەق، جورجى ھەبەش ياكى نىتشە ۋە روسو .. لارغا ئوخشاش دىنسىز كاپىرلارنىڭ سۆزلىرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. گەرچە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى بولغان تەقدىردىمۇ ... مانا بۇ قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتلەرگە زىتتۇر.

((يا أيها الذين آمنوا لا تتخذوا اليهود والنصارى أولياء بعضهم أولياء بعض ومن يتولهم منكم فإنه منهم...) ([102]).)

« ئى مۆمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر - بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ »

5-ئەرەب مىللەتچىلىكى دىنىنىڭ تەسىرىدىن قورقۇپ قانۇنلىرىنى ئىسلامدىن قوبۇل قىلمايدۇ؛ چۈنكى، ئۇلار ئەرەب دۆلىتىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن %90 نى ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇشنى ھەمدە ئۇلارنى پۈتۈنلەي دىندىن چىقىرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

---

[102] المائدة: 51.[

(وإذا قيل لهم تعالوا الى ما انزال الله والى الرسول رأيت المنافقين يصدون عنك صدودا فكيف إذا أصابتهم مصيبة بما قدمت أيديهم....) ([103]).

«ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) غا: «ئاللاھ نازىل قىلغان كىتاب تەرەپكە ۋە پەيغەمبەر تەرەپكە كېلىڭلار» دېيىلسە، مۇناپىقلارنىڭ سەندىن قاتتىق يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن. قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۆز بېشىغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلغان ھالدا: «بىز پەقەت ياخشىلىق ۋە يارىشىشنىلا ئىرادە قىلغان ئىدۇق» دېگەنلەرنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟»

6-ئەرەب مىللەتچىلىكى ئىسلامنى بۇ زامانغا ماس كەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئەرەب مىللەتچىلىكى ئىسلامنى : " ئىسلام دېگەنلىك - قالاقلىق، قاتماللىق، زاماننىڭ ئارقىدا قىلىش ..." دەپ سۈپەتلەيدۇ. دىنسىزلىق ۋە دىندىن سۇغۇرلۇپ چىقىشنى تەرەققىيات، ئەركىنلىك دەپ سۈپەتلەيدۇ.

7-ئەرەب مىللەتچىلىرى ئىسلامنى ئەرەب مىللىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى بىر باسقۇچ ؛ ئىسلامنىڭ رولى تۈگىدى؛ ئىسلامنىڭ زامانى ئاخىرلاشتى... بۇنداق زامان بىلەن ماسلىشالمايدىغان ئىسلامىسزمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان قائىدە- پىرىنسىپلىرىمىز بار.. دەپ قارايدۇ.

" الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْأَسْلَامَ دِيناً " ([104])

[103] النساء: 61-62.[

([104]) سورة المائدة [ 3 ] .

«بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم»

8-ئەرەب مىللەتچىلىرى ئەرەب مىللەتچىلىكىنى ئۆزلىرىنىڭ يېڭى دىنى، ئۆزلىرىنى بولسا بۇ يېڭى دىنىنىڭ خىزمەتچىلىرى، ياردەمچىلىرى، ئەگەشكۈچىلىرى ، بۇ يېڭى دىنىنىڭ يولباشچىلىرى .. دەپ قارايدۇ.

مەھمۇد تىيمۇر مۇنداق دەيدۇ: « ئەرەب يازغۇچىلىرىنىڭ ئۈستىدە شۇنداق ئېغىر ئامانەت باركى، ئۇلار ئاشۇ نۇبۇۋۋەت – يەنى، ئەرەب مىللەتچىلىكى-نىڭ ياردەمچىلىرى بولۇشى كېرەك . ئۇلار پۈتكۈل دىققىتىنى بۇ يېڭى دىنىغا مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك .. ([105])»

ئەلى ناسىرۇددىين ([106]) "ئەرەب مەسىلىسى" ناملىق كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەبىزىم[107]نىڭ ئۆزى بىزنىڭ يېڭى دىنىمىز. بىز – ئەرەب مىللەتچىلىرى- مۇسۇلمانلار ۋە خىرىستىيانلاردىن ئىبارەت ئىككى ئېرىقتىن بولغان ئېسىل نەسەبلىك مۇئمىنلەرمىز. ئەگەر ھەربىر ئەسىرنىڭ مۇقەددەس پەيغەمبەرلىكى بولىدىغان بولسا، ئەرەب مىللەتچىلىكى بۇ ئەسىرنىڭ پەيغەمبەرلىكىدۇر.»

---

[105]أنظر مقدمة كتاب الأستاذ الندوي العرب والإسلام، وكتاب الحلول المستوردة ص170.[

[106]أنظر مقدمة كتاب الأستاذ الندوي العرب والإسلام، وكتاب الحلول المستوردة ص170.[

**[107]ئەرەبىزىم ـ پۈتكۈل ئەرەب دۇنياسىنى ۋە ئەرەب مىللىتىنى كۆرستىدۇ.**

1959-يىلى 1-ئاينىڭ 9-كۈنىدىكى ئەرەب ژۇرنىلىنىڭ 2-سانىدا مۇنداق كەلگەن: ([108])«ئەرەبلەرنىڭ بىرلىكى ئەرەبلەرنىڭ قەلبىگە، خۇددى ئاللاھنىڭ بىرلىكى مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشقاندەك مۇستەھكەم ئورۇنلىشىشى كېرەك ..»

ئۆمەر فاخۇرىي "ئەرەبلەر قانداق تەرەققىي قىلىدۇ؟" ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەبلەر: پەقەتلا ئەرەبىزىم ياكى ئەرەبلەرنىڭ قانۇن-پىرىنسىپلىرى مۇسۇلمانلار پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلۇغ قۇرئاننى قوغدىغاندەك قوغدايدىغان دىنغا ئايلانغان ۋاقىتتىلا ئاندىن تەرەققىي قىلالايدۇ. مىنىڭ بۇ كىتابتا ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغانلىرىم يېڭى دىننى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئۇ يېڭى دىن بولسا ئەرەب مىللەتچىلىكى ياكى ئەرەب يۇرتپەرەسلىكىدىن ئىبارەت.»

9-ئەرەب مىللەتچىلىكى جاھىلىيەتنى ئىسلامدىن ئەلا بىلىدۇ.

( أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللّهِ حُكْماً لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ )

«ئۇلار ئىسلامنى قويۇپ – جاھىلىيەتنىڭ ھۆكۈمىنى ئىزدەۋاتامدۇ؟ ھۆكۈمدە ئاللاھدىنمۇ ياخشىراق كىم بار»

جاھىلىيەت دېگىنىمىز ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىدىن باشقا ھەرقانداق ھاكىمىيەت، قانۇن نىزاملارنى كۆرسىتىدۇ. ھەقىقەتەن، بىز زەكىي ئەرسۇزىينىڭ ئەرەب جاھىلىيىتىنى ئەرەبلەرنىڭ ھاياتىدىكى «ئالتۇن دەۋرى» دەپ ئاتىغانلىقىنى ھەمدە ئەرەب جاھىلىيىتىنى ئۆزىنىڭ ئالى ئۈلگىسى دەپ قارايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق.

[108]انظر مقدمة كتاب الأستاذ الندوي العرب والإسلام، وكتاب الحلول المستوردة ص 170.[

10-ئەرەب مىللەتچىلىكى يېڭىدىن پەيدا بولغان تاغۇت( يېڭى بۇت)تىن ئىبارەت. تاغۇت دېگىنىمىز اللەنىڭ ھاكىمىيىتىدىن باشقا ھەرقانداق ھاكىمىيەت ھەمدە اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى قانۇن قىلىپ بېكىتكەن ھەرقانداق قانۇن نىزاملار؛ اللەغا ئىتائەت قىلىشتىن باشقا ئىتائەت قىلىنىۋاتقان بارلىق مەئبۇدلار؛ اللەنىڭ ھاكىمىيىتىدىن باشقا كىشىلەر ھۆكۈم قىلدۇرۇۋاتقان بارلىق ھاكىمىيەتلەر.. مەيلى ئۇلار بۇت بولسۇن ياكى كاھىن بولسۇن، ياكى شەيتان بولسۇن، ياكى قانۇن-تۈزۈم بولسۇن، ياكى ۋەتەن بولسۇن ياكى قەۋم بولسۇن ياكى بىر قەبىلىنىڭ داھىيسى بولسۇن، ياكى ئۇرۇق-تۇققانلار بولسۇن ياكى شەھەر بولسۇن ... بۇلار تاغۇتتىن ئىبارەت. بۇ قۇرئاننىڭ مۇنۇ ئايەتلىرى بىلەن كۇفرىدۇر:

(ألم تر إلى الذين يزعمون أنهم آمنوا بما انزل إليك وما أنزل من قبل يريدون ان يتحاكموا إلى الطاغوت وقد أمروا أن يكفروا به ويريد الشيطان أن يضلهم ضلالا بعيدا وإذا قيل لهم تعالوا إلى ما أنزال الله وإلى الرسول رأيت المنافقين يصدون عنك صدودا فيكف إذا أصابتهم مصيبة بما قدمت أيديهم ثم جاءوك يحلفون بالله إن أردنا إلا إحسانا وتوفيقا) ([109])

«ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئەرزنى شەيتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) غا: «ئاللاھ نازىل قىلغان كىتاب تەرەپكە ۋە پەيغەمبەر تەرەپكە كېلىڭلار» دېيىلسە، مۇناپىقلارنىڭ سەندىن قاتتىق يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى

[109]سورة النساء 60-63.]

كۆرسەن. قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۆز بېشىغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلغان ھالدا: «بىز پەقەت ياخشىلىق ۋە يارىششىنىلا ئىرادە قىلغان ئىدۇق» دېگەنلەرنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟ ئەنە شۇلار (يەنى مۇناپىقلار) (يالغان ئېيتىدۇ)، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى (يەنى مۇناپىقلىقنى، مىكرىنى) بىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن، ئۇلارغا نەسىھەت قىلغىن، ئۇلارغا تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلغىن»

ئۇلۇغ الله راست ئېيتتى؛ ئۇلار ھەقىقەتەن بىز بۇ مىللەتچىلىك بىلەن پەقەتلا ياخشىلىقنى ۋە توغرا يولنى ئىرادە قىلىمىز؛ بىز پەقەت ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلىمىز؛ بىز مەزھەپ ، گۇرۇھ ، دىنىي ئىختىلاپلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى خالايمىز دەيدۇ.

يقول ابن كثير ([110]): (من ترك الشرع المحكم المنزل على محمد بن عبدالله خاتم الأنبياء وتحاكم إلى غيره من الشرائع المنسوخة فقد كفر. فكيف بمن تحاكم إلى الياسا - قانون جنكيرخان - وقدمها عليه - على الاسلام - لا شك أن هذا يكفر باجماع المسلمين)

ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى الله پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان مۇكەممەل شەرىئەتنى تەرك ئېتىپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان قانۇنلارنىڭ[111] ئالدىغا ھۆكۈم ئېلىپ بارسا، ئۇ شەرتسىز كاپىر بولىدۇ. ئۇنداقتا، ئىسلامغا تۈپتىن قارشى تۇرىدىغان چىڭگىزخاننىڭ قانۇنى «ياسۇق»قا (ھەمدە اللەنىڭ قانۇنىغا قارشى تۇرۇۋاتقان ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن ھىيلە-مىكىر، سۇيىقەستلەرنى پىلانلاۋاتقان

---

[110] البداية والنهاية ج13/118-119.]

**[111] ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان قانۇنلار ــ بۇ يەردە تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئىلگىرىكى شەرىئەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.**

جاھىلىيەت قانۇنلىرىغا )ھۆكۈم ئېلىپ بارسا، ئۇ قانداق بولىدۇ! بۇ كىشى پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن شەرتسىز كاپىر بولىدۇ.»

ويقول سيدقطب (إن الذي يحكم على عابد الوثن بالشرك ولا يحكم على الذي يتحاكم إلى الطاغوت بالشرك. ويتحرج من هذه ـ الحكم بالكفر على من يتحاكم إلى الطاغوت ـ ولا يتحرج من تلك، إن هؤلاء لا يقرأون القرآن، فليقرأوا القرآن كما أنزل،وليأخذوا قول الله بجد (وان أطعتموهم إنكم لمشركون).

ئۇستاز سەييىد قۇتۇپ مۇنداق دەيدۇ: « ھەقىقەتەن، بۇتقا ئىبادەت قىلغۇچىنى مۇشرىك دەپ ھۆكۈم قىلىدىغان؛ ئەمما، تاغۇتلارغا ھۆكۈم ئېلىپ بارغان كىشىنى مۇشرىك دەپ ھۆكۈم قىلمايدىغان ھەمدە  تاغۇتلارغا ھۆكۈم ئېلىپ بارغان كىشىنى مۇشرىك دەپ ھۆكۈم قىلىدىغان ھۆكۈملەردىن بىئارام بولۇپ، سىقىلىدىغان .. يەنى بۇتقا ئىبادەت قىلغۇچىنى مۇشرىك دەپ ھۆكۈم قىلىشتىن سىقىلمايدىغان؛ ئەمما، تاغۇتلارغا ھۆكۈم ئېلىپ بارغان كىشىنى مۇشرىك دەپ ھۆكۈم قىلىدىغان ھۆكۈملەردىن بىئارام بولۇپ، سىقىلىدىغان كىشىلەر.. بۇلار قۇرئان ئوقۇمايدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار قۇرئاننى الله نازىل قىلغاندەك ئوقۇسۇن! بۇنداق كىشىلەر اللەنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىگە ئوبدان قۇلاق سالسۇن!»

(وان أطعتموهم إنكم لمشركون).

« شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر بىلەن دەتالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر » سۈرە ئەنئام 121-ئايەت

ئەمدى مەقسەتكە كەلسەك: بۇ يەردە ئون تۈرلۈك ئىشلار بولۇپ، قانداق كىشى بۇلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلىدىكەن ئىسلامدىن چىقىپ، كاپىر بولۇپ كېتىدۇ . بىز بۇ ھەقتە توختۇلۇشتىن بۇرۇن قەلبلىرىمىزنىڭ خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن قۇرئان ۋە ھەدىستىن بىر قىسىم ھۆججەتلەرنى كەلتۈرىمىز؛

1 ـ عَنْ جُنْدَب بْنِ عَبْد اللَّه الْبَجَلِيّ قَالَ : قَالَ رَسُولُ اللَّه صَلّى اللَّهُ عَلَيْه وَسَلّمَ : ( مَنْ قُتِلَ تَحْتَ رَايَة عِمّيّة يَدْعُو عَصَبِيّةً أَوْ يَنْصُرُ عَصَبِيّةً فَقِتْلَةٌ جَاهِلِيّةٌ )[112] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قانداق كىشى مىللەتچىلىككە چاقىرىدىغان ياكى مىللەتچىلىككە ياردەم بېرىدىغان قارىغۇ (ئازغۇنلۇق) بايرىقى ئاستىدا ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ كىشى جاھىلىيەت[113] ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ»

وفي رواية (من قتل تحت راية عمية، ينصر العصبية، ويغضب للعصبية، فقتلته جاهلية )

مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « كىمكى مىللەتچىلىككە ياردەم بېرىدىغان ياكى مىللەتچىلىكنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن غەزەپلىنىدىغان ھالەتتە ئۆلتۈرۈلسە، جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ»

قال النبي صلى الله عليه وسلم: (ومن قاتل تحت راية عمية؛ يغضب لعصبة، أو يدعو إلى عصبة، أو ينصر عصبة، فقتل؛ فقتلة جاهلية)[114]

---

[112] روى مسلم **(1850)**

**[113] جاھلىيەت دىگىنىمىز اللەنىڭ ھاكىمىيتىدىن باشقا ھەرقانداق ھاكىمىيەت، قانۇن نىزاملارنى كۆرسىتىدۇ.**

**[114] راواه مسلم 1848**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « كىمكى مىللەتچىلىك ئۈچۈن غەزەپلىنىدىغان ياكى مىللەتچىلىككە چاقىرىدىغان ياكى مىللەتچىلىككە ياردەم بېرىدىغان ھالەتتە، قارىغۇ (ئازغۇنلۇق) بايرىقى ئاستىدا جەڭ قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە، جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ» مۇسلىم بايان قىلغان 1848- سەھىھ ھەدىس

**2** - عن جبير بن مطعم مرفوعا (ليس منا من دعا إلى عصبية، وليس منا من قاتل على عصبية، وليس منا من مات على عصبية) [115]

جۇبەير ئىبنى مۇتئىمدىن نەقلى قىلىنىشچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « مىللەتچىلىككە چاقىرىدىغان كىشى بىزدىن ئەمەس؛ مىللەتچىلىك ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغان كىشى بىزدىن ئەمەس. مىللەتچىلىك دەۋتى ئۈستىدە ئۆلگەن كىشى بىزدىن ئەمەس.» (ئەبۇ داۋۇد نەقلى قىلغان)

**3** - عن ابن مسعود مرفوعا (من نصر قومه على غير الحق فهو كالبعير الذي ردي في مهواة فهو ينزع بذنبه) [116]

ئىبنى مەسئۇدتىن نەقلى قىلىنىشچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: « كىمكى قەۋمىنىڭ ناھەق ئىشلىرىغا (يەنى باتىل ئىشلىرىغا) ياردەم بېرىدىكەن، ئۇ جىنايىتى سەۋەبى بىلەن ئازگالغا يىقىلغان تۆگىگە ئوخشايدۇ(يەنى ئۇ جىنايىتى سەۋەبى بىلەن ھالاك بولىدۇ ) (ئەبۇ داۋۇد نەقلى قىلغان)

---

[115] سنن ابو داود

[116] سنن ابو داود

**4** - عن أبي مرفوعا (إذا رأيتم الرجل يتعزى بعزاء الجاهلية فاعضوه بهن أبيه ولا تكنوا) [117]

ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىرەر كىشىنىڭ ئۆزىنى جاھىلىيەتكە مەنسۇپ قىلىپ، پەخىرلەنگىنىنى كۆرسەڭلار، ئۇنىڭغا داداڭنىڭ ئىشىنى، قېرىندىشىنى چىڭ تۇت، چىڭ چىشلە دەڭلار. دادىسىنى يەنى جاھالىيەتنى ئوچۇق ئەيىبلەڭلار، ئەمما كىنايە قىلماڭلار.» (ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.)

**5** - عن أبي هريرة مرفوعا (لينتهين أقوام يفتخرون بأبائهم الذين ماتوا إنما هم فحم جهنم أو ليكون أهون على الله من الجعل الذي يدهده الحزء بأنفه، إن الله أذهب عنكم عبي ة الجاهلية وفخرها بالأباء إنما هو مؤمن تقي أو فاجر شقي، الناس كلهم بنو آدم، وأدم خلق من التراب) [118]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا – بوۋىلىرى بىلەن پەخىرلىنىشىدىن دەرھال يانسۇن؛ ھەقىقەتەن، ئۇلار جەھەننەمنىڭ كۆمۈرلىرىدۇر، ياكى ئۇلار پەخىرلىنىشىدىن يانمىسا، ئەلۋەتتە ئاللاھتائالاغا، نىجاسەتنى بۇرنى بىلەن ئىتتىرىدىغان

117 ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.
118 تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

سېسىق، قارا قۇرىتتىنمۇ ھاقارەتلىكتۇر؛ ئاللاھ: جاھالىيەتنىڭ كىبىرلىرىنى ناچار ئادەتلىرىنى ئاتا بوۋىلار بىلەن پەخىرلىنىشىنى پاك - پاكىز تازىلاپ يوق قىلىۋەتتى. مانا ئەمدى كىشىلەر ئىككىلا تائىپە بولىدۇ، بىرى تەقۋادار مۆئمىن، يەنە بىرى بولسا، فاجىر، پاسىق شەقىيدۇر، ھەممىسى ئادەم بالىلىرى، ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان، (سىلەر نېمىگە پەخىرلىنىسىلەر؟)» (تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.)

مانا بۇلار جاھىلىيەتتىكى ئاتا-ئانىلىرىدىن پەخىرلەنگەن كىشىلەر ھەققىدىكى ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىدۇر. ئۇنداقتا، جاھىلىيەتنى ئىسلامدىن ئەلا بىلگەن ھەمدە تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قىلغان كىشىلەرنىڭ ھۆكۈملىرى قانداق بولار؟!..

"ئەرەب دۇنياسى بىزنىڭ مىللىي تۇيغىمىزدۇر، ئەرەبىزىم (ئەرەب دۇنياسى) بىزنىڭ ۋەھيي ئىلھاملىرىمىزنىڭ مەنبەسى؛ ئەرەبىزىم (ئەرەب دۇنياسى) بارلىق ئۇلۇغلۇقنىڭ مەنبەسىدۇر. ئەرەبىزىم (ئەرەب دۇنياسى) دىن ئالى قىممەتلەر بارلىققا كېلىدۇ ۋە بارلىق شەيئىلەرنىڭ قىممىتى ئەرەبىزىم (ئەرەب دۇنياسى) ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. ئەرەبلەر تەقدىرنىڭ خوجايىنلىرى!..."

ئۆز گېزىتىدە ميشىل ئەفلەقنى «قايتىپ كەلگەن ئىلاھ» دەپ ئېلان قىلغان ئەرەب گۇللىنىش پارتىيەسىگە قانداق ھۆكۈم قىلىسىز؟ ئۇلارنىڭ شائىرى مۇنداق دېدى :

**يا سيدي ومعبودي حسبي ألم فتاتكم حسبي**

مانا بۇ شېئىرلاردا ئەرەب گۇللىنىش پارتىيەسى مىشىل ئەفلەقنى خوجايىنى ۋە بىردىن-بىر مەبۇدى ... دەپ تەرىپلىگەن.

سۇرىيە گۇللىنىش پارتىيەسىگە قانداق ھۆكۈم قىلىسىز؟ ھالبۇكى، ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: « ئەرەب مەدەنىيىتىنى گۇللەندۇرۇش، ئەرەب جەمئىيىتىنى قۇرۇپ چىقىشنىڭ بىردىن بىر يولى بولسا، يېڭىچە ئەرەب سوتسىيالىزمچى ئىنسانلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشتۇر. بۇنداق ئىنسانلار- الله، پۈتكۈل دىنلار، فېئودالىزم، كاپىتالىزم، جاھانگىرلىك، ئىلگىرىكى جەمئىيەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بارلىق قىممەتلەر ... كەلمەسكە كەتتى؛ بۇلار پەقەتلا تارىخى مۇزېيلاردىكى ئاسارە – ئەتىقىگە ئايلىنىپ كەتتى.. دېگەنگە كەسكىن ئىشىنىدۇ . (119)» بىز باياتتىن بىر قىسىم دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەرەب مىللەتچىلىكى ئەرەبىزمنى ئۇزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىكى بار بولغان يېڭى دىنى دەپ ھېسابلايدۇ ھەمدە ئەرەبىزمگە اللەنىڭ بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈرگەنگە ئوخشاش ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك دەپ ھېسابلايدۇ.

مىللەتچىلەر ئۆز قوماندانلىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق شۇنداق ئوچۇق ئاشكارا جار سېلىۋاتىدۇكى: «بىز بارلىق دىنني ئۇرۇپ ئادەتلەرنى، بارلىق دىنني مۇناسىۋەتلەرنى، بارلىق دىنلارنى ئىنكار قىلىمىز! بىز دىنسىزلىققا كۆڭۈل بۆلىمىز؛ بىز كىشىلەر ئېتىقاد قىلىۋاتقان بارلىق شەرىئەت قانۇنلىرىغا قارشى تۇرىمىز ۋە ئۇنى يوقىتىمىز...»

119مقدمة كتاب العرب والاسلام للندوي.[

# مىللەتچىلىك پرىنسىپلىرىغا ئېتىقاد قىلىش كاپىرلىق ، ئۇنى قىلغان كىشى ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدۇ

يۇقىرىقى ئايەت-ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئەرەب مىللەتچىلىك پرىنسىپلىرىغا ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا كورد مىللەتچىلىكى، ئىران مىللەتچىلىكى ... قاتارلىق مىللەتچىلىك قائىدە-پرىنسىپلىرىغا ئېتىقاد قىلىش دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان كۇفرىلىق ئەملى بولۇپ، بۇنداق ئەمەلنى قىلغان كىشى ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدۇ .

فمن اعتنق مبادئ القومية فإنه يخرج من الاسلام فلا تؤكل ذبيحته، ولا تنكح البنت القومية، ولا يزوج القومي من بنات المسلمين، ولا يغسل ولا يكفن ولا يصلى عليه، ولا يقبر في مقابر المسلمين، ولا يرد عليه السلام، ولا يترحم عليه إذا مات فلا نقول يرحمه الله- ولا يرث الشاب القومي من أبيه المسلم، ولا يرثه أبناؤه إن كانوا مسلمين ويخالفونه في مذهبه القومي. وإذا اعتنق الشاب القومية وهو متزوج مسلمة فتطلق منه وتحرم عليه، وإذا بقيت على صلة به، فالصلة الجنسية بينهما زنا، وأولادهما أولاد زنا، وعورة المرأة المسلمة أمام الفتاة القومية كعورتها أمام الرجل فلا يحل لها كشف رأسها أمام الفتاة القومية. والمرأة اذا اعتنقت القومية وهي متزوجة مسلما ينفسخ العقد حالا.

قانداق كىشى مىللەتچىلىك قائىدە-پرىنسىپلىرىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، ئۇ ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدۇ . ئۇنىڭ بوغۇزلىغان مېلى يېيىلمەيدۇ؛ بۇنداق مىللەتچىلەرنىڭ قىزلىرىغا نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ؛ بۇنداق مىللەتچىلەرگە مۇسۇلمانلارنىڭ قىزلىرىنى نىكاھلاپ بېرىشكە بولمايدۇ. بۇنداق مىللەتچىلەرنىڭ مېيىتى يۇيۇلمايدۇ؛ كېپەنلەنمەيدۇ؛ مېيىت نامىزى

ئوقۇلمايدۇ؛ مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنمايدۇ، سالام قىلسا سالام قايتۇرۇلمايدۇ، ئەگەر ئۆلۈپ كەتسە « الله رەھىم قىلسۇن» دېمەيمىز. بۇنداق مىللەتچى ياش دادىسىدىن مىراس ئالالمايدۇ. مىللەتچى دادىنىڭ ئەۋلادلىرى مۇسۇلمانلاردىن بولسا ھەمدە بۇ ئەۋلادلار دادىسىنىڭ مىللەتچىلىك مەزھىپىگە قارشى تۇرىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، بۇ ئەۋلادلار دادىسىنىڭ مۈلكىگە مىراسخورلۇق قىلمايدۇ. ئەگەر مىللەتچى ياش مۇسۇلمان قىز بىلەن توي قىلغان بولسا، ئۇ قىز ئۇنىڭدىن تالاق قىلىنىدۇ؛ ئۇ قىز ئۇ مىللەتچى يىگىتكە ھارام بولىدۇ. ئەگەر بۇ قىز ئۇ يىگىت بىلەن مۇناسىۋەت قىلسا، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەت زىنا قىلغان بولىدۇ. بۇ ئىككىسىدىن بولغان باللار زىنادىن بولغان باللار بولىدۇ. مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئەۋرىتى مىللەتچى قىزلارنىڭ ئالدىدا خۇددى ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئەۋرەت بولغانغا ئوخشاش ئەۋرەت بولىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان ئايالنىڭ مىللەتچى قىزلارنىڭ ئالدىدا بېشىنى ئوچۇق قويۇشى ھالال بولمايدۇ. ئەگەر مۇسۇلمان كىشى بىلەن توي قىلغان بىر ئايال مىللەتچىلىككە ئېتىقاد قىلسا شۇ زامان نىكاھ بۇزۇلىدۇ.

بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك سوئاللار تۇغۇلۇشى مۇمكىن :

1-بەزىلەر: ھەقىقەتەن، بۇ مىللەتچىلەرنىڭ بەزىلىرى ناماز ئوقۇيدۇ؛ بەزى ۋاقىتلاردا روزا تۇتىدۇ.. دېيىشى مۇمكىن ! بىز بۇنداق دەيدىغانلارغا شۇنداق دەيمىزكى، ھەقىقەتەن، ئۇنداق ئەقىدىسى بۇزۇق، مۇشرىكلارنىڭ نامازلىرى، تۇتقان روزىلىرى قوبۇل بولمايدۇ؛ ئەينى زاماندىكى جاھىلىيەتچىلەرمۇ ناماز ئوقۇيتتى، ھەج قىلاتتى، دۇئا قىلاتتى... بىراق، الله ئۇلارنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى، بۇ ئەمەللەر اللهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە اللهنىڭ دىنىغا ئىمان ئېيتىش ئاساسىدا قىلىنغان ئەمەللەر ئەمەستى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كاپىرلارنىڭ سالىھ ئەمەللىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

2-يەنە بەزىلەر: بۇ مىللەتچىلىك پارتىيەسىگە كىرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەمەل – مەنسەپلەرگە، مال دۇنياغا ئېرىشىش ئۈچۈن مىللەتچىلىك پارتىيەسىگە كىرگەن .. دېيىشى مۇمكىن ! بىز بۇنداق دەيدىغانلارغا شۇنداق

دەيمىزكى، بىز غەيبنى بىلمەيمىز؛ بىز تاشقىرى كۆرۈنۈشكە قاراپ ھۆكۈم قىلىمىز، ئىچكىرىدىن چىققان گەپ سۆزلىرىگە ئاساسلىنىمىز؛ ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى اللهغا تاپشۇرىمىز...

مىللەتچىلىك ھەققىدىكى ئومۇمىي قائىدە شۇكى، مىللەتچى كاپىردۇر. بىراق، بىز شۇنى تەكىتلەيمىزكى، ئەگەر بىر كىشى مىللەتچىلىكنى يامان كۆرسە ھەمدە ئۇنىڭ يوقۇلۇشىنى ياخشى كۆرسە ۋە مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ تارقىلىشىغا قارشى تۇرىدىكەن، بىز ئۇنى مۇسۇلمان دەپ ھۆكۈم قىلىمىز. شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئەمەل – مەنسەپلەرگە، مال دۇنياغا ئېرىشىش ئۈچۈن مىللەتچىلىك پارتىيەسىگە كىرگەنلەر كۇفرىنىڭ ياردەمچىلىرى بولۇپ، كۇفرىلىق مانا بۇلار ئارقىلىق تارقىلىدۇ ھەمدە بۇلار ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

3-يەنە بىر قىسىم كىشىلەر: شەرىئەت ھۆكۈمىنى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىلمەيدۇ.. دېيىشى مۇمكىن ! بىز بۇنداق دەيدىغانلارغا شۇنداق رەددىيە بېرىمىزكى، بىلىمسىز كىشىگە شەرىئەتنىڭ مىللەتچىلىككە بولغان مەيدانى ئۆگىتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا شەرىئەتنىڭ مىللەتچىلەر ھەققىدىكى ھۆكۈملىرى بايان قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ يەنە مىللەتچىلىك ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرسا، ئۇنىڭغا «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. چۈنكى، بەزى يازغۇچىلار مىللەتچىلەرنىڭ كاپىرلىقىغا نىسبەت بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان كىتابلار ۋە ماقالىلەرنى يازدى. مانا بۇلار ئۇلارغا شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى يەتكۈزۈشكە يېتەرلىكتۇر. مانا مۇشۇلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن بىلمەيدىغان بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ ئۆزرە ئېيتىشىغا ئورۇن يوقتۇر.

مىللەتچى ياشتىن : مىللەتچىلىكنىڭ ھۆكۈمى نېمە ؟ دەپ سورىلىدۇ. ئەگەر ئۇ گۇناھىغا ھەقىقىي تەۋبە قىلىپ ، الله تەرەپكە قايتسا ، ئۇنىڭ ئوقۇغان نامازلىرى ۋە تۇتقان روزىلىرىنىڭ قازاسىنى ئادا قىلامدۇ..؟ دېيىشى مۇمكىن ! بىز بۇنداق دەيدىغانلارغا شۇنداق دەيمىزكى، ئىسلام بىر كىشىنىڭ ئىسلامغا كىرىشتىن بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ كىشى ئوقۇغان

نامازلىرى ۋە تۇتقان قوزىلىرىنىڭ قازاسىنى ئادا قىلمايدۇ؛ چۈنكى ھەدىستە بۇ ھەقتە مۇنداق كەلگەن:

(إذا أسلم فحسن اسلامه، يكفر الله عنه كل سيئة كان زلفها (قدمها).[120]

«بىر بەندە مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلامنى مۇكەممەل قىلسا، الله ئۇنىڭ بارلىق يامانلىقلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ»

وفي الحديث الآخر[121] (إذا أسلم العبد العبد فحسن اسلامه، كتب الله كل حسنة كان أسلفها، ومحيت عنه كل سيئة كان أزلفها).

«بىر بەندە مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلامنى مۇكەممەل قىلسا، الله ئۇنىڭغا بارلىق ياخشىلىقلارنى يېزىشقا بۇيرۇپ، ئۇنىڭ بارلىق يامانلىقلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ»

---

[120] بۇخارى نەقلى قىلغان. 41

[121] ئەلبانى سەھىھلەر توپلىمى 247

# مىللەتچىلىك ھەققىدىكى ئاخىرقى بىر كەلىمە

ئاخىردا بىز مىللەتچىلەردىن بىر قانچە سوئاللارنى سورايمىز:

1-سىلەرنىڭ پىرىنسىپىڭلار قايسى؟ سىلەر قانۇنلىرىڭلارنى قانداق تۈزۈپ چىقىسىلەر؟ سىلەر قانۇنلىرىڭلارنى قەيەردىن ئالىسىلەر؟

2-سىلەرنىڭ كائىنات، ئىنسان، ھايات ھەققىدىكى كۆز قارىشىڭلار قايسى؟

3-سىلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي، ئائىلە، سىياسىي تۈزۈملىرىڭلار قايسى؟

4-ئىسلام دەۋلەتلىرىدە ئىسلام قايسى ئورۇندا تۇرىدۇ؟

5-سىلەر ھاكىمىيەتنى قولۇڭلارغا ئېلىپ قالساڭلار، ئۆز خەلقىڭلار بىلەن قايسى ئاساستا مۇئامىلە قىلىسىلەر؟ باشقا زېمىندىكى خەلقلەر بىلەن قايسى ئاساستا مۇئامىلە قىلىشىسىلەر؟

6-سىلەر ئىسلام ئۈممىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلىسىلەر؟ سىلەر ئىسلام ئۈممىتىگە پۈتۈنلەي بۆتپەرەسلەرگە ياكى ھىندى دىنى مۇرتلىرىغا ياكى غەربتىكى خىرىستىيانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلامسىلەر؟

ئەمما، مىللەتچىلىك پارتىيەسىنىڭ پىرىنسىپلىرىغا كەلسەك، ئۇلار ھازىرغىچە ئۆز پارتىيەسىنى تونۇشتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. سامىي ئەلجۇندىي مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار گۇللىنىش پارتىيەسى دېگەن نېمە ؟ گۇللىنىش پارتىيەسىنىڭ بىرلىكى دېگەن نېمە ؟ گۇللىنىش پارتىيەسىدە بىرلىك ئالدىنقى ئورۇندا تۇرامدۇ ياكى سوتسىيالىزم ئالدىنقى ئورۇندا تۇرامدۇ؟ ... دېگەندەك سوئاللارنى سوراشقا

باشلىدى. بىراق، قوماندان-يېتەكچىلەر بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمىدى، ھازىرغىچە جاۋاب بېرەلمەيۋاتىدۇ.. »

مىللەتچىلىك پارتىيەسىنىڭ قانۇن-نىزاملىرىغا كەلسەك، ئۇلار قانۇن-نىزاملىرىنى ئىسلامدىن باشقا ھەرقانداق مەنبەدىن قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ اللە، كائىنات، ئىنسان. ھايات ھەققىدىكى نەزەرىيەسىگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ بۇلار ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتى يوقتۇر. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيەۋى بوشلۇقلىرىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ماركىسىزىمغا تايىنىدۇ.

مىللەتچىلىك پارتىيەسىنىڭ ئەخلاق نەزەرىيەسىگە (يەنى، ئەرەب جەمئىيتىدىكى ھالال-ھارام ئىشلارنى بايان قىلىش نەزەرىيەسىگە ) كەلسەك، ئۇلارنىڭ بۇلار ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتى يوقتۇر. شۇڭا، ئەرەب جەمئىيتىنىڭ ئەخلاقى ئىسلامنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ۋاقىتلىق پايدا-مەنپەئەتنى ئاساس قىلىدۇ.

مىكافىلىي ئېيتقاندەك، غايە مەقسىتىگە يىتىش ئۈچۈن ھەرقانداق يوللۇق بولمىغان ۋاستىلارنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەمما، مىللەتچىلىك پارتىيەسىنىڭ ئىسلام ھەققىدىكى نەزەرىيەلىرىگە كەلسەك، ئۇلار ئىسلامنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە ھەرخىل كۆز قاراشتا ئىدى؛ ئۇلار ئىسلامنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا، ئىسلام ھاياتتىن يوقۇلۇشى كېرەك دېگەن قاراشتا بىرلىككە كېلىشتى. ئەمما، ئۇلار ئىسلامنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك ھەرخىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان ئىدى: ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1-ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسلامنىڭ پەزىلىتىدىن مەڭگۈ تانىدىغان كىشىلەر بار ئىدى: مەسىلەن، قۇستەنتىين رەزىيقكە ئوخشاش... قۇستەنتىين رەزىيق : ئەرەبلەر رۇم ۋە گىرېك مەدەنىيىتىنى يۆتكەپ كەلگەن، ئۇلار تارىختا ھېچقانداق مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرمىگەن دەپ قارايدۇ.

2-ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە دۆت-ھاماقەت كىشىلەرمۇ بار ئىدى: مەسىلەن: «ئىسلام ۋە ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلى» ناملىق ئەسەرنىڭ يازغۇچىسى ئەلى ئابدۇرەززاقلا ئوخشاش ھەمدە «بىز ئىشنى بۇ يەردىن باشلايمىز » ناملىق ئەسەرنىڭ يازغۇچىسى خالىد ئىبنى مۇھەممەد خالىدقا ئوخشاش كىشىلەرمۇ بولۇپ، ئۇلار دىن دېگەن بۆلۈنۈش ۋە پارچىلىنىشنىڭ مەنبەسى؛ شۇڭا، دىننى جەمئىيەتتىن يىراقلاشتۇرۇش كېرەك دەپ قارايتتى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسلامنى پەقەت ئىنكار قىلىدىغان، بىراق، ئىسلامدىن بىر قېتىممۇ تانمايدىغان كىشىلەرمۇ بار ئىدى: مەسىلەن، مىشىل ئەفلەقكە ئوخشاش. ئۇ: «ئىسلام دېگەن ئەرەب ئۇممىتىنىڭ تارىخى تەرەققىياتىدىكى بېسىپ ئۆتكەن بىر باسقۇچ دەپ قارايتتى. (بىراق، ۋەھيي، پەيغەمبەرلىككە رەددىيە بەرمەيتتى.) ئەرەب ئۇممىتى ئۆتمۈشتە مۇھەممەدنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىرلەشكەن... دەپ جۆيلۈيتتى..»

4-ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇناپىقلار، ئەقىدىسى تەۋرەپ ئىمان كۇفرى ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ قالغان كىشىلەر بار ئىدى. مەسىلەن: ھازىم نەسىيبەگە ئوخشاش. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«شەرقشۇناسلار 19-ئەسىردە پۈتكۈل كۈچىنى ئەرەب ئۇممىتىنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇن ۋە ئىسلامدىن كېيىن تەرەققىي قىلغان يۈكسەك مەدەنىيەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى نامايان قىلىدىغان ئەرەب تارىخىنىڭ ئىلاھىيەتشۇناسلىق تەرەپلىرىگە مەركەزلەشتۈردى. بۇ سەۋەبتىن ئەرەب مەدەنىيىتى ئەرەب ناسارالىرى ئىگە بولالمايدىغان نوقۇل ھالەتتىكى دىنىي مەدەنىيەت ئەمەس؛ بەلكى، غەرب تەتقىقاتچىلىرى ئىسپاتلاپ چىققاندەك، ئەرەب مەدەنىيىتى دىندىن مۇناسىۋەتى ئۈزۈلگەن مەدەنىيەت كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت.» مەيلى ئۇ شەرقشۇناس خىرىستىيانلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولسۇن ياكى تەتقىقاتچى خىرىستىيانلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولسۇن ياكى غەربلەشكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولسۇن... ئۇ ئىسلامنىڭ ئەرەب مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مەڭگۈ ئىنكار

قىلىدۇ. ئۇنداقتا، ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن ئەرەب مەدەنىيىتى قەيەردە بارلىققا كەلگەن؟ ئەرەب مەدەنىيىتى جاھىلىيەتچى ئەنتەرەنىڭ ياكى ئەبۇ جەھلىنىڭ ياكى ئەبۇ لەھەبنىڭ مەدەنىيىتىمۇ؟ ئېھتىمال ، ئەرەب مەدەنىيىتى مۇسەيلىمە كاززاپنىڭ مەدەنىيىتى بولۇشى مۇمكىن .

ئاخىردا بىز شۇنى سۆزلەپ ئۆتىمىزكى، ئەرەبلەرنىڭ بۇ رېئاللىقى مىللەتچىلىك چاقىرىقلىرى، يۇرتۋازلىق چاقىرىقلىرى ۋە ئىلمانىزىم چاقىرىقلىرىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر.

بۇلار ئەرەب دۇنياسىنى غەرب ۋە شەرق دۇنياسىنىڭ چاڭگىلىدا مەڭگۈ تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن پىلانلانغان سۇيىقەستلەردىن ئىبارەتتۇر:

1-ئەرەبلەرنىڭ ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش.

2-ئەرەب دۇنياسىنى غەرب ۋە شەرق دۇنياسىنىڭ چاڭگىلىدا مەڭگۈ تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن كىچىك-كىچىك دۆلەتلەرگە پارچىلاش؛ شۇنىڭ بىلەن ئەرەب دۇنياسى ئۆز رايونلىرىدا قانۇن-تۈزۈملىرىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئامېرىكا ۋە رۇسىيەنى ...[122] دوست تۇتىدۇ.

3-ئىسرائىلىيەنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە زېمىنىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ... مانا بۇ ئىسرائىلىيە بىر ئەجدىھاغا ئايلاندىكى، ھەر ۋاقىت ئەرەب شەھەرلىرىنى ئاستا-ئاستا يۇتماقتا.

[122]مانا ھازىر كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىزكى، سەئۇدىي ئەرەبىستان ئامرىكىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ھەقىقى مۇسۇلمانلارنى قەتلى قىلىۋاتىدۇ؛ مىسىر ئىسرائىلىيەنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ھەقىقى مۇسۇلمانلارنى قەتلى قىلىۋاتىدۇ؛ سۇرىيە روسىيەنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ھەقىقى مۇسۇلمانلارنى قەتلى قىلىۋاتىدۇ...يەنە...

4- ئىجتىمائىي ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەسكىرىي تەرەپلەردىكى ۋەيرانچىلىقلار.

5-مۇئەييەن بىر مەيدانى يوق بىر قىسىم ئەۋلادلارنىڭ بارلىققا كېلىشى . بۇ ئەۋلادلارنىڭ ئاخىرەت توغرىسىدا ھېچقانداق پىرىنسىپى يوق؛ ئۇلار نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلغان، ئىجتىمائىي تەرىپى چۇشكۇنلەشكەن، ئائىلىسى بۇزۇلغان، قەلبلىرى ھاۋايى-ھەۋەسكە تولغان.. سەن ئۇلارنى ھەركۈنى بىر خىل ئىدىيەدە ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن. ئۇلار خۇددى كىيىم-كېچەك پاسونلىرىنى ئۆزگەرتىپ تۇرغاندەك، ئېتىقاد ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، جەمئىيەت .. ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. خىرىستىيانلاشتۇرغۇچى ئۆمەكنىڭ باشلىقى زۇيمىر كىشىلەرگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن، سىلەر ئىسلام دىيارلىرىدا بىر قىسىم ياشلارنى يېتىشتۇرۇپ چىقتىڭلار! ئۇلار اللەغا باغلىنىشنى بىلمەيدۇ ھەمدە اللەغا باغلىنىشنىمۇ خالىمايدۇ. سىلەر مۇسۇلمانلارنى ئىسلامدىن چىقاردىڭلار! شۇنىڭ بىلەن جاھانگىرلارنىڭ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئىسلامى ئەۋلادلار بارلىققا كەلدى. ئۇلار شان-شەرەپلەر، ئىززەت ھۆرمەتلەرگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ؛ راھەت-پاراغەت ۋە ھۇرۇنلۇقنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى بىردىن-بىر غېمى پەقەتلا شەھۋەتلىرىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت...» [123]

ھەقىقەتەن، شەرق بىر كۈنمۇ بىرلىككە، ئىززەت-ھۆرمەتكە شاھىت بولمىدى. شەرقنى تۇنجى قېتىم ئىسلام بىرلىككە كەلتۈردى. شەرقنى ئىككىنچى قېتىم يەنىلا ئىسلام بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىززىتىنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ .

---

اعلام واعزم في ميزان الاسلام **449**ص

مىللەتچىلىك ياۋروپانى پارچىلىدى. ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام ئۈممىتىنى بەلكى، ئەرەب خەلقىنى پارچىلاش ئۈچۈن ياۋروپا مىللەتچىلىكىنى يۆتكەپ كەلدى. تويۈنبىي مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكىدىكى ئىسپانىيە ئىمپېرىيەسى پارچىلانغانغا ئوخشاش، ئەرەب دۇنياسى غەربنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا ياشايدىغان مۇستەقىل 20دۆلەتكە پارچىلىنىشى ھەقىقەتەن زۆرۈر بولغانمىدى؟»

مانا بۇ بىزنىڭ غەرب مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئىككىنچى ھارغىن چىرايى. تولىمۇ ئەپسۇس، بۇ مەدەنىيەتكە ئەرەب تىلىدا ناتىق بولغان خەلقلەر بىر پۈتۈن ئەگەشتى. مانا بۇ چېچىلاڭغۇ ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە مىللەتچىلىكنىڭ سېھرى كۈچى كىشىلەرنى ئۆزىگە قاتتىق جەلىب قىلماقتا. بىراق، مىللەتچىلىك بۇ جەمئىيەتنى يېڭىچە ھاياتقا باشلاپ بارالمايدۇ، بەلكى، مىللەتچىلىك بۇ جەمئىيەتنى ئۆلۈم، ھالاكەتكە مەھكۇم قىلىدۇ. ھەقىقەتەن، ئىسلام ۋە ئەرەب دۇنياسىدىكى ھۆكۈمران تەبىقىلەر ئالقىشلاۋاتقان سادالار مىللەتچىلىك سادالىرىدۇر، بۇ مىللەتچىلىك سادالىرى تولىمۇ گۈزەل ھەم جەلپ قىلارلىق بولۇپ، مىللەتچىلىك سادالىرى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ ھەم قەلبلىرىنى لەرزىگە سالىدۇ. لېكىن ، بۇ مىللەتچىلىك سادالىرى گويا بىر زەھەرلىك چېكىملىككە ئوخشايدۇكى، ئۇ خەلقنى تاغۇتلار يولىدا ئەرزىمەس قۇربانلىق سۈپىتىدە قۇربان قىلىدۇ.

جىب مۇنداق دەيدۇ: «غەربنىڭ دۆلەتنى ئۆز چاڭگىلىدا تۇتۇپ تۇرۇشتا قوللانغان ئۇسۇلى بولسا مىللەتچىلىك ئۇسلۇبىدۇر. مىللەتچىلىك بولسا مۇتلەق غەرب ئىدىيەسىدىن ئىبارەت.» [124]

---

اعلام واعزم في ميزان الاسلام

ئەرەب دۇنياسىغا مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنى تارقىتىشتىكى سەۋەب بولسا غەرب دۇنياسىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ئۈچۈندۇر.

جىب يەنە مۇنداق دەيدۇ: «غەرب دۇنياسى 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۆزىنى ھەقىقىي تاپتى. غەرب دۇنياسى ئۆزىنىڭ غەرب مىللەتچىلىك يۇقۇملۇق باكتېرىيەسى بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ پۈتكۈل ئائىلىلىرىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىپ، مۇستەقىل مىللەتچىلىك ئىدىيەسىدىكى 40تىن ئارتۇق دۆلەتكە پارچىلىدى. غەرب بۇ مىللەتچىلىك يۇقۇملۇق باكتېرىيەسىنى ئۆزلىرىگە پۈتكۈل دۇنيادىكى دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرالايدىغان كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلالايدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆز-ئارا ئىتتىپاقلىشىپ، «ئىسلام ئۈممىتى»[125] دېگەن شوئار بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ «مىللەتچىلىك» تىن ئىبارەت بۇ

[125]( يەنى، ئىسلامنىڭ نەزىرىدە پۈتكۈل دۇنيادىكى مىللەتلەر «مۇسۇلمان " يەنى، ئىسلام ئۈممىتى" ۋە كاپىر "كاپىرلار مىللىتى"» دەپ ئىككى مىللەتكە ئايرىلىدۇ. قانداق كىشى مۇسۇلمان بولىدىكەن، ئۇ قايسى مىللەتتىن بولسۇن ياكى تىرىسىنىڭ رەڭگى قانداق بولۇشتىن قەتئىي نەزەر، ئىسلام ئۈممىتى ھېسابلىنىدۇ. قانداق كىشى كاپىر بولىدىكەن، ئۇ قانداق كىشى بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، ئىسلام ئۈممىتى ھېسابلانمايدۇ، گەرچە ئۇ ئەرەب بولسىمۇ، مەككىلىك، مەدىنەلىك بولغان تەقدىردىمۇ... ياكى قۇرەيش قەبىلىسى ھاشىم جەمەتىدىن بولغان تەقدىردىمۇ... ئاتا-ئانىسى، بىر تۇققىنى، ئۇرۇق تۇققىنى... بولغان تەقدىردىمۇ ئىسلام ئۈممىتى ھېسابلانمايدۇ. دېمەك، ھەربىر مۇئمىن مۇسۇلمان بولغان كىشى ئۆزىنى ئىسلام ئۈممىتىگە نىسبەت بىرىشى ھەمدە ئىسلام ئۈچۈن يەنى، ئاللەنىڭ كەلىمىسىنىڭ ئالى بولۇشى، زېمىندا ئىلاھىي ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدىلا، زۇلۇمنى، ئەرەب مىللىتىنىڭ بىرلىك باراۋەرلىكنى كۆتۈرۈپ چىققان بولسا، ئەلۋەتتە، ئەرەب مۇشرىكلىرى ئۇنىڭغا قارشى تۇرماستىن، ئۇنى قوللىغان بولاتتى، بىراق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلاھى كەلىمەتۇللاھنى دەۋەت قىلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۆز مىللىتى، ئۆز قەبىلىسى، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق تۇققانلىرىنىڭ قارشىلىقى ۋە سۈيقەستلىرىگە، دۈشمەنلىك قىلىشىغا ئۇچرىدى... شۇڭا، سىز ھەقىقىي مۇئمىن مۇسۇلمان بولسىڭىز، ئاللەنىڭ كەلىمىسىنى ئالى قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىڭ. شۇندىلا، زۇلۇم سىزدىن، مىللىتىڭىزدىن، پۈتكۈل دۇنيادىن يوقاپ، ئىلاھى ئادالەت بەرپا بولىدۇ. ئەگەر سىز بارلىقىڭىزنى ئىلاھى ئادالەت ئۈچۈن ئاتىماي، غەرب پەيدا قىلغان مىللەتچىلىك ئىقىمىغا ئەگىشىپ ماڭسىز، بۇنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەتتۇر. بۇنىڭ بىلەن سىز ئوغرىدىن قۇتۇلۇپ قاراقچىغا يولۇققاندەك، بىر زالىمدىن قۇتۇلۇپ، يەنە بىر زالىمغا تۇتۇلىسىز. گەرچە ئۆز مىللىتىڭىزدىن بىرسى سىزگە باشلىق بولۇپ، دۆلەت قۇرغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا زۇلۇمدىن قۇتۇلالمايسىز. چۈنكى، بۈگۈنكى رېئاللىقتا قاراپ باقىدىغان بولساق، بۈگۈنكى دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىدىن چىققان رەئىسلىرى بار.. ئۇلاردا ھەقىقىي ئادالەت بەرپا بولدىمۇ؟ ياق. ئۇلار ئەقىدە ۋە ئىسلام شەرىئىتىنى قۇربان قىلىپ، دۆلىتى، مىللىتى ساقلاپ قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئەمما، ئەقىدىنى، شەرىئەتنى تۇرمۇشىغا ھاكىم قىلمايدۇ. ئۇلار ئىسلام داۋاسى قىلغان تەقدىردىمۇ خەلقنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ھېچقانداق ئەمەلىيىتى يوق، مەن مۇسۇلمان دەپ قويۇپلا ھاياتتا ئۆز نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ ياشايدىغان، ھاكىمىيەتكە بويسۇنىدىغان، ھاكىمىيەتنى ھىمايە قىلىدىغان يېڭى بىر ئەبجەش دىننى يولغا قويۇپ، ھەقىقىي مۇسۇلمانلارنى يوقۇتىۋاتىدۇ. ھەقىقىي مۇسۇلمانلار يەنىلا زۇلۇمدا، ئىمان، ئىسلام داۋاسى قىلىۋاتقانلار ئاشكارە ياكى يوشۇرۇن ھەرخىل تۆھمەتلەر بىلەن يوقۇتۇلىۋاتىدۇ.
شۇڭا، دەسلەپتىلا مەلۇم بىر مىللەت ياكى دۆلەت دەۋاسى قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى، ئاللەنى كەلىمىسنى ئالى قىلىشنى نىشان قىلغان، بىرلا ئىسلام ئۈممىتى شۇئارى بىلەن ، قۇرئان-ھەدىسنىڭ يوليورۇقى ئاساسىدا بىرلىشىش كېرەك.)

غەربنىڭ سىياسىي يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ تارقىلىشىنى توختىتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

شەك-شۈبھىسىزكى، مىللەتچىلىك بىزنىڭ كېسەللىرىمىزنى ساقايتىدىغان شىپالىق دورا ئەمەس. بەلكى، مىللەتچىلىك بىزنى چىرمىۋالغان ساقايماس كېسەلدۇر. سىمىس[126] مۇنداق دەيدۇ: «ھازىرقى يېقىن شەرقنىڭ تارىخى شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ساپ مىللەتچىلىك مۇشەققەتلىك بۇرچ بىلەن تەرەققىي قىلىشنىڭ ئاساسى ئەمەس؛ ھەرقانداق ۋاقىتتا، ئىسلام يېتەكچى بولمايدىكەن، ئۇنداقتا، ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بىلەن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.»

يېتەكچىمىز ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى نېمىدېگەن گۈزەل-ھە! بىز بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىمىزنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ تۆۋەندىكى مەشھۇر سۆزى ئاخىرلاشتۇرىمىز:

(نحن قوم أعزنا الله بهذا الدين ومهما ابتغينا العزة ـ عن غير طريقه ـ أذلنا الله).

«بىز مۇسۇلمانلار، الله بۇ دىن ئارقىلىق ئىززەتلىك قىلغان قەۋممىز. قاچانكى، بىز بۇندىن باشقا يول ئارقىلىق ئىززەت تاپماقچى بولساق، الله بىزنى خار-زەبۇنلۇققا مەھكۇم قىلىدۇ. »

﴿لَقَدْ أَنزَلْنَآ إِلَيْكُمْ كِتَٰبًا فِيهِ ذِكْرُكُمْ ۖ أَفَلَا تَعْقِلُونَ﴾ [127]

[126] علماء و مفكرون عرفتم 57ص

[127] سورة الانبياء 10

« سىلەرنىڭ شان ـ شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) سىلەرگە ھەقىقەتەن نازىل قىلىپ بەردۇق. (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟»

مۇسۇلمانلار قۇرئاندا تىلغا ئېلىنىدۇ. مانا بۇ كىتابنىڭ سەۋەبى بىلەن بۇ ئۈممەت قۇرئاندا تىلغا ئېلىنىدۇ.

**(كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ)** [128]

((ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان اﷲ قا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.)

**( وَلْتَكُنْ مِنْكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ )** [129]

(سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر) (سۈرە ئال ئىمران 104-ئايەت)

ئەرەبلەر بۇ قۇرئاننىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن تۈنجى قېتىم پۈتكۈل ئۈممەتلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار قۇرئانغا چىڭ ئېسىلغان ھەمدە بۇ قۇرئان ئەھكاملىرىنى ۋە كۆرسەتمىلىرىنى ھاياتىدا ئىجرا قىلغاندىن كېيىن ئىنسانىيەتنىڭ زامانىنى توختاتتى.

---

[128] [ آل عمران : **110** ] .

**[129] [ آل عمران : 104 ]**

(وَإِنَّهُۥ لَذِكْرٌ لَّكَ وَلِقَوْمِكَ ۖ وَسَوْفَ تُسْأَلُونَ ﴿٤٤﴾)[130]

« قۇرئان ساڭا ۋە سېنىڭ قەۋمىڭگە ئەلۋەتتە (ئۇلۇغ) شەرەپتۇر، سىلەر كەلگۈسىدە (بۇ نېمەت ئۈستىدە) سورىلىسىلەر »

(قُلْ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لَسْتُمْ عَلَىٰ شَىْءٍ حَتَّىٰ تُقِيمُوا۟ ٱلتَّوْرَىٰةَ وَٱلْإِنجِيلَ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْكُم مِّن رَّبِّكُمْ ۗ وَلَيَزِيدَنَّ كَثِيرًا مِّنْهُم مَّآ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ طُغْيَٰنًا وَكُفْرًا ۖ فَلَا تَأْسَ عَلَى ٱلْقَوْمِ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٦٨﴾)[131]

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) سىلەر تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) تولۇق ئەمەل قىلمىغۇچە، سىلەر ئېتىبارغا ئالغۇدەك دىندا بولغان بولمايسىلەر». پەرۋەردىگارىڭدىن نازىل قىلىنغان ئەھكاملار ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىدە يامانلىق ۋە كۇفرىنى ئاشۇرىدۇ، كاپىر قەۋم ئۈچۈن قايغۇرمىغىن (چۈنكى پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقىرىش ئۇلارنىڭ ئادىتىدۇر)»

قۇرئان ئەھلى بۇ قۇرئان ئەھكاملىرىنى ۋە كۆرسەتمىلىرىنى ھاياتىدا بەرپا قىلمايدىكەن، ھاياتىدا قۇرئانغا ئەمەل قىلمايدىكەن، قۇرئاننى رېئاللىقىغا تەتبىقلىمايدىكەن ئۇلارنىڭ قۇرئان ئەھلى بولغانلىقىنىڭ ( مەن مۇسۇلمان دەپ قويغىنىنىڭ) ھېچقانداق ۋەزنى ۋە ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ.

---

[130] سورة الزخروف 44

[131] سورة المائدة 68

﴿وَلَوْ أَنَّا كَتَبْنَا عَلَيْهِمْ أَنِ ٱقْتُلُوٓاْ أَنفُسَكُمْ أَوِ ٱخْرُجُواْ مِن دِيَـٰرِكُم مَّا فَعَلُوهُ إِلَّا قَلِيلٌ مِّنْهُمْ ۖ وَلَوْ أَنَّهُمْ فَعَلُواْ مَا يُوعَظُونَ بِهِۦ لَكَانَ خَيْرًا لَّهُمْ وَأَشَدَّ تَثْبِيتًا وَإِذًا لَّـَٔاتَيْنَـٰهُم مِّن لَّدُنَّآ أَجْرًا عَظِيمًا ﴿٦٧﴾ وَلَهَدَيْنَـٰهُمْ صِرَٰطًا مُّسْتَقِيمًا ﴿٦٦﴾﴾[132]

«ئەگەر بىز ئۇلارغا: «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار» دەپ ئەمر قىلغان بولساق (يەنى ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگەندەك ئېغىر تەكلىپنى ئۇلارغا يۈكلىسەك) ئىدۇق، ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى، ئەگەر ئۇلار قىلىنغان ۋەز ـ نەسىھەتكە ئەمەل قىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ياخشى بولاتتى ۋە ئىمانى مۇستەھكەم بولغان بولاتتى (گۇمراھلىق ۋە نىفاقتىن ئەڭ يىراق بولغان بولاتتى). ئۇ چاغدا دەرگاھىمىزدىن ئۇلارغا ئەلۋەتتە بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلاتتۇق. ئۇلارنى ئەلۋەتتە توغرا يولغا ھىدايەت قىلاتتۇق»

1956-يىلى 8-ئاينىڭ 19-كۈنى سۈرىيەدىكى فىرانسىيەنىڭ باش كونسۇلى دىيلىسىبسىنىڭ[133]ياردەمچىسى بىلانسىنىڭ ياردىمى بىلەن يازغان دوكلاتىدا مۇنداق مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

«دىن ئۇلارنىڭ قەلبلىرى ۋە ھاياتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئىسلام شەھەرلىرىنى تەتقىق قىلماقچى بولغان كىشىلەر مۇلاھىزە قىلىشقا تېگىشلىك ھەقىقەت شۇكى، بۇ شەھەرلەردە دىن ھەرقانداق ئورۇندا، ھەرقانداق ئىشتا نامايان بولىدۇ.

---

[132]سورة النساء 66ـ68

[133] **الموسوعات الكبرى للجماعات الإسلامية المسلحة 760**

شەرق جەمئىيىتىدە دىنىنىڭ تەسىر ئومۇمىيۈزلۈك ئەخلاقتا، تىلدا، ئەدەبىياتتا، بارلىق ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەردە نامايان بولىدۇ. شەرقلىق بىر كىشى (يەنى، مۇسۇلمانلار)ئۆزىنى ئۆزى تۇغۇلغان ۋەتەنگە نىسبەت بەرمەيدۇ؛ شەرقلىق كىشىنىڭ ۋەتىنى بولمايدۇ بەلكى، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى تۇغۇلغان، ئېتىقاد قىلىدىغان دىنىغا نىسبەت بېرىدۇ. ئەمما، غەربلىكلەر بولسا ئۆزىنى تۇغۇلغان ۋەتىنىگە نىسبەت بېرىدۇ. بىراق، شەرقلىق كىشى دىنىغا نىسبەت بېرىدۇ. شەرقلىق كىشىنىڭ مىللىتى ئۇ ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. دىنىدىن چىقىپ كەتكەن ھەرقانداق شەخس ئۇنىڭغا نىسبەتەن باشقا مىللەت، يات ئەجنەبىي كىشى ھېسابلىنىدۇ.»

# خەلقئارادىكى جاھىلىيەت مىللەتچىلىك ۋە يۇرتۋازلىق ھەرىكەتلىرى

غەرب ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى خەلقئارادا جاھىلىيەت سادالىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئىسلامنى تاشلاپ، ئىسلام بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشكە ھەمدە ئىسلامغا تاجاۋۇز قىلىشقا تەرغىب قىلماقتا.مەسىلەن:

## ماراكەشتە

ماراكەشتە فىرانسىيە دائىرىلىرى ماراكەشتىكى بەربەر مىللىتى ئارىسىدا مىللىي روھنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. 1930-يىلى 5-ئاينىڭ 16-كۈنى فىرانسىيە دائىرىلىرى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئورنىدا بەربەرلەرنىڭ يەرلىك ئۆرۈپ-ئادەت قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىشقا قانۇن چىقاردى.

## ھىندونېزىيەدە

ھىندونېزىيەدە ھىندى دىنى مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى.

## لىۋاندا

لىۋاندا سەئىد ئەقىل، يۈسۈپ سود، فىكتور خەلات قاتارلىق كىشىلەر : لىۋان ئەرەبلەرگە تەۋە ئەمەس، بەلكى، لىۋان ئوتتۇرا دېڭىز يەنى ئىتالىيە، يۇنان مەدەنىيتىنىڭ بىر قىسمى دەپ دېيىشتى.

## مىسىردا

مىسىرغا پىرئەۋن مەدەنىيتى تەسىر كۆرسەتتى... لۇتفىي سەيىد، سەئىد زەغلۇل، تاھا ھۈسەيىن... قاتارلىق كىشىلەر فىرئەۋنىزىمگە دەۋەت قىلدى... كىشىلەرنىڭ ئىچىدە زەئىم سىيس، ئىبراھىم نەقمىرتىيتى، ئەبۇل ھەۋلى... دېگەندەك ئىسىملار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئەبۇل ھەۋلى مىسىرنىڭ تەرەققىياتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان شوئارلارنى توۋلاشقا باشلىدى... ئابدۇناسىرنىڭ زامانىسىدا مىسىرنىڭ ئالى توسمىسى قۇرۇلدى... يۇنىسكو ئەبۇ سەنبەل پىرئەۋنىنىڭ ئىبادەتخانىسىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن پۈتكۈل دۇنيانىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىدى... مۇسا ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى پىرئەۋن رەمسىيسنىڭ ھەيكىلى قاھىرەگە يۆتكەپ كېلىندى. بۇ ھەيكەل مىليونلىغان كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

تۈركلەر تۈركىيە تۈركلەرنىڭ... دېسە؛ مىسىرلىقلار مىسىر مىسىرلىقلارنىڭ... دەپ شوئارلارنى توۋلاشقا باشلىدى. كويلېرنىگ لويىس تۇماس [134]توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

«لويىس تۇماس " تۈركىيە تۈركلەرنىڭ ... " دېگەن پىرىنسىپ توغرىسىدا سۆزلەيدىغان تۈرۈك يېتەكچىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن تاماملىنىدىغان

[134]الموسوعات الكبرى للجماعات الإسلامية المسلحة **761**

مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تارىخى ۋە ئىجتىمائىي شارائىتلىرىنىڭ تەپسىلىي خەرىتىسىنى سىزىپ بەردى. بۇ مەنتىقىدىكى كۆپىنچە كىشىلەر بۇ پرىنسىپ بويىچە ماڭدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كامالچىلار شۇنداق دەيدۇ: (بىز بىزنىڭ مۈلكىمىزگە ئايلانغان، يېڭى جەمئىيىتىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان، ئىنگلىزچە ئۇسلۇبتىكى، تۈركىيەچە ئىسلام بىنا قىلىشنى ئارزۇ قىلىمىز.)»

مىسىرلىقلار مىسىر مىسىرلىقلارنىڭ... دەپ شوئارلارنى توۋلاشقا باشلىدى. مانا بۇ سادالارنىڭ تەسىرى ئاستىدا غەربنىڭ ئالقىنىدا ئۇسۇل ئوينايدىغان مىسىرلىق دورامچىلار ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. مەسىلەن:

تاھا ھۈسەيىن مۇنداق دېدى : «مىسىرلىق ئەرەب بولۇشتىن بۇرۇن فىرئەۋنىزىمچىدۇر.»

تاھا ھۈسەيىن مۇنداق دېدى : « ئەگەر ماڭا ئىسلام بىلەن فىرئەۋنىزىمدىن بىرنى تاللاشقا توغرا كەلسە، ئەلۋەتتە، ئىسلامنى چۆرۈپ تاشلىغان بولاتتىم..»

شەۋقىي مۇنداق دەيدۇ: «مىسىر زېمىنىنى رەببىڭلارغا ئوخشاش بىر مەئبۇد قىلىۋالساڭلار.. رەببىڭلار سىلەردىن غەزەبلەنمەيدۇ... »

شەۋقىي مىسىرغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « ئى مىسىر! گەرچە مەن شاھادەت ئېيتسام‌مۇ، تەۋبە قىلسام‌مۇ، كەبىگە يۈزلىنىشتىن بۇرۇن، ساڭا يۈزلىنىمەن...»

شەۋقىي ئېھرامنى مەدھىيەلەپ مۇنداق دەيدۇ: « ئېھرام زۇلمەتلىك دەۋردە بىنا قىلىنغان زۇلمەت بىناسى بولسىمۇ، بىراق، ئېھرام ئارقىلىق زۇلۇمنىڭ يۈزى ئاقىرىپ، نۇر چاچىدۇ.

شەۋقىي تۇت ئەنىخ ئامۇن ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: « قەھقەرىنىڭ زامانلىرى كەتتى.. پىرئەۋن تاماق، شارابلىرى بىلەن كەلدى.»

...

غەرب دۇنياسىنىڭ قەدىمكى ئاسارە-ئەتىقە ۋە ۋەتەن مۇزېيلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس؛ چۈنكى، بۇ غەربنىڭ ئىسلام دۇنياسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن بىر ئەسىر بۇرۇن تەسىس قىلىنىپ بولغان ئىدى. غەرب دۇنياسىنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى بولسا مۇسۇلمانلارنى ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى ئاسارە-ئەتىقە، قىممەت قاراشلار، ئىسىملارغا باغلاش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىراققا بوتا (**BOTTA AND LOYARD**)، مارىيىت (**MARIET**) كەلدى. ئۇلار قەدىمكى ئاسارە-ئەتىقە ۋە ۋەتەن مۇزېيلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. ئۇلارنى بۇنداق قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. يەھۇدىي روكفىلىر پىرئەۋن ئاسارە - ئەتىقە مۇزېينى ۋە ئاسارە-ئەتىقە تەتقىقاتچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ئىنستىتۇت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئون مىليون دوللار سەرپ قىلدى. بىز بۇلارنى بىلگەندىن كېيىن ئەنگلىيەنىڭ پەلەستىنگە قەدىمكى ئاسارە-ئەتىقە ۋە ئۆرپ-ئادەتلەر ھەققىدە تۇنجى يىلى ئىجرا قىلىنىدىغان 12ماددىلىق قانۇن بەلگىلەپ بەرگەنلىكىنىڭ سىرىنى بىلەلەيمىز. غەربنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب بولسا پەقەتلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتىنى ئۈزۈپ تاشلاش، ھەمدە مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئالقىنىدا ئوينىتىشقا قادىر بولۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى جاھىلىيەتكە باغلاش ئۈچۈن ئىدى.

## ئىراندا

سوپىلار ۋە بەھلەۋىي ھۆكۈمتى ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈشكە باشلىدى. بەھلەۋىي ھۆكۈمتى پارسلار ئىچىدىكى ئەرەبلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاكادېمىيە قۇردى. بۇ ئاكادېمىيە ئىراننىڭ قەدىمكى شان-

شەرىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى. زەردۇشت مەزھىپى يېڭىدىن مەيدانغا چىقىپ، سەبئى ۋە شەمسى شەھەرلىرىدە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشتى. يېڭى ئىمارەتلەر قەدىمكى ئۇسلۇبتا سېلىنىشقا باشلىدى. شاھ مۇھەممەد رىزا بەھلەۋىي پارس ئىمپېرىيەسىنى قۇرغان كورىشقا بىر ئەسىر ئۆتكەنلىكىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزدى. ئىراندا يەنە باشقا مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى قوزغىلىشقا باشلىدى. مەسىلەن: بەلۇش، كورد، ئەرەب... مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى ھەرىكەتكە ئۆتتى...

## ئىراقتا

ئىراقتا يۇرتۋازلىق ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. بەزىلەر ئەرەب مىللەتچىلىككە دەۋەت قىلسا، بەزىلەر كورد مىللەتچىلىككە دەۋەت قىلدى. بەزىلەر تۈرك مىللەتچىلىككە دەۋەت قىلسا، بەزىلەر ئەشۇرىيە، كەلدانىيە مىللەتچىلىككە دەۋەت قىلدى...

## ھىندىستاندا

ھىندىستاندا ھىندى مەزھەپچىلىكى ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. ھىندىلار ھىندى دىنىدىن پەخىرلىنىشكە ۋە مەككىدىكى زەمزەم قۇدۇقىدىن چىقىدىغان زەمزەم سۈيىنى چەكلەپ، جەنجا دەرياسىدىن ئىچىشكە ھەمدە (بەھىيم ئەرجۇن، رامھا) دېگەنگە ئوخشىغان ھىندى قەھرىمانلىرىنى مەدھىلەشكە، ئەرەب پەتھىلىرىنى مۇستەملىكە قىلىش، قۇل قىلىش، غەربىنىڭ زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىق دەپ سۈپەتلەشكە باشلىدى.

## ئىيوردانىيە ۋە پەلەستىندە

ئىيوردانىيە ۋە پەلەستىندە قەدىمى قەبىلىلەرنىڭ شان-شەرىپىنى مەدھىيەلەشكە باشلىدى. ئىيوردانىيەنىڭ شەرقىدىكى شىمال ۋە جەنۇب قەبىلىلىرى بىلەن پەلەستىنلىكلەر ئارىسىدا يۇرتۋازلىق ھەرىكتى قوزغالدى...

ھەقىقەتەن، الله راست ئېيتقان:

(إِنَّ ٱلَّذِينَ يُحَآدُّونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓ أُوْلَٰٓئِكَ فِي ٱلۡأَذَلِّينَ ۝٢٠)[135]

« شۈبھىسىزكى، ئاللاھ بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقۇچىلار ئەڭ خار ئىنسانلار قاتارىدىدۇر »

(وَمَنۡ أَعۡرَضَ عَن ذِكۡرِي فَإِنَّ لَهُۥ مَعِيشَةٗ ضَنكٗا وَنَحۡشُرُهُۥ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ أَعۡمَىٰ ۝١٢٤)[136]

« كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز»

[135]سورة المجادلة **20**

[136]سورة طه **124**

(بعثت بالسيف بين يدي الساعة، وجعل رزقي تحت ظل رمحي، وجعل الصغار والذلة على من خالف أمري، ومن تشبه بقوم فهو منهم)[137]

«مەن قىيامەتنىڭ ئالدىدا قىلىچ بىلەن ئەۋەتىلدىم. رىزقىم نەيزەمنىڭ سايىسى ئاستىدا قىلىندى. ئەمرىمگە خىلاپلىق قىلغان كىشىلەر خار-زەبۇنلۇققا مەھكۇم قىلىندى. كىمكى بىر قەۋمگە ئوخشىۋالىدىكەن، ئۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ كېتىدۇ.»

وفي الحديث الصحيح الذي رواه ابن ماجة والحاكم عن ابن عمر مرفوعا: [138](كنت عاشر عشرة رهط من المهاجرين عند رسول الله صلى الله عليه وسلم فأقبل علينا رسول الله صلى الله عليه وسلم بوجهه فقال: يا معشر المهاجرين! خمس خصال أعوذ بالله أن تدركوهن.

1 ـ ما ظهرت الفاحشة في قوم قط حتى أعلنوا بها الآ ابتلوا بالطواعين والأوجاع التي لم تكن في اسلافهم الذين مضوا.

2 ـ ولا نقص قوم المكيال إلآ ابتلوا بالسنين وشدة المئونة وجور السلطان.

3 ـ وما منع قوم زكاة أموالهم إلآ منعوا القطر من السماء ولولا البهائم لم يمطروا.

4 ـ ولا خفر قوم العهد إلآ سلط الله عليهم عدوا من غيرهم فأخذوا بعض ما في أيديهم.

5 ـ وما لم تعمل أئمتهم بما أنزل الله في كتابه إلآ جعل بأسهم بينهم شديدا.)

«مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىكى مۇھاجىرلار گۇرۇھىدىكى ئون كىشىنىڭ ئونىنچىسى ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئى مۇھاجىرلار گۇرۇھى! بەش خىسلەت بار؛ سىلەرنىڭ بۇ خىسلەتلەرگە چۈشۈپ قېلىشىڭلاردىن اللەغا سېغىنىپ پاناھلىق تىلەيمەن. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

[137] البخاري

[138] الذي رواه ابن ماجة والحاكم عن ابن عمر مرفوعا

1-بىر قەۋمنىڭ ئىچىدە ئوچۇق-ئاشكارا زىنا-پاھىشىلەر ئاشكارا بولىدىكەن، ئۇلار ئىچىدە ۋابا كېسىلى تارقىلىدۇ. ئىلگىرىكى ئۇممەتلەر ئىچىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان ساقايماس كېسەللەر تارقىلىدۇ.

2-بىر قەۋم تارازىدا كەم بېرىدىكەن، ئۇلار قۇرغاقچىلىققا، ئاچارچىلىققا، ھاكىملارنىڭ زۇلۇمىغا دۇچار بولىدۇ.

3-بىر قەۋم زاكات بېرىشتىن بېخىللىق قىلىدىكەن، الله ئۇلاردىن ۋە چارۋا-ماللاردىن يامغۇرنى توختىتىۋالىدۇ.

4-بىر قەۋم ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمايدىكەن، الله ئۇلارغا دۈشمىنىنى ھۆكۈمران قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ زالىملار ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى بارلىق مۈلكىنى تارتىۋالىدۇ.

5-بىر قەۋمنىڭ ئىماملىرى الله كىتابىدا نازىل قىلغان شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، الله ئۇلارنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدۇ.»

...

بىز اللهغا بەرگەن ئەھدىمىزگە ۋاپا قىلمىغان ئۇممەتمىز. شۇڭا، الله بىزگە دۈشمەنلىرىمىزنى ھەممە تەرەپتىن ھۆكۈمران قىلىپ قويدى. خەلقئارالىق كاپىرلار ئىتتىپاقى بىزگە بىر لوقما تائامغا ئولاشقاندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ..

**" يوشك أن تداعى عليكم الأمم كما تداعى الأكلة إلى قصعتها . قالوا : أمن قلة نحن يومئذ يا رسول الله ؟ قال : أنتم يومئذ كثير ولكنكم غثاء كغثاء السيل ..**

**"** (139) .

---

(139) أخرجه أحمد وأبو داود .

«سىلەرگە بارلىق مىللەتلەر بىر لوقما تائامغا ئولاشقاندەك ئولىشىپ كېلىدۇ، «شۇ كۈنلەردە سانىمىزنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىدىن شۇنداق بولامدۇ؟» دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بەلكى شۇ كۈنلەردە سىلەرنىڭ سانىڭلار كۆپ، بىراق، سەلدىكى كۆپۈككە ئوخشاپ قالىسىلەر، الله دۈشمەنلىرىڭلارنى سىلەردىن قورقماس قىلىۋېتىدۇ، سىلەرنىڭ دىلىڭلارغا بوشاڭلىقنى تاشلايدۇ، دېدى. ساھابىلەر: بوشاڭلىق دېگەن نېمە؟ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بوشاڭلىق دېگەن دۇنياپەرەسلىك ۋە ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش، دېدى.»

بىز شۇنداق بىر ئۈممەتكى، ھاكىملىرىمىز اللەنىڭ كىتابىنى تەرك ئەتكەن، ئۇلار غەرب ۋە شەرقىنىڭ ئەرزىمەس كۆپۈكتەك ئەرزىمەس ئىدىيەلىرىگە ئالدانغان ئۈممەتمىز. شۇڭا، بىز قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇۋاتىمىز.

**(" يوشــك أن تداعى عليكم الأمم كما تداعى الأكلة إلى قصــعتها . قالوا : أمن قلة نحن يومئذ يا رســول الله ؟ قال : أنتم يومئذ كثير ولكنكم غثاء كغثاء السيل .. "** [140] .

«سىلەرگە بارلىق مىللەتلەر بىر لوقما تائامغا ئولاشقاندەك ئولىشىپ كېلىدۇ، «شۇ كۈنلەردە سانىمىزنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىدىن شۇنداق بولامدۇ؟» دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بەلكى شۇ كۈنلەردە سىلەرنىڭ سانىڭلار كۆپ، بىراق سەلدىكى كۆپۈككە ئوخشاپ قالىسىلەر، الله دۈشمەنلىرىڭلارنى سىلەردىن قورقماس قىلىۋېتىدۇ، سىلەرنىڭ دىلىڭلارغا بوشاڭلىقنى تاشلايدۇ، دېدى. ساھابىلەر: بوشاڭلىق دېگەن نېمە؟ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بوشاڭلىق دېگەن دۇنياپەرەسلىك ۋە ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش، دېدى.»

---

(140) أخرجه أحمد وأبو داود .

(وَإِنَّ ٱلظَّٰلِمِينَ لَفِى شِقَاقٍۭ بَعِيدٍ ﴿٥٣﴾)

« زالىملار (يەنى يۇقىرىدىكى مۇناپىقلار، مۇشرىكلار) ھەقىقەتەن (ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە) قاتتىق ئاداۋەتتىدۇر »

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: « ئىنسانغا بالايى –ئاپەت جىنايى قىلمىشى سەۋەبىدىن چۈشىدۇ. شۇنداقلا، ئىنساندىن بۇ بالايى– ئاپەت تەۋبە قىلىشى ئارقىلىق كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ . »

ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانغا ھەرقانداق بالايى-ئاپەتلەر، مۇسىبەتلەر، بەختسىزلىكلەر ... پەقەتلا ئۇنىڭ گۇناھى سەۋەبى بىلەنلا كېلىدۇ . اللەنىڭ ئىنساندىن ئەپۇ قىلىشى بەك كۆپتۇر..»

بىز اللەنىڭ كىتابلىرىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىمىزنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتۇق. اللەنىڭ يولىدىن ئېغىپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن دەرد-ئەلەم، تەسۋىرلىگۈسىز ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى يۇتۇشقا مەجبۇرى بولدۇق. بىز ئۆزىمىز تېرىغان مىللەتچىلىك ئۇرۇقلىرىنىڭ ھوسۇللىرىنى ئالدۇق. يەنى، بۆلۈندۇق، پارچىلاندۇق، نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوقاتتۇق، ئۇمۇدسىزلەندۇق، ۋەيران بولدۇق.

(أَوَلَا يَرَوْنَ أَنَّهُمْ يُفْتَنُونَ فِى كُلِّ عَامٍ مَّرَّةً أَوْ مَرَّتَيْنِ ثُمَّ لَا يَتُوبُونَ وَلَا هُمْ يَذَّكَّرُونَ ﴿١٢٦﴾)[141]

«ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر يىلى بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم سىنىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇلار توغرىسىدا ۋەھيى نازىل بولۇپ، سىرلىرىنىڭ پاش

---

[141] التوبة 126

قىلىنىدىغانلىقىنى) بىلمەمدۇ؟ ئاندىن ئۇلار تەۋبە قىلمايدۇ (يەنى نىفاقتىن قايتمايدۇ)، ئىبرەتمۇ ئالمايدۇ}

توغرا، بىزنىڭ الله تەرەپكە قايتىدىغان، قوللىرىمىزدىكى جاھىلىيەتنىڭ پاسكىنا- مەينەتچىلىكنى تاشلايدىغان، ئۆزىمىزنى سائادەت يولىغا قايتىشقا دەۋەت قىلىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى:

﴿فَإِمَّا يَأۡتِيَنَّكُم مِّنِّي هُدٗى فَمَنِ ٱتَّبَعَ هُدَايَ فَلَا يَضِلُّ وَلَا يَشۡقَىٰ ١٢٣ وَمَنۡ أَعۡرَضَ عَن ذِكۡرِي فَإِنَّ لَهُۥ مَعِيشَةٗ ضَنكٗا وَنَحۡشُرُهُۥ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ أَعۡمَىٰ ١٢٤ قَالَ رَبِّ لِمَ حَشَرۡتَنِيٓ أَعۡمَىٰ وَقَدۡ كُنتُ بَصِيرٗا ١٢٥ قَالَ كَذَٰلِكَ أَتَتۡكَ ءَايَٰتُنَا فَنَسِيتَهَاۖ وَكَذَٰلِكَ ٱلۡيَوۡمَ تُنسَىٰ ١٢٦ وَكَذَٰلِكَ نَجۡزِي مَنۡ أَسۡرَفَ وَلَمۡ يُؤۡمِنۢ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِۦۚ وَلَعَذَابُ ٱلۡأٓخِرَةِ أَشَدُّ وَأَبۡقَىٰٓ ١٢٧ أَفَلَمۡ يَهۡدِ لَهُمۡ كَمۡ أَهۡلَكۡنَا قَبۡلَهُم مِّنَ ٱلۡقُرُونِ يَمۡشُونَ فِي مَسَٰكِنِهِمۡۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّأُوْلِي ٱلنُّهَىٰ ١٢٨ وَلَوۡلَا كَلِمَةٞ سَبَقَتۡ مِن رَّبِّكَ لَكَانَ لِزَامٗا وَأَجَلٞ مُّسَمّٗى ١٢٩﴾[142]

«ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلسە، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقىي بولمايدۇ.كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز)

[142] طه 123ـ129

بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز». ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ، ۋەھالەنكى ، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟» دەيدۇ. ئاللاھ ئېيتىدۇ: «شۇنىڭدەك ساڭا (روشەن) ئايەتلىرىمىز كەلدى، سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن». ھەددىدىن ئاشقان ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتمىغانلارغا شۇنىڭغا ئوخشاش جازا بېرىمىز، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىقتۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر. ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟ ئۇلار شۇ ئۈممەتلەرنىڭ ماكانلىرىدا مېڭىپ يۈرىدۇ، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار. ئەگەر پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئازابنى ئۇلاردىن كېچىكتۈرۈشكە) قىلىشقا ھۆكمى ۋە ئالدىنئالا بەلگىلەپ قويغان ۋاقتى بولمىسا ئىدى، ئۇ چاغدا (ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشى) چوقۇم ئىدى»

ياكى الله تەرەپكە قايتىپ، زېمىنىنىڭ خەلىپىسى بولۇپ، دۇنيا-ئاخىرەتتە نجاتلىققا ئېرىشىمىز؛ ياكى جاھىلىيەت قويىنغا ئۆزىمىزنى ئېتىپ، خار-زەبۇنلۇققا مەھكۇم بولۇپ، دۇنيا-ئاخىرەتتە رەسۋا بولۇپ، ھالاك بولىمىز...

ياكى ئىسلام! ياكى ھالاكەت!...

تۆۋەندە بىز شەيخ سەفەر ئىبنى ئابدۇراھمان ئەلھەۋالىينىڭ (الشيخ/ سفر بن عبد الرحمن الحوالي) بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

وسبحانك اللهم وبحمدك، أشهد أن لا إله إلا أنت أستغفرك وأتوب إليك.

# مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى

شەيخ سەفەر ئىبنى ئابدۇراھمان ئەلھەۋالىي (الشيخ/ سفر بن عبد الرحمن الحوالي) بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

بىز ئىلگىرى اللەنىڭ تەۋفىقى بىلەن بىرلىك – باراۋەرلىك، ئىززەت-ھۆرمەت ياكى ئىنسانىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان دەرسلەرنى ئۆتتۈرىغا قويغان ئىدۇق. ئەسلى ئىنسانغا اللەنىڭ ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتكەنلىكى ۋە اللەنىڭ غەيرىيگە قۇلچىلىق قىلىشتىن ئازاد قىلىدىغان بۇ ئۇلۇغ دىنىنى ئەۋەتكەنلىكى ھەمدە ئىنسانىيەتكە ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى باراۋەرلىك ھەقىقىتىنى ۋە يەنە ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى پەرقىنىڭ پەقەتلا تەقۋالىق بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئۆگەتكەنلىكى يېتەرلىك ئىدى.

الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە تۈپتىن قارشى كېلىدىغان بۇ مىللەتچىلىك ئىدىيەسىگە نەزەر سالغان كىشى، ئەلۋەتتە، مىللەتچىلىك، ۋەتەنپەرەسلىك، قەبىلىۋازلىق، پارتىيەۋازلىق، ئىرقى ئايرىمچىلىق ، گۇرۇھۋازلىق ... ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىدىيەلەر يەنى، ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى پەرقىنىڭ پەقەتلا تەقۋالىق بىلەن بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ دىنىنىڭ ئۇلۇغ ئاساسىغا تۈپتىن قارشى كېلىدۇ .

# يەھۇدىيلار ئىچىدىكى مىللەتچىلىك ھەرىكىتى

ئەگەر بىز مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئىلگىرىكى تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئەلۋەتتە بىز بۇگۈنگە قەدەر مىللەتچىلىك ۋە ئىرقى ئايرىمىچىلىق ھەرىكەتلىرىدە ھەممىدىن بەك ھەددىدىن ئاشقان كىشىلەرنىڭ يەھۇدىيلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ئېھتىمال، يەھۇدىيلارنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىدىكى سەۋەب يەھۇدىيلار باشقا ھەددىن ئاشقان ئىرقى-مىللەتچى مىللەتلەردىن تەلىم-تەربىيە ساھەسىدە ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك . چۈنكى، باشقا مىللەتلەر – گەرچە ھەربىر مىللەت ئۆز مىللىتىگە يان باسسىمۇ – ھەددىدىن ئېشىشتا باشقا مىللەتلەر يەتكەن چەككە يەتمىدى. بەلكى، مىللەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يەھۇدىيلارغا ئەگىشىپ مەيدانغا چىققان ئىدى. مەسىلەن: گېرمانىيەدىكى نازىيە مىللەتچىلىك ھەرىكىتى ۋە ئىتالىيەدىكى فاشىزىم مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە ئوخشاش... چۈنكى، بۇ مىللەتچىلىك ھەرىكىتى يەھۇدىيلارنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى بەك ئۇچرىغان ئىدى.

توغرا، مىللەتچىلىك ۋە ئىرقى ئايرىمىچىلىق ھەرىكەتلىرىدە ھەممىدىن بەك ھەددىدىن ئاشقان كىشىلەرنىڭ يەھۇدىيلاردۇر. الله بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

**((وَقَالَتِ الْيَهُودُ وَالنَّصَارَى نَحْنُ أَبْنَاءُ اللَّهِ وَأَحِبَّاؤُهُ قُلْ فَلِمَ يُعَذِّبُكُمْ بِذُنُوبِكُمْ بَلْ أَنْتُمْ بَشَرٌ مِمَّنْ خَلَقَ)) [المائدة:18]**

«يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار: «بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز (يەنى ئاتا ـ بالىدەك يېقىنمىز) ۋە (بىز ئاللاھنىڭ دىنىدا بولغاچقا) دوستلىرىدۇرمىز» دېدى. ئېيتقىنكى، «(ئۇنداق بولسا) ئاللاھ نېمە ئۈچۈن سىلەرگە گۇناھىڭلار

تۆپەيلىدىن ئازاب قىلىدۇ؟» بەلكى سىلەر باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ئاللاھ ياراتقان ئىنسانسىلەر...»

ھەقىقەتەنمۇ، يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار: «بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز (يەنى ئاتا ـ بالىدەك يېقىنمىز) ۋە (بىز ئاللاھنىڭ دىنىدا بولغاچقا) اللەنىڭ دوستلىرىدۇرمىز»... دەپ داۋا قىلىشىدۇ.

يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئۆزلىرىنى اللەنىڭ تاللانغان بەندىلىرى.. دەپ داۋا قىلىشىدۇ. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

**((لَيْسَ عَلَيْنَا فِي الْأُمِّيِّينَ سَبِيلٌ)) [آل عمران:75]**

«ئۇلار: «ئۇممىلەرنىڭ مېلىغا خىيانەت قىلساق بىزگە گۇناھ بولمايدۇ (يەنى بىزنىڭ دىنىمىزدا بولمىغانلارنىڭ ماللىرى بىزگە ھارام ئەمەس)» دېدى»

**((وَمِنْهُمْ مَنْ إِنْ تَأْمَنْهُ بِدِينَارٍ لا يُؤَدِّهِ إِلَيْكَ)) [آل عمران:75]**

«ئۇلاردىن يەنە بەزى كىشىلەرمۇ باركى، ئۇنىڭدا بىر دىنار ئامانەت قويساڭمۇ ئۇنىڭ بېشىدا تۇرمىغىچە (يەنى قايتا ـ قايتا سۈيلىمىگىچە) ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. »

يەھۇدىيلار باشقا مىللەتلەرنىڭ ماللىرىنى ئۆزلىرىگە ھالال ھېسابلايدۇ. چۈنكى، يەھۇدىيلاردىن باشقا مىللەتلەر ساۋاتسىزلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماللىرى يەھۇدىيلارغا ھالالدۇر.

يەھۇدىيلار ئىچىدىكى بۇ مىللەتچىلىك ھەرىكىتى، ئۇلار ئىچىدە تەۋراتنىڭ بىر قىسىم تېكىستلىرىنى بۇرمىلاپ، ئۆزگەرتكەنلىكتىن پەيدا بولغان باتىل چۈشەنچىلەردىن ياكى يەھۇدىيلارنىڭ توقۇپ چىققان ۋە ئۇلار ئەگىشىۋاتقان ئەڭ چوڭ كىتابى «تىلمۇد» قا ئەگەشكەنلىكتىن پەيدا بولغان ئىدى.

مىللەتچىلىك ۋە ئىرقى ئايرىمچىلىق تەسىرىدە يەھۇدىيلاردا شۇنداق ئەقىدە شەكىللەندىكى، ئۇلار پەيغەمبەر بەنى ئىسرائىل ئىچىدىن چىقىشى كېرەك ... دەپ جۆيلىشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى زىنىنەتلەپ: ئۇ دېگەن ئۇممىيلەر (يەنى، ساۋاتسىزلار) نىڭ قاتارىدىن دەپ جۆيلۈشتى. شۇ سەۋەبتىن الله سۈرە جۇمۇئەدە مۇنداق دەيدۇ:

**((هُوَ الَّذِي بَعَثَ فِي الْأُمِّيِّينَ رَسُولاً مِنْهُمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِهِ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَإِنْ كَانُوا مِنْ قَبْلُ لَفِي ضَلالٍ مُبِينٍ)) [الجمعة:2]**

«ئاللاھ ئۇممىلەرگە (يەنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتى، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى) ئۆگىتىدۇ، گەرچە ئۇلار ئىلگىرى ئوچۇق گۇمراھلىقتا بولسىمۇ»

قۇرئان يەھۇدىيلار ئېتىراپ قىلمايدىغان بۇ ھەقىقەتنى ناھايىتى روشەن بايان قىلىپ بېرىدۇ:

**((مَثَلُ الَّذِينَ حُمِّلُوا التَّوْرَاةَ ثُمَّ لَمْ يَحْمِلُوهَا كَمَثَلِ الْحِمَارِ يَحْمِلُ أَسْفَاراً)) [الجمعة:5]**

«تەۋراتنى كۆتۈرۈشكە (يەنى ئەمەل قىلىشقا) تەكلىپ قىلىنغان، ئاندىن ئۇنى كۆتۈرمىگەنلەر (يەنى تەۋرات بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا تەكلىپ بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان ۋە ھىدايەتتىن پايدىلانمىغان يەھۇدىيلار) خۇددى كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەككە ئوخشايدۇ (يەنى پايدىلىق چوڭ ـ چوڭ كىتابلارنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان، چارچاشتىن باشقا، ئۇلاردىن ھېچقانداق

پايدىلىنالمايدىغان ئېشەككە ئوخشايدۇ)، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان قەۋمنىڭ مىسالى نېمىدېگەن يامان! ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ»

ئۇممىلەرگە (يەنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغانلارغا) بەرگەن بۇ فەزلى مەرھەمىتى اللەنىڭ ھېكمىتىدۇر. الله ئۇلارنى ئۆز ھېكمىتى ئۈچۈن تاللىغان ئىدى. ئۇلار ئىچىدىن پەيغەمبەر چىقمىدى؛ چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق بۇزۇلغان ئىدى.

## ((كَمَثَلِ الْحِمَارِ يَحْمِلُ أَسْفَاراً)) [الجمعة:5]

«(يەنى تەۋرات بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا تەكلىپ بولىسمۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان ۋە ھىدايەتتىن پايدىلانمىغان يەھۇدىيلار) خۇددى كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەككە ئوخشايدۇ (يەنى پايدىلىق چوڭ ـ چوڭ كىتابلارنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان، چارچاشتىن باشقا، ئۇلاردىن ھېچقانداق پايدىلىنالمايدىغان ئېشەككە ئوخشايدۇ)»

يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى پەيغەمبەرگە ئەگىشىشكە ئەڭ ھەقلىق كىشىلەر ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ غەيرىدىكى مىللەتتىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ دەپ ئويلىسىمۇ، بىراق، پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقمىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، يەھۇدىيلار باشقا مىللەتلەر مەيلى ئۇ مىللەت ناسارالار بولسۇن ياكى مۇسۇلمانلار بولسۇن ياكى باشقا ھەرقانداق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللەنىڭ تاللانغان بەندىلىرى يەھۇدىيلارنىڭ مىنىدىغان ئېشىكى بولۇش ئۈچۈن يارىتىلغان! الله يەھۇدىيلاردىن باشقىلارنى يەھۇدىيلارنىڭ شەكلىدە بارلىققا كەلتۈرمەيدۇ. يەھۇدىيلار دەيدۇكى، مانا بۇلار يەھۇدىيلارنىڭ باشقا مىللەتلەردىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن، اللەنىڭ يەھۇدىيلارغا ئاتا قىلغان مەرھەمىتىدۇر... بىراق، يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرى ئېشەك ، خىچىر، تۆگە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھايۋاناتلارغا ئوخشايدۇ... لېكىن ،

اللە ئۇلارنى يەھۇدىيلارنىڭ باشقا مىللەتلەردىن خالىغانچە پايدىلىنىشى ئۈچۈن، يەھۇدىيلارنىڭ سۈرىتىدە ياراتقان. شۇڭا، يەھۇدىيلاردىن باشقا مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ماللىرى يەھۇدىيلارغا ھالال بولۇپ، يەھۇدىيلار بۇلاردىن ھېچبىرىدە قىلچە سىقىلىپ قالمايدۇ!

بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇرمىلانغان تەۋراتنىڭ تېكىستلىرىدىن ياكى ئۇلار توقۇپ چىققان تىلمۇد دېگەن توقۇلما كىتابتىن پەيدا بولغان بولۇپ، اللە قۇرئاندا ئۇلارنىڭ تەۋراتنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى بايان قىلغان.

تەۋراتتىكى يەھۇدىيلار ئۆزگەرتكەن جۈملىلەرنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىچە:

اللە كىشىلەرنى تەۋراتتا نازىل قىلىنغان ئون ۋەسىيەتكە بۇيرىدى: ئادىللىقنى بەرپا قىلىشقا، تارازىدا تولۇق ئۆلچەپ بېرىشكە ، زىنا قىلماسلىققا، ئوغرىلىق قىلماسلىققا... بۇيرۇدى.

بىراق، يەھۇدىيلار بۇلارنى ئۆزگەرتتى. ئۇلار مۇنداق دېدى : يەھۇدىيلار تارازىدا ئۆلچەنمەيدۇ. «كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ئوغۇرلىماڭلار» دېگەن مەزمۇنلارنى، ئۇلار «يەھۇدىيلارنىڭ ماللىرىنى ئوغۇرلىماڭلار» دەپ ئۆزگەرتتى.

يەھۇدىيلار: «بىر جاننى ئۆلتۈرمەڭلار» دېگەن مەزمۇنلارنى، ئۇلار «يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرمەڭلار» دەپ ئۆزگەرتتى... مانا ئۇلار تەۋراتنى ئۆز مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق ئۆزگەرتتى.

ئەمما، يەھۇدىيلارنىڭ باشقا كىتابلىرىغا كەلسەك، تىلمۇد مەيدانغا كېلىپ ، تەۋراتنى مۇكەممەل ئۆزگەرتىپ چىقتى. تىلمۇد شۇنداق دەيدۇكى: «ئەگەر يەھۇدىيلاردىن باشقا مىللەتلەردىن بولغان بىر كىشى بىر ئازگالغا چۈشۈپ كەتسە، سەن ئۇنى قۇتقازمىغىن، بەلكى، قادىر بولساڭ، ئۇنىڭ ئۇ ئازگالدىن چىقالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىگە تاش تاشلىغىن!

ئەگەر يەھۇدىيلاردىن باشقا مىللەتلەردىن بولغان بىر كىشى بىر قۇدۇققا چۈشۈپ كەتسە؛ ياكى سۇغا غەرق بولسا؛ ياكى ھەرقانداق جايغا چۈشۈپ كەتسە... سەن ئۇنى مەڭگۈ قۇتقازمىغىن! چۈنكى، ئۇ سىنىڭ دۈشمىنىڭدۇر!»

بۇنداق ئايرىمچىلىق قاتتىق دۈشمەنلىككە ئېلىپ باردۇ. چۈنكى، تىلمۇد بابىلدا يەنى، ئىراقتا يېزىلغان بولۇپ، يەھۇدىيلارنى بابىلدا يەنى، ئىراقتا ئەسىر قىلغان ئاشۇرىيلارنىڭ[143] ھۆكۈمرانلىقىنى تەسۋىرلەيتتى. چۈنكى، يەھۇدىيلار ئەسىرگە چۈشكەن مەزگىللەردە ئۇلاردا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىش تۇيغۇسى شەكىللەنگەن ئىدى. الله ئۇلارنى تاللىدى. ئۇلار بۇتپەرەس مۇشرىكلار ئىدى.

يەھۇدىيلار مانا مۇشۇنداق شارائىتتا تىلمۇدنى يېزىپ چىقتى. تىلمۇدقا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش روھى، كىبىرلىك، بارلىق مىللەتلەرنى ھەقىر سانايدىغان ھەمدە ئۇلارغا قاتتىق ئاداۋەت تۇتىدىغان.. رەزىل روھلار سىڭدۈرۈلگەن ئىدى. يەھۇدىيلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزىدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ھېچقانداق قەدىر قىممىتى، ۋە ھۆرمىتى يوق ئىدى.

شۇنداقلا، يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى ئەسىر ئالغان، قاتتىق باسقان، مال-مۈلۈكىنى تالان-تاراج قىلغان، ئەزىيەت يەتكۈزگەن، قاتتىق ئازابلىغان كىشىلەرنىڭ ھېچقانداق ھۆرمىتى، ۋە قەدىر -قىممىتى يوق دەپ قارايتتى. يەھۇدىيلار مانا مۇشۇنداق ئىنتىقام روھى بىلەن تىلمۇدنى يېزىپ چىقتى.

يەھۇدىيلار بابىل شەھرىدىن ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇپ، ياۋروپا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا شەھەرلەرگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ناسارالار يەھۇدىيلارنى قاتتىق قاتتىق ئېكسپىلاتسىيە قىلغان ئىدى. چۈنكى، ناسارالار يەھۇدىيلارنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈردى دەپ ھېسابلايتتى. ناسارالارنىڭ نەزىرىدە ئىيسا

---

[143] ئاشۇرىيلار مىلادىنىڭ 1ـ يىلىدىن باشلاپلا خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سامنىڭ نەسلىدىن بىر تەبىقەدۇر.

ئەلەيھىسسالام ئىلاھ ھېسابلىناتتى . شۇڭا، يەھۇدىيلار ناسارالارنىڭ نەزىرىدە ئىلاھنى ئۆلتۈرگەن، كىرىستقا ئېسىپ، قەتلى قىلغان، يالغانغا چىقارغانلار ھېسابلىناتتى . ناسارالار يەھۇدىيلارنى ئازابلاشتا خىلمۇ-خىل ئازابلاش ئۇسۇللىرىنى ئىشلەتكەن ئىدى. شۇڭا، يەھۇدىيلارنىڭ تىلمۇدقا بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشقان ئىدى. يەھۇدىيلار تىلمۇدتا ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە قورقۇنۇچلۇق، قەبىھ ئىبارىلەرنى يازاتتى. بىراق، ئۇنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويمايتتى. چۈنكى، تىلمۇد يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ چوڭ مەخپىي كىتابى ئىدى. يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئورنىغا مەخپىي بەلگە ياكى چېكىتلەرنى قويۇپ قوياتتى. بىراق، يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرى تىلمۇدنى يەھۇدىيلارغا ئوقۇپ بەرگەندە مەقسەت قىلىنغۇچى (خىرىستىئانلار ياكى ئىيسا) مۇنداق دەيدۇ - دەيتتى. بىر مەزگىلدىن كېيىن يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرى ياۋروپانىڭ سىرتىغا كېڭەيدى.

يەھۇدىيلار ھازىرمۇ باشقا مىللەتلەرگە مۇشۇنداق روھ بىلەن قارايدۇ!!! شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقانداق بىر مىللەت يەھۇدىيلارغا ھەرقانداق قىممەتلىك نەرسىلەرنى بەرسۇن ... ھەمدە ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرسۇن... يەھۇدىيلار بۇنداق مىللەتنى ھېچقانداق ئېتىبارغا ئالمايدۇ. چۈنكى، يەھۇدىيلار باشقا ھەرقانداق مىللەت ئىگە بولغان مۈلۈكنى يەھۇدىيلارنىڭ مۈلكى ھېسابلايدۇ. يەھۇدىيلاردىن باشقا كىشىلەر يەھۇدىيلار بىلەن بىرگە ھەرىكەت قىلسۇن ياكى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسۇن... پەزىلەتلەر يەھۇدىيلار ئۈچۈن بولىدۇ. چۈنكى، يەھۇدىيلار بۇ ياخشىلىقلارنىڭ ئەسلى ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ. كىمكى يەھۇدىيلارغا دۈشمەنلىك قىلىدىكەن، ئۇنداق كىشىلەرنىڭ ھېچقانداق قەدىر قىممىتى بولمايدۇ... مانا بۇلاردىن ياۋروپادىكى ھەددىدىن ئاشقان مىللەتچى يەھۇدىيلارنىڭ ئىدىيەسىنى بىلەلەيسىز!!! بۇ مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى نازىيە مىللەتچىلىك ھەرىكىتىدۇر.

# ياۋروپادىكى مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى

بىز ئەمدى ياۋروپادا مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئەسلى مەنبەسىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرىمىز؛ نازىيە [144] مىللەتچىلىك ھەرىكىتىدۇر. بۇ ھەرىكەت يەھۇدىيلارغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، ئىلگىرى ياۋروپادا مۇتلەق مىللەتچىلىك ھەرىكىتى تونۇلمىغان ئىدى. بەلكى، ئوتتۇرا ئەسىر تارىخچىلىرى ئاتىغاندەك، پۈتكۈل دۇنيادا دىن ئاساسى ئورۇندا تۇراتتى. كىشىلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشىش قائىدىسى دىن ئاساسىدا بولاتتى. ئىنسانلارنىڭ سورىشىدىغان سوئاللىرىنىڭ كۆپىنچىسى دىن توغرىسىدا بولاتتى؛ چۈنكى، ئۇ ئىنسان ياكى مۇسۇلمان ياكى خىرىستىيان ياكى يەھۇدىي ياكى مەجۇسىي... ئىدى. ئەمما، مىللەتچىلىك، ئىرقى ئايرىمچىلىق دىنىدىن كېيىنكى ئىككىنچى بىر نەرسە قاتارىدا ئېتىبارغا ئېلىناتتى. ياۋروپادا ، شەرقتە، ھەربىر ئورۇندا مىللەتچىلىك ئىدىيەسى مەيدانغا چىقىشتىن بۇرۇن ئىشلار مانا مۇشۇنداق دىن ئاساسىدا داۋام قىلماقتا ئىدى.

مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ۋەتەنپەرۋەرلىك شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان ھەمدە بۇ مىللەتچىلىك ئىدىيەسى فىرانسىيەلىكلەر ئۇنى ئەركىنلىكنىڭ ئاچقۇچى، نۇرلۇق قۇياش، بىرلىك-باراۋەرلىك، ئادالەت، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ باشلىنىشى دەپ داۋا قىلىۋاتقان فىرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ كۆرۈنۈشىدە بارلىققا كەلدى. دەل فىرانسىيە ئىنقىلابى مەيدانغا كەلگەن ۋاقىتتا، بۇ ئىنقىلابىنىڭ ھېچقانداق دىنى خاراكتېرى بولمىدى. بەلكى، بۇ ئىنقىلاب ۋەتەنپەرۋەرلىك

---

[144] نازىيە ـ گىتلىر قوماندانلىقى ئاستىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتچىلىك پارتىيىسى.

تۈسىنى ئالدى. بۇ ئىنقىلاب شۇنداق دەيدۇ: بارلىق كىشىلەر ۋەتەندە باراۋەردۇر. كىشىلەرنىڭ دىنلىرى، ئەقىدىلىرى، مىللەتلىرىگە قارالمايدۇ...

بۇ مىللەتچىلىك ئىدىيەسى غەرب ياكى شەرقتىكى كىشىلەرگە يېڭىچە يات تۇيۇلدى. چۈنكى، كىشىلەر دىنى بىلەنلا بىر-بىرىدىن پەرقلىنەتتى. ھەرقانداق ئىنسان دىنى بىلەن باشقا كىشىلەردىن پەرقلىنەتتى. ئەگەر دىنى ئوخشىمىسا، ئۇنى كەمسىتەتتى.

لېكىن ، فىرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ مىللەتچىلىك ئىدىيەسىدىكىلەر بارلىق شارائىتلاردا دىنغا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار قەدىمكى يۇنان ئىدىيەسى ۋە ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن ھەمدە دىنىي ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن ئاستا-ئاستا يېتىلىۋاتقان مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. بىراق، دىندىن خالى بولغان بۇ ئىدىيە مىللەتنى ۋەتەن ئاساسى ئۈستىگە توپلىدى.

نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەردە ۋەتەنپەرەسلىك بىلەن مىللەتچىلىك بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن ... يەنە نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر ۋە تەشكىلاتلاردا ۋەتەنپەرەسلىككە قارىغاندا مىللەتچىلىك كەڭ دائىرىلىك ئومۇملاشقان. مىسال قىلىپ ئېيتساق: ئەرەب دۆلەتلىرىدە ۋەتەنپەرەسلىك ئۇقۇمى مىللەتچىلىك ئۇقۇمىغا قارىغان تار دائىرىدە تارقالغان. مەسىلەن: ئەرەب دۆلەتلىرىدە مىسىر ۋەتەنپەرەسلىكى، ئىراق ۋەتەنپەرەسلىكى، سۇرىيە ۋەتەنپەرەسلىكى... بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەتەنپەرەسلىك ھەرىكەتلىرىدۇر. لېكىن ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلا مىللەتچىلىك يەنى، ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

لېكىن ، بەزى دۆلەتلەرنىڭ مىللەتچىلىكى ۋەتەنپەرەسلىك ھەرىكىتىدۇر. مەسىلەن: گېرمانىيە ، ياپونىيە، فىرانسىيە... ئۇلار بىر زېمىندا ياشايدۇ، بىر ماكاندا، بىر تىلدا سۆزلىشىدۇ؛ ئۇلارنىڭ تارىخى بىردۇر.. بۇلارنىڭ مىللەتچىلىكى ۋەتەنپەرەسلىكتۇر.

ۋەتەنپەرەسلىك بولسا مىللەتچىلىك ھەرىكىتى بىلەن ماس قەدەمدە بىرلەشكەن ۋە خىلمۇ-خىل ھالەتتە تەرەققىي قىلدى. شۇڭا، فىرانسىيە ئىنقىلابى ۋەتەنپەرەسلىك ئىنقىلابى ياكى مىللەتچىلىك ئىنقىلابى ھېسابلىنىدۇ. فىرانسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن ياۋروپادا باشقا مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىمۇ بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بۇ ئىنقىلابتىن كېيىن دىنى ئۆرۈش باشلىنىپ كەتتى. ياۋروپانى پارچىلىغان تۈنجى ئامىل بولسا، مارتىن لوسىر ۋە كالفىن ھەمدە ئۇلار بىلەن بىرگە بولغان، خىرىستىيان دىنىنىڭ تۈزۈتىلگەن مەزھىپى دەپ ھېسابلىنىدىغان دىن پىروتىستانت مەزھىپى دىنىنى بارلىققا كەلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ قوماندانلىقىدىكى دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىدۇر. پىروتىستانت دېگەن رۇمدىكى كاتولىك دىنىنىڭ داھىيسى پاپاغا قارشى چىققان ياكى ئۇلارغا قارشى پاكىت كەلتۈرگەن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار دىندا بارلىققا كەلگەن يېڭىلىقلارغا قارشى ھۆججەت كەلتۈردى. ئۇلار دىنىنى توغرىلىماقچى بولۇشتى. لېكىن ، ئۇلار ئاساسلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمىدى. ئۇلار ئۈچلۈك ئەقىدىسىنى توغرىلاپ، تەۋھىدنى بارلىققا كەلتۈرەلمىدى ھەمدە ئىيسا ئاللەنىڭ ئوغلى دېگەن ئەقىدىنى تۈزۈتۈپ، ئىيسا ئاللەنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دېيەلمىدى... يەنە باشقا ئىشلارنىمۇ ئۆزگەرتەلمىدى. بەلكى، ئۇلار پاپاغا نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆتتۈرىغا قويدى. ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى بولسا بىر دىندار كىشىنىڭ بەندىلەر بىلەن ئاللەنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاستە بولۇشى؛ چۈنكى، كاتولىكلار دىنىنى بۇ ئاساس ئۈستىگە تۇرغۇزىدۇ. شۇڭا، دىندار كىشى بەندىلەر بىلەن ئاللەنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاستە بولىدۇ. ئاللەغا ئىستىغپار ئېيتىش پەقەتلا دىندار كىشىنىڭ ۋاستىسى بىلەن مۇمكىن بولىدۇ!! سەدىقە قىلىشمۇ پەقەتلا دىندار كىشىنىڭ ۋاستىسى بىلەن مۇمكىن بولىدۇ!!!

نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى يەنى، ئۆلۈم-يېتىم ، تۇغۇلۇش، نىكاھلىنىش... قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى پوپ بىۋاستە ئىلىپ بارىدۇ. ئەگەر بۇ ئىشلارنى پوپتىن باشقا ھەرقانداق ئىنسان ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن قىلسا، ئۇ جەننەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ پوپلار ئىنجىلنى ئوقۇش ۋە ئۇنى

چۇشەندۇرۇشنىمۇ مونوپول قىلىۋالغان بولۇپ، پوپلار ئىنجىلنى ھازىرقى زامان تىلى ياكى يەرلىك تىللار بىلەن ئەمەس بەلكى، قەدىمكى تىلدا ئوقۇيدۇ.

ياۋروپادا مارتىن لوسىر ھەرىكىتى بارلىققا كەلگەندە، بۇ ھەرىكەت پۈتكۈل ياۋروپاغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ھەرىكەت ئەھلى سەلىب ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسىدە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغىمۇ قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى. چۈنكى، ئۇلار مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشىنىڭ قۇرئاننى خالىغانچە ئوقۇيدىغانلىقىنى ھەمدە اللەغا خالىغانچە ئىبادەت قىلالايدىغانلىقىنى، ئىبادەتتە بەندە بىلەن اللە ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ۋاستىنىڭ يوقلۇقىنى، شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭ اللەغا ھېچقانداق ۋاستىسىز ئىبادەت قىلالايدىغانلىقىنى بىلەتتى...

لوسىردىن بۇرۇن كىشىلەر غەربلىكلەر پەيدا قىلغان بۇ قەدىمكى ئەنئەنىلەرنى چۆرۈپ تاشلاش ھەققىدە ھەرىكەت قىلغان ئىدى. شۇڭا، بۇ ھەرىكەت «سۈرەت ۋە ھەيكەللەرنى پاچاقلاپ تاشلاش ھەرىكىتى » دەپ ئاتالدى. ئۇلار ياۋروپانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان سۈرەتلەر ۋە ھەيكەللەرنى پاچاقلاپ تاشلاشقا باشلىدى. ئۇلار دېدىكى، بۇ دېگەن بۇتپەرەسلىكتۇر... چۈنكى، تەۋراتتا "بۇتقا ئىبادەت قىلماڭلار، سۈرەت سىزماڭلار، ھەيكەلگە چوقۇنماڭلار" دەپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار دېدىكى، دىندا بۇنداق (سۈرەت ۋە ھەيكەللەر) مەۋجۇت ئەمەس..

شۇنداق قىلىپ، بۇ ھەرىكەت "گېرمانىيەدە مارتىن لوسىر ھەرىكىتىدە " يۇكسەك چوققىغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىنجىل گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. ھەربىر كىشى ئىنجىلنى ئوقۇيالايدىغان ھەمدە ھېچقانداق پوپلارغا تاياناماستىن، خالىغانچە اللەغا ئىبادەت قىلالايدىغان، ياۋروپادىكى كاتولىكلارنى كاپىر دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان ... بولدى.

ئەكسىچە ، پاپا پىروتىستانتىيە مەزھىپىدىكى خىرىستىيانلارنى: "پىروتىستانتىيە مەزھىپىدىكىلەر كاپىرلاردۇر؛ ئۇلاردىن ھەربىرىگە ئۆيلىنىش ھارامدۇر. پىروتىستانتىيە مەزھىپىدىكى كىشىنىڭ كاتولىك دىنىدىكىلەرگە

ئۆيلىنىشى دۇرۇس ئەمەس؛ كاتولىكنىڭ پروتېستانتىيە مەزھىپىدىكىلەرگە ئۆيلىنىشى دۇرۇس ئەمەس... دەپ ھۆكۈم چىقاردى. " شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئاداۋەت پەيدا بولدى. لوسىر بولسا پاپادىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە ئىنچىكە ۋە پۇختا پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويمىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، نۇرغۇنلىغان گۇرۇھلار بۇ شوئارلار بىلەن پاپاغا قارشى چىقتى...

ئەمما، گېرمانىيە مىللەتچىلىكىگە كەلسەك، گېرمانىيە مىللەتچىلىكى ئەقىدە جەھەتتە پروتېستانتىيە مەزھىپىنى ئاساس قىلدى. گېرمانىيە خەلقى مىللەتچى خەلق ئىدى. ئەمما، فرانسىيەلىكلەر بولسا كاتولىك دىنىدا قىلىپ قالدى. فرانسىيەلىكلەر ھازىرمۇ كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. فرانسىيەلىكلەرنىڭ دىنى كاتولىك دىنى بولۇپ، ئۇلار پاپاغا ئەگىشىدۇ. لېكىن، فرانسىيە ئىنقىلابى پارتلىغاندا، ئۇلار دىنسىز تەرەپدارى بولۇپ، پاپاغا قارشى چىققان ئىدى. بىراق، فرانسىيەلىكلەرنىڭ ئىنقىلابى دىنى ئىنقىلاب ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دىن ئۆزلىرى بەلگىلەپ بەرگەن دائىرىدە توختايدىغان بولۇپ، دىن ھايات ئىشلىرىغا ئارىلىشالمايتتى. دىنىنىڭ ئورنى چېركاۋ ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بولۇپ، ئۇلار بۇ دائىرىدە دىنغا ئەركىنلىك بېرەتتى.

فرانسىيەلىكلەر كاتولىك دىنىدا قىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ياۋروپا، گېرمانىيە ۋە فرانسىيە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا قاتتىق رىقابەت ۋە كۈرەش باشلىنىپ كەتتى. مىللەتچىلەر دىنى تونغىمۇ ھەم ئورىنىۋالدى...

ئەمما، ئەنگلىيەلىكلەر بولسا، پروتېستانتىيە ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار ئەنگلىيە مىللەتچىلىكىگە چاقىرىق قىلدى. ئۇلار شەھەرلىرىنىڭ سىرتىغا تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە ئوخشاش بىر دىندا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت مىللەتچىلىك ئاداۋىتى ئىدى. ئەمما، فرانسىيەلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت ئوخشىمايتتى. شۇنىڭ

ئۇچۇن بۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ بىرلەشكەنلىكى تارىختا بەك ئاز ئۇچرايدۇ. ئەگەر بۇ ئۈچ دۆلەتتىن ئىككىسى بىرلىشىپ قالسا، كۆپىنچە ئۇچۇنجى بىر دۆلەتكە قارشى تۇرۇش ئۇچۇن بىرلىشىدۇ.

مانا بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەربىرىدە مىللەتچىلىك ئىدىيەلىرى پەيدا بولۇشقا ۋە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. ھەربىر دۆلەتنىڭ شائىرلىرى، شوئارلىرى، مەخپىي بەلگىلىرى، تارىخى، شان-شەرەپلىرى بار. بۇلاردىن ھەر بىرى يەنە بىرسىدىن يىراقلىشىدۇ. بىراق، فىرانسىيە ئىنقىلابى ۋە مارتىن لۇسىر ھەرىكىتىدىن ئىلگىرى بۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ ھەممىسى بىر مىللەت ئىدى. بىر دىن ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرغان ئىدى. بىراق، بۇ ئىنقىلابتىن كېيىن ئۇلار ئارىسىدا قاتتىق ئىختىلاپ كۆرۈلۈپ، بۆلۈنۈپ كەتتى.

# ئىسلام شەھەرلىرىدە مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى

مانا بۇ ۋاقىتتا، ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى ياكى ياۋروپانى شەكىللەندۈرگەن ئوتتۇرا ئاق دېڭىز رايونىدىكى مۇسۇلمانلار تاكى مىسىردا مىللەتچىلىك ھەرىكىتى بارلىققا كەلگەنگە قەدەر، مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرەسلىك ئىدىيەسى ھەققىدە ھېچنەرسىنى بىلمەيتتى.

فرانسىيەگە ئەۋەتىلگەن ھەمدە فرانسىيەنىڭ ۋەتەنپەرەسلىك ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىلەر سەۋەبى بىلەن، مىسىردا - مىسىر ۋەتەنپەرەسلىك ھەرىكىتى، مىسىردىن ئېپتىخارلىنىش، مىسىرنى ئۇلۇغلاش، پىرئەۋن مەدەنىيىتى ۋە ئۇندىن بۇرۇنقى مەدەنىيەتلەرنى ئۇلۇغلاش دولقۇنى مەيدانغا كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن، مىسىردا كۈچلۈك ۋەتەنپەرەسلىك چاقىرىقى بارلىققا كەلدى. ھەتتاكى پىرىنسىپلىرى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان پۈتكۈل پارتىيە-تەشكىلاتلار ۋەتەنپەرەسلىكتىن پەخىرلىنىدىغان ياكى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. سەئىد زەغلۇل ۋەتەنپەرەس ئىدى. مۇستاپا كاملىنىڭ سەئىد زەغلۇلغا ئاداۋىتى بولۇشىغا قارىماستىن ئېخىمۇ ۋەتەنپەرەس ئىدى. ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مەن مىسىرلىق بولمىغان بولسام، ئەلۋەتتە، مىسىرلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلغان بولاتتىم.» شۇنىڭدەك، ئەھمەد شەۋقىي، ھافىز ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭدىن باشقا شائىرلارمۇ ۋەتەنپەرەس شائىرلاردىن ئىدى. بۇ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىغا قاراپ باقىدىغان بولسا، ئەرەبلەردىن ياكى ئىسلام دۇنياسىدىن پەخىرلىنىپ يازغان شېئىرلىرىنى ئۇچرىتالىشىڭ تولىمۇ تەس بولۇپ، بەزى

ۋاقىتلاردا ئاندا-سان ئۇچراپ قالمىسا، يوق دېيەرلىكتۇر. ئۇلار ئەسلى ۋەتەنپەرەسلىكتىن پەخىرلىنىدىغان بولۇپ، ئۇ مىللەتچىلىك بىلەن ئارىلىشىپ، يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشلىرى بۇ باسقۇچتا تېخى ئاشكارا بولمىغان ئىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتى ۋە تۈركىيە مىللەتچىلىك ھەرىكىتى بارلىققا كەلدى. تۇنجى قېتىم ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە دەۋەت قىلغان ۋە ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىققان كىشىلەر ئەرەب ناسارالىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شام شەھەرلىرىدە ئىدى. ئەمما، مىسىردىكى ئەسلى مىسىرلىق بولغان يەرلىك قىبتىلەر بولسا، ئەرەب مىللەتچىلىك ھەققىدە، بولۇپمۇ مىسىر ۋەتەنپەرەسلىكى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپمۇ باقمىغان ئىدى. بەلكى، ئۇلارنىڭ غېمى غەربكە بېقىندى بولۇش ئىدى.

بۇنىڭ بىلەن، ئوسمانىيە دۆلىتى شام ناسارالىرىغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنى جازالىدى. شۇنىڭ بىلەن شام ناسارالىرىدىن شەكىللەنگەن غايەت زور بىر گۇرۇھ مىسىرغا ھىجرەت قىلدى. ئۇلار مىسىردا «ئەھرام ژۇرنىلى»، «تاللانمىلار ژۇرنىلى »... قاتارلىق ژۇرناللار چىقىرىش ئارقىلىق مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى مىسىردا تارقىتىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، مىللەتچىلىك ئىدىيەسى مىسىردا مەلۇم دەرىجىدە تارقالدى. بولۇپمۇ، مىللەتچىلىك ئىدىيەسى لىۋاندا كەڭ تارقالدى؛ چۈنكى، لىۋاننىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ناسارالار ياشايتتى. مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ياكى ناسارالارنىڭ مىللەتچىلىك دەۋەتلىرى لىۋانغا مەركەزلەشتى. لۇيىس: «غەرب ۋە ئوتتۇرا شەرق» ناملىق كىتابىدا يازغىنىدەك، غەرب دۇنياسى بۇ مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە ياردەم بەردى.

غەرب دۇنياسى ئىسلامغا زەربە بېرىش ھەمدە ئىسلامنى يىقىتىشتىكى ئۆتكۈر قورال سۈپىتىدە ئەرەب مىللەتچىلىكىنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، ئەرەبلەر ۋە تۈركلەر ئارىسىدىكى ئىسلام سېپىدە بىرلىشىش مۇناسىۋەتلىرى پارچىلىنىپ، ئەرەبلەر تۈركلەردىن، ھىندىلاردىن ۋە ئۇندىن باشقىلاردىن ئايرىلىپ چىقىشقا باشلىدى. پەقەت ئەرەب مىللەتچىلىكى ئەرەبلەرنى

پارچىلايدىغان ۋە ئىسلامغا قارشى بىرلەشتۈرىدىغان ۋاستە بولۇپ قالغان ئىدى.

غەرب دۇنياسى مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ئارقىلىق ھەرقانداق ۋاستىلارنى قوللىنىپ، ئوسمانىيە دۆلىتىنى پارچىلاشنى پىلانلىغان ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئەرەب دۆلەتلىرىدە مىللەتچىلىك ئىدىيەسى بارلىققا كەلتۈرۈپ، نۇرغۇنلىغان تەشكىلاتلار ۋە جەمئىيەتلەرنى قۇرۇپ چىقتى: مەسىلەن: ئەرەب ياشلار جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ تارماق جەمئىيەتلىرى، قەھتانىيە جەمئىيىتى، ئەھدى جەمئىيىتى، ئەرەب جەمئىيىتى... قاتارلىق جەمئىيەتلەرنى قۇرۇپ چىقتى. ئەرەب ناسارالىرى ئەرەب مىللىتىنىڭ شان-شەرىپىنى شېئىرلار، تاراتقۇلار، تۈزگەن كىتابلار ... ئارقىلىق مەدھىيەلەشكە باشلىدى.

شۇنىڭدەك، تۈركىيەدە: « تۈركىيە تۇرانىيە مىللەتچىلىكى» گە دەۋەت قىلىش باشلاندى. « تۈركىيە تۇرانىيە مىللەتچىلىكى» گە دەۋەت قىلغانلار يەھۇدىيلار ئىدى. بۇ شۈبھىسىز ، ئىسپاتلانغان ھەقىقەتتۇر.

ئامېرىكا تارىخچىسى ۋاتسون مۇنداق دەيدۇ: « بىرلىك ۋە تەرەققىيات ھەرىكىتى يەنى، تۇرانىيە مىللەتچىلىكىگە دەۋەت قىلغانلار ئىچىدە بىرمۇ تۈرك نەسلىدىن بولغان كىشى يوق ئىدى. بەلكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدىيلار ۋە ئۇلاردىن باشقىلار ئىدى. تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ ئېيتساق، «تۈركىيە تۇرانىيە مىللەتچىلىكى» گە دەۋەت قىلغان كىشىلەر ئىچىدە، بىرمۇ تۈرك نەسلىدىن بولغان كىشى يوق ئىدى. «ئەرەب مىللەتچىلىكى» گە دەۋەت قىلغان كىشىلەر ئىچىدە، بىرمۇ مۇسۇلمان بولغان كىشى يوق ئىدى. بەلكى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى، ناسارالار ۋە ئەجەملەرنىڭ نەسلىدىن بولغانلار ئىدى.»

# مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ خەتەرلىرى

بۇلاردىن ئىنسان پۈتكۈل مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ پەقەتلا مۇسۇلمانلار ئارىسىنى بۆلۈش ۋە پارچىلاشنى نىشان قىلغانلىقىنى بىلىۋالايدۇ. بۇلاردىن مۇسۇلمانلار مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ۋە مىللەتچىلىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان پارچىلىنىشلاردىن ياۋروپا يولۇققان ۋە ئاچچىق تەمىنى تېتىغان ياۋروپادىكى مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ خەتەرلىنى بىلەلەيدۇ. مانا بۇ ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن بۇ مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ئىسلام دۇنياسىغا كىرگۈزۈلدى. دەسلەپكى باشلىنىشىدا، بۇ مىللەتچىلىك ئىدىيەسى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرىدا خەلقئارالىق بىرلىك-ئىتتىپاق شەكىللەندۇرگەن بولسا، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپادا بۇ مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ئاخىرلاشتى ۋە جىمىپلا كەتتى.

مانا ھازىر ياۋروپالىقلار بىرلىككە كەلگەن، مىللەتچىلىك ئىدىيىسىلا ئەمەس، بەلكى، ۋەتەنپەرەسلىك ئىدىيەسىدىن پۈتۈنلەي خالى بولغان، بىرلا ئۈممەت بولۇش ئۈچۈن ۋەتەنپەرەسلىك ئىدىيەسى پۈتۈنلەي يوشۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ . چۈنكى، ياۋرۇپالىقلار مىللەتچىلىكنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى ۋە دەردلىك ئازاپلىرىنى ھەقىقىي تېتىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياۋروپالىقلار ئىسلام دۇنياسىنى پارچىلاش ئۈچۈن بۇ مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى ئىسلام دۇنياسىغا كىرگۈزمەكچى بولۇۋاتىدۇ .

شۇنىڭ بىلەن، «تۈركىيە تۇرانىيە مىللەتچىلىكى» مەيدانغا كېلىپ ، تۈرۈك تىلىنى پۈتكۈل ئەرەبلەرگە مەجبۇرى تاڭماقچى بولدى. نەتىجىدە بۇنىڭغا قارشى ئەرەب مىللەتچىلىكى (بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ناسارالاردىن ئىبارەت) مەيدانغا كەلدى؛ بۇنىڭغا ئەگىشىپ، شىئەلەر، دەرۇزىلەر ۋە ئۇلارغا ئوخشاش

گۇرۇھلار مەيدانغا كېلىپ ، ئەرەبزىم، ئەرەب تىلى، ئەرەب مىللىتىگە دەۋەت قىلىشقا باشلىدى.

1-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلىپىدە، غەرب دۆلەتلىرى ئوسمانىيە خىلاپىتىنىڭ زېمىنلىرىنى بۆلۈشۈش ئۈچۈن «سايكىس بىيكو» كېلىشىمى ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتى مەيدانغا كېلىپ ، ئوسمانىيە دۆلىتىگە قارشى ئەنگلىيەلىكلەر بىلەن بىر سەپ بولۇپ ئۇرۇش قىلدى. ئەھلى سەلىب قوشۇنى بەيتۇل مۇقەددەسكە كىرمەكچى بولغاندا، ئەرەب مىللەتچىلىرى ئۇلارغا قوشۇلۇپ ھەمدەمدە بولدى. ئەرەب مىللەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان دىنى قېرىنداشلىرى «تۈرك»لەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەنگلىيەنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئەنگلىيە بەيتۇل مۇقەددەسكە كىردى... 2-دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى. ئوسمانىيە خىلاپىتى پۈتۈنلەي يوقىتىلىپ، ئىسلام دۇنياسى پارچىلىنىپ، «سايكىس بىيكو» كېلىشىمى ئىجرا قىلىندى.

ۋەتەنپەرەسلىك ۋە مىللەتچىلىك ئىدىيەلىرى مەيدانغا كەلدى. بۇلاردىن مىسىردىكىسى كۆپىنچە ۋەتەنپەرەسلىك ئىدىيەسى ئىدى. ئەمما، شامدىكىسى بولسا مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ئىدى. مىللەتچىلىك ھەرىكىتى ۋە ئەرەب ياشلار جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ، ئەرەبلەرنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان «مىللەتچىلەر ئىتتىپاقى» تەسىس قىلىشقا ھەرىكەت قىلدى. «مىللەتچىلەر ئىتتىپاقى» تەسىس قىلىشنى غەرب دۇنياسى مۇبارەكلىدى ھەمدە رىغبەتلەندۈردى. بەلكى، «مىللەتچىلەر ئىتتىپاقى» تەسىس قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشى بولسا ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونيا ئىيد بولۇپ، ئۇ يەنە ئەرەب دۆلەتلىرى ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇش تەكلىپىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن «بروتوكول ئىسكەندەرىيە ئونىۋېرستىتى»،«ئەرەب دۆلەتلىرى ئونىۋېرستىتى» نى قۇرۇلدى.

بۇ ئۇنىۋېرسىتېتلارنى قۇرغان ھەمدە ئۇنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ھەمدە بۇ ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ نىزامنامىسىنى تۈزگەن كىشىلەر بولسا، ئاشۇ زامانلاردىكى ئەرەب ياشلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزالىرى ئىدى. بۇ ھەقتە يېزىلغان كىتابلارنىڭ ئەڭ ئىنىقراق يېزىلغىنى مۇھەممەد ئەززە دەرۋۋزىنىڭ كىتابى ئىدى. چۈنكى، مۇھەممەد ئەززىمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئىدى. يەنە شۇنىڭدەك، «كىتاب ئەلئەئلام» دېگەن كىتابنىڭ ساھىبى خەيرۇددىين زەركەلىمۇ مانا بۇ مىللەتچىلەرنىڭ قاتارىدا بار ئىدى. بۇ كىشى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدە مانا بۇلار سۆزلىنىدۇ.

شام شەھرىنىڭ رەئىسى شۇكرى قۇتلى ئەرەب ياشلار جەمئىيىتىدىن ئىدى. ئۇ ئەرەب دۆلەتلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نىزامنامىسىنى تۈزگەن ئىدى. مانا بۇ ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ۋە ئەرەب گۈللىنىش ئىنقىلابى مەيدانغا كەلدى. مىشىل ئەفلەقنىڭ قوماندانلىقىدا ھازىرقى ئىراق ۋە شامغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان كۈچلۈك ئەقدىيە ئىدىيەسى بارلىققا كەلدى.[145] بۇ ئىدىيەنىڭ لىۋىيەدە، سۇداندا خېلى كۈچلۈك مەۋجۇتلۇقى بار. بۇ ئىدىيەدىكىلەر ھازىر مۇرۇيتانىيەدىكى[146] ئەڭ كۈچلۈك پارتىيە ھېسابلىنىدۇ.

2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپادا مىللەتچىلىك تامامەن ئۇنتۇلۇپ كەتتى. بىرلىشىش ئەقىدە ۋە ئەسكىرى ئاساستا بولدى. ماھىيەتتە ياۋروپا ئىككى لاگېرغا تەۋە:

ئۇنىڭ بىر ناتو يەنى، شىمالى ئاتلانتىك ئوكيان ئىتتىپاقى؛ يەنە بىرى بولسا ئەرسو، يەنى، سوۋېت ئىتتىپاقى؛

---

[145] بۇخىل ئىدىيە زېمىننى ئاسماندىن، دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەت ھاياتىدىن ئايرىۋېتىدىغان بىر خىل ئىقىم.

[146] غەربى ئافرىقىدى بىر دۆلەت

ناتو يەنى، شىمالى ئاتلانتىك ئوكيان ئىتتىپاقى: ئامېرىكا قوشما شىتاتى، ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان ياۋروپانىڭ غەربىدىكى بارلىق دۆلەتلەرنى (يەنى، مىللەتلىرى، دىنى مەزھەبلىرى، مىللەتچىلىكلىرى تامامەن ئوخشىمايدىغان ياۋرۇپانىڭ غەربىدىكى بارلىق دۆلەتلەرنى) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمما، ئەرسو، يەنى، سوۋېت ئىتتىپاقى: كوممۇنىست، شەرقىي ياۋروپانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار 1945-يىلى ئاخىرلاشقان 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىتتىپاق ئورناتقان بولۇپ، بۇلارنىڭ مىللىتى ۋە ئىرقى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەرەب دۆلەتلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نىزامنامىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مانا بۇ پارتىيە بارلىققا كەلدى ھەمدە ئەرەب گۈللىنىش پارتىيەسى تەسىس قىلىندى. شەرقىي سوتسىيالىزم لاگېرى مەيدانغا كەلگەندە، ۋەتەنپەرەسلىك ۋە مىللەتچىلىك ئىدىيەسى سوتسىيالىزم ئىدىيەسىدە بىرلەشتى. چۈنكى، بۇ ئىدىيەلەرنىڭ ھەممىسى غەربتىن قوبۇل قىلىنغان ئىدى. مىسىر ئىنقىلابى پارتىلىدى. بۇ ئىنقىلابنى جامال ئابدۇناسىر ۋەتەنپەرەسلىك ئىدىيەسىدىن مىللەتچىلىك ئىدىيەسىگە ئۆزگەرتتى. ئابدۇناسىردىن بۇرۇن مىسىردا ئومۇميۈزلۈك ئەرەبلەر ياكى ئەرەبىزىمگە دەۋەت قىلىش مەۋجۇت ئىدى. تەلىم-تەربىيە پىروگراممىسى، گېزىت -ژۇرناللار، ئاخبارات ۋاستىلىرى، شېئىرلاردا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇ ئىدىيە ۋەتەنپەرەس فىرئەۋنىزىم شوئارلىرى ئىدى... ئابدۇناسىر كەلگەندىن كېيىن ئەرەب ئاۋازى رادىيوسى، ئەرەب گېزىتى، ئەرەب ئىدىيەسى، ئەرەب ئۇممىتى... قاتارلىقلارنى بارلىققا كەلتۈردى ھەمدە بۇلارنى قىتئەلەر ئارا يەتكۈزۈپ، ئەرەب مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

بۇنىڭ قارشىسىدا، گۈللىنىش پارتىيەسىدىكىلەر: «ئەرەب ئۇممىتى بىر ئۇممەت؛ مەڭگۈلۈك ۋەزىپىسى بىر...» دېگەن شوئارلارنى كۆتۈرۈپ چىقتى. مانا بۇ ئەرەب گۈللىنىش پارتىيەسىنىڭ شوئارى ئىدى. ئۇلار بۇ پىرىنسىپلارنى تارقىتىشقا باشلىدى. ىىراق، مۇستاپا كامال بىلەن ئەرەب گۈللىنىش پارتىيەسى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق كۈرەش باشلاندى. جامال ئابدۇ ناسىر ئەرەب

مىللەتچىلىكى بىلەن بىرگە يەنە سوتسىيالىزمغا دەۋەت قىلدى . ئەرەب مىللەتچىلىك پارتىيەسى بولسا ئەرەب مىللىتىنىڭ بىرلىكى بىلەن بىرگە يەنە سوتسىيالىزمغا دەۋەت قىلدى. چۈنكى، بولارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىزم لاگېرىنىڭ مالايلىرىدۇر. بىراق، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ بولسا، كىم بىلەن دوست بولۇش ھەققىدىكى ئىختىلاپتۇر؛ يەنى، مۇستاپا كامال غەرب بىلەن، گۇللىنىش پارتىيەسى شەرق بىلەن دوست بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن ، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىق بولسا ھەر ئىككى تەرەپ ئىسلامنى خالىمايدۇ. -مەيلى شەرقتىكى ياكى غەربتىكى- غەرب دۇنياسى زېمىنىنىڭ ھەرقانداق يېرىدە ئىسلام نامى بىلەن توپلىشىشنى ياقتۇرمايدۇ. لويىس ۋە ئۇنىدىن باشقىلار ئېيتقاندەك: «غەرب دۇنياسى ھېچقاچان، ئىسلام نامىدىكى ئۇيۇشما ياكى ئىسلام ئونۋېرستېتى بولۇشنى ئارزۇ قىلمايدۇ. بەلكى، ئۇلار ئارىسىدا قوزغىغان مىللەتچىلىك پىرىنسىپى بولسا، بۇ خەلقلەرنى ئىسلامدىن خالى بولغان بىر سەپكە توپلاشتىن ئىبارەت.[147]»

[147] بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى، (گەرچە ئۇنىڭدا ئۇنداق ياكى بۇنداق سەۋەبلىكلەر بولىسمۇ) 650يىل ئىسلام خىلاپىتىنى تۇتۇپ تۇرغان ھەمدە مۇسۇلمانلارغا ئىگە چىققان ئوسمانىيە دۆلىتىنى يىقىتقانلارمۇ دەل دۆنمە يەھۇدىيلىرى (يەنى، كۆرۈنۈشتە ئىسلامغا كىرگەن، بىراق، يەھۇدىيلارنىڭ ئىسلامنى يوقۇتۇش رەزىل پىلانىنى ئىجراقىلىدىغان ماسونىيلارنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ياشايدىغان يەھۇدىيلار) بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمانلارنى پارچىلاپ يوقۇتۇش ئۈچۈن دەل مانا بۇ مىللەتچىلىك ھەركىتىنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قوزغىغان... شۇڭا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مىللەت داۋاسى ياكى ۋەتەنپەرەسلىك داۋاسى كۆتۈرۈپ چىققانلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، بۇگۈنكى زۇلۇم ياكى ۋەتەن، مىللەت ئازاتلىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىش ئارقىلىق كىشلەرنى تەسىرلەندۇرۇپ، كىشلەرنى ئەتراپىغا توپلاپ، ئۇلار ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرشنى ياكى... قاتارلىق مەقسەتلەرنى كۆڭلىگە پۈككەن بولىدۇ. شۇڭا، مۇسۇلمانلار قاتتىق دىققەت قىلىشى كىرەككى، مەقسىتىمىز اللەنىڭ سۆزىنى ئالى قىلىش بولۇشى، ھەرقانچە مۇشەققەت تارتساقمۇ شەرىئەتكە مۇخالىپ يوللار ئارقىلىق ئىززەت ئىزدىمەسلىكىمىز كىرەك... الله مۇسۇلمانلارغا غەلبە نۇسرەت ئاتا قىلسۇن... ساباتلىق قىلسۇن! ئامىن...! يىتەكچىمىز ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى نىمىدىگەن گۈزەل ـ ھەم جايىدا ئېيتىلغان ـھە! (نحن قوم أعزنا الله بهذا الدين ومهما ابتغينا العزة ـ عن غير طريقه ـ أذلنا الله). «بىز مۇسۇلمانلار، الله بۇ دىن ئارقىلىق ئىززەتلىك قىلغان قەۋممىز. قاچانكى، بىز بۇندىن باشقا يول ئارقىلىق ئىززەت تاپماقچى بولساق، الله بىزنى خار ـزەبۇرلۇققا مەھكۇم قىلىدۇ.

# ئەرەب شەھەرلىرىدە مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ پەيدا بولۇشى

مىللەتچىلىك ھەرىكىتى ۋە گۈللىنىش ھەرىكىتى شوئارى ئاستىدا، ئەرەب يېرىم ئارىلى دۆلەتلىرىگە ئوخشاش باشقا دۆلەتلەردىمۇ بۇندىن بۇرۇل كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋەتەنپەرەسلىك ھەرىكەتلىرى جانلىنىشقا باشلىدى. مەسىلەن: ئۇممان، يەمەن.. بۇ دۆلەتلەردە كىشىلەر قەدىمكى مەدەنىيەتلەردىن ۋە قەدىمكى ۋەتەنپەرەسلىكتىن پەخىرلىنىدىغان بۇنداق ئىدىيەنى مۇتلەق كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. كىشىلەر مىللەتچىلىك تۇگۇل ئۇنداق قەدىمكى مەدەنىيەتلەردىن ۋە قەدىمكى ۋەتەنپەرەسلىكتىن پەخىرلىنىدىغان بۇنداق ئىدىيەنى قەتئىي بىلمەيتتى. بىز بۇ مىللەتچىلەرنىڭ بۇ قەدىمكى مەدەنىيەتلەر ۋە ئاسارە-ئەتىقىلەرنى تىرىلدۈرۈشكە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئەرەب مىللەتچىلىكىگە، ئەرەب تىلى مەزھەپچىلىكىگە دەۋەت قىلىشۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. ئۇلار ئۆزلىرى ئاتىۋالغان خەلق قەدىمكى مىراسلىرى، شوئارلار، شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەرنى تىرىلدۈرمەكچى بولۇشىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈن بىر ئۇممەتنى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرگە پارچىلايدىغان ئامىللاردۇر. مىللەتچىلىك ھەرىكىتى بولسا بىر پۈتۈن ئۇممەتنىڭ بىر ۋەتىنىنى نۇرغۇنلىغان ۋەتەنلەرگە پارچىلايدۇ. ۋەتەنپەرەسلىك ھەرىكىتى بولسا، ئۇممەتنى نۇرغۇنلىغان كىچىك-كىچىك قەبىلىلەرگە، پارتىيە-گۇرۇھلارغا، خىلمۇ-خىل مەدەنىيەتلەرگە پارچىلايدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر گەۋدىگە ئايلانغان ئىسلام ئۇممىتىنى پارچىلايدۇ، بۆلىدۇ؛ ئۇلار ئارىسىدىكى ئەقىدە دوستلۇقىنى بۇزىدۇ... شۇنىڭ بىلەن، ئىنسان مىللەتچىلىك ياكى ۋەتەنپەرەسلىكتىن پەيدا بولغان ئەقىدىدىن باشقىسىغا ئىگە بولالمايدۇ.

ھەقىقەتەن، شەيخ ئابدۇراھمان دەۋسەرىينىڭ كۆپىنچە سۆزلىرى ماسونىي تەشكىلاتىغا ئاقىدۇ. بۇ جىنايەتچى مىللەتچىلەر... بولۇپمۇ، مىللەتچىلىك راۋاجلىنىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئەگەر بىر كىشى بۇ ئەرەب مۇسۇلمان ئەمەس دېسە، ئۇ كىشىنىڭ سۆزى ھەرقانداق ئورۇندا ئىنكار قىلىناتتى. مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتتى. مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ شائىرلىرى مۇنداق دېدى:

| | |
|---|---|
| سلامٌ على كفرٍ يوحد بيننا | و أهلاً وسهلاً بعده بجهنّمِ |
| هبوني ديناً يجعل العرب أمةً | وطوفوا بجثماني على دين برهمِ |
| بلادك قدمها على كل ملةٍ | ومن أجلها أفطر ومن أجلها صُمِ |

والثاني يقول:

| | |
|---|---|
| داع من العهد الجديد دعاكِ | فاستأنفي في الخافقين علاكِ |
| يا أمة العرب التي هي أمنا | أي افتخارٍ نميته ونماكِ |

مانا.. جاھىلىيەت شائىرلىرى كىشىلەرنى ئىسلامنى تەرك قىلىشقا، گەرچە كاپىر بولسىمۇ ئەرەب مىللىتىنى دوست تۇتۇشقا، ئەرەب ئۇممىتىدىن پەخىرلىنىشكە... بۇ ھەقتە شېئىرلارنى يامغۇردەك ياغدۇرۇۋەتتى.

مىخائىل نەئىيمە، جىبران خەلىل جىبران، ئىلىيا ئەبۇ مازى، ئىلىيا ھاۋىي، ئىلياس ئەبۇ شەبكە... كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىنى مەدھىيەلەيدىغان شائىرلار ئىدى. ئەھمەد شەۋقىي مۇنداق دەيدۇ:

**بل قال أحمد شوقي:**

| | |
|---|---|
| **بلاد العرب أوطاني** | **من الشام لبغداد** |
| **فلا دين يفرقنا** | **ولا حد يباعدنا** |

ئەرەب شەھەرلىرى شامدىن باشلاپ باغدادقىچە مىنىڭ ۋەتىنىم. بىزنى ھېچقانداق دىن ئايرىۋېتەلمەيدۇ. ھېچقانداق چېگرا بىزنى يىراقلاشتۇرىۋېتەلمەيدۇ...

ۋەتەن ئەۋلادلىرىنىڭ جاھانگىرلىك ۋە قالاقلىققا قارشى ھەرىكەت قىلغانلىقىدىن پەخىرلىنىش ئەۋجىگە چىقتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى قالاقلىق بولسا دىن ئىدى. ئۇلار دىنغا قارشى ۋە ئىسلامغا دەۋەت قىلىدىغان دەۋەتچىلەرگە قارشى دەھشەتلىك ئۇرۇش باشلاش ئۈچۈن مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرەسلىك ئىدىيەسىدىن پايدىلاندى. شۇنىڭ بىلەن، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەھۋالى پۈتۈنلەي ئۆزگەردى.

پۈتكۈل كىشىلەرنىڭ نەزىرى ئەرەب مىللىتى ۋە ئەرەب ۋەتىنى ھەققىدە بولدى. ئەگەر جۇغراپىيە دەرسى ئوقۇسا، ئەرەب ۋەتىنىنىڭ جۇغراپىيەسى ئۆتۈلدى. ئەگەر بايلىق ھەققىدە دەرس ئۆتۈلسە، ئەرەب ۋەتىنىنىڭ بايلىقلىرى ھەققىدە دەرس ئۆتۈلدى. ئەگەر ئاھالىلەر ھەققىدە دەرس ئۆتۈلسە، ئەرەب ۋەتىنىنىڭ ئاھالىلىرى ھەققىدە دەرس ئۆتۈلدى. ئەگەر بىرسى خەتەرلەر ھەققىدە سۆزلىسە، ئەرەب ۋەتىنىنىڭ خەتەرلىرى ھەققىدە سۆزلەيدىغان بولدى... ماھىيەتتە، بۇ لىۋان ۋە مىسىردىكى دىنىدىن خالى بولغان خىرىستىيانلارغا خۇشامەت قىلىشتۇر خالاس. ھازىرغىچە داۋام قىلىۋاتقان ئىبارە بولسا ئىككى ئۈممەت، يەنى، ئەرەب ئۈممىتى ۋە ئىسلام ئۈممىتى دەپ ئايرىشتۇر. بۇ ھەقتە الله مۇنداق دەيدۇ:

**((إِنَّ هَذِهِ أُمَّتُكُمْ أُمَّةً وَاحِدَةً)) [الأنبياء:92]**

« (ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار »

كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشى نەتىجىسىدە، سەن ھەرقانداق ئىنسانغا: «بۇ مۇسۇلمان ياكى بۇ خىرىستىيان» دېيىشىڭ مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. سىنىڭ بۇ ھەقتە بىرىسىدىن « بۇ مۇسۇلمانمۇ ياكى بۇ خىرىستىيانمۇ » دەپ سوئال سورىشىڭمۇ مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. ھەرقانداق كىشى بۇ ھەقتە «بۇ مۇسۇلمان ياكى بۇ خىرىستىيان » سۆزلەپ قالسا، ئۇ كەمسىتىلىپ، ھەقىر ھېسابلىنىدۇ!!! ھەرقانداق كىشى بۇ ھەقتە «بۇ مۇسۇلمان ياكى بۇ خىرىستىيان » دەپ گېزىت -ژۇرناللاردا ماقالە يېزىشقا ياكى رادىيودا ئەرەب مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ھەققىدە ياكى ئەرەب قېرىنداشلىقى ھەققىدە ياكى ئەرەب ئىتتىپاقى ھەققىدە ياكى ئورتاق تىل ھەققىدە ياكى ئورتاق تارىخ ھەققىدە ياكى .... ھەققىدە سۆزلەشكە قادىر بولالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. بۇلار مۇنۇ ئايەتلەرگە خىلاپتۇر:

**((إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ)) [الحجرات:13]**

«ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر»

**ولما قاله صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: {لا فضل لعربي على أعجمي ولا لأعجمي على عربي إلا بالتقوى}.** (رواه احمد)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «پەقەت تەقۋادارلىقتىن باشقا ئەرەبلەرنىڭ ئەجەملەردىن (ئەرەبلەردىن باشقا بارلىق مىللەتلەردىن)، ئەجەملەرنىڭ ئەرەبلەردىن ئارتۇقچىلىقى بولمايدۇ. (يەنى، ئەرەبلەر بىلەن ئەجەملەر اللەنىڭ نەزىرىدە ئوخشاش ئىنسان بولۇپ، كىم تەقۋادارلىق قىلىدىكەن، اللەنىڭ نەزىرىدە شۇ كىشى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىدۇ.)»

ئىراقلىق ئەرەب مىللەتچىلىكىگە دەۋەت قىلىدۇ؛ بىراق ئۇ ئاشۇرىيلار، بابىلىيلار، كەلدانىيلار مىللىتىدىن پەخىرلىنىدۇ. شام ئەھلى ئەرەب مىللەتچىلىكىگە ۋە ئەرەب گۈللىنىشىگە دەۋەت قىلىدۇ؛ بىراق ئۇلار سامىرىيلار، فىنىقىيىلەرنىڭ قەدىمكى ئاسارە-ئەتىقىلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ. مىسىردا بولسا پىرئەۋن مەدەنىيىتىنىڭ ئاسارە-ئەتىقىلىرى ۋە باشقا نەرسىلەردىن پەخىرلىنىدۇ.

ئەمما، بۇ يەردە بىز بۇ ھەقتە توختالساق، بىزدە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھابنىڭ دەۋىتى ھەمدە ئەرەب —ئەجەم دەپ ئايرىمايدىغان سەلەف-سالىھلارنىڭ ئەقىدىسى تۇرۇپ، بىز ئاسارە-ئەتىقىلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى ئاسارە-ئەتىقىلەر ئىدىيەسىگە : يەنى، ئۇخدۇد ئاسارە-ئەتىقىلىرى، ئاد ئاسارە-ئەتىقىلىرى، سەمۇد ئاسارە-ئەتىقەلىرى، فاۋى شەھىرى ئاسارە-ئەتىقەلىرى... گە ئالدىنىپ كەتتۇق. ئەگەر بىر ئورۇندا قەدىمكى زاماندا لايدىن سېلىنغان بىر ئۆي بارلىقى بايقالسا، ئۇلار بۇنى مەدەنىيەت بايقاش، كاتتا ياخشى بايقاش، بۇ بىزنىڭ ئۆتمۇشىمىز، بىزنىڭ تارىخىمىز، ئاسارە-ئەتىقەلىرىمىز.. دەپ ھېسابلىدى. يەنى، بىز ياۋروپا 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن باشلاپ ئىنكار قىلىۋاتقان ۋە سۆزلەپ كېلىۋاتقان باشقىلار كىرگەن كىچىككە كىرىمىز...

مانا بۇ كۈنلەردە مەيدانغا كېلىۋاتقان نازىيە ۋە فاشىزىم مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى يەھۇدىيلارنىڭ تىلمۇدتىكى ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدىن مەيدانغا كەلگەن. گىتلىر قىلغان بارلىق رەزىل ئىشلىرىنى تىلمۇدتىن ئۆگەنگەن ئىدى. ئۇ يەھۇدىزىم ئىدىيەسى يەھۇدىيلارنى بارلىق مىللەتلەردىن ئۈستۈن قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، گىتلېر

يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرماقچى بولدى. گىتلېر دېدىكى: گېرمانلار دۇنيادا ھەممىدىن ئۈستۈن!!! گىتلېر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يەھۇدىيلاردىن ئۆگەندى. ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ، مۇسولىين ئىتالىيەدە فاشىزىم ھەرىكىتىنى قوزغىدى. مانا بۇ پىرىنسىپ بويىچە ياپونىيەمۇ قوزغالدى... شۇنىڭ ئۈچۈن 2-دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندا بۇ ئۈچ دۆلەت ئەنگلىيە ۋە فرانسىيەگە ئۇرۇش ئاچتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۇرۇشقا ئامېرىكا ئارىلاشتى...

مانا بۇ ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەتكە تولغان بۇ مىللەتچىلىك ئىدىيەسىگە ئىسلام پۈتۈنلەي قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەتكە تولغان بۇ مىللەتچىلىك ئىدىيەسىگە تۈنجى بولۇپ ئۇرۇش ئېلان قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا اللە بۇ ئۇلۇغ دىننى نازىل قىلدى. بىلال ھەبەشى، ئەبۇ سۇفيان، سەلمان فارسي ھەمدە يەھۇدىيلاردىن مۇسۇلمان بولغانلار ... قاتارلىق كىشىلەر بۇ ئۇممەتنىڭ قوماندانلىرىغا ئايلاندى. قانداق كىشى ئەنسارى بولسۇن ياكى مۇھاجىر بولسۇن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق.

## ((إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ)) [الحجرات:13]

«ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر»

# ئىسلام تارىخىدا مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ پەيدا بولۇشى

بىز ئىسلام تارىخىدا مەۋجۇت بولغان مەسىلىلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز؛ بۇ مەسىلىلەر بولسا، مۇسۇلمانلاردىكى ھىجرىيە 1-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا پەيدا بولغان ئۆزىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدىن ئىبارەت.

ئۆمەۋىيلەرنىڭ دەۋرىدە، يەمەن ئەرەبلىرى بىلەن مۇزەرىيە ئەرەبلىرى ئوتتۇرىسىدا پەخىرلىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. كىمكى ئەندەلۇسنىڭ پەتھى قىلىنىشىنى ئوقۇسا ياكى ما ۋەرائۇننەھرى شەھەرلىرىنىڭ پەتھى قىلىنىشىنى ئوقۇسا، مانا بۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان ئىرقىي ئايرىمچىلىق ۋە مىللەتچىلىك ئىدىيەسى مۇسۇلمانلارنى كۆپ قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارغان ئىدى. ئۇرۇش ئارىلىقىدا بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ئۆزىدىن پەخىرلىنىش ئوتى تۇتاشتى. ئۇلار ئورتاق دۈشمەننى ئۇنتۇپ، بىر-بىر بىلەن ئۇرۇش قىلىشتى! مەشھۇر قوماندان قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم قاتتىق بىر مۇشەققەتكە دۇچ كەلدىكى، ئۇنىڭ قوشۇنى يەمەن ئەرەبلىرى ۋە مۇزەرىيە ئەرەبلىرى دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. شېئىرلار توپلاملىرى، ئەدەبىي كىتابلار، تارىخى كىتابلاردا ئۇزۇن، قاتتىق ھەجۋىي قىلىش مەيدانغا كەلدى.

ئابدۇراھمان ئەلغافىقىنىڭ قوشۇنى يەمەن ئەرەبلىرى ۋە مۇزەرىيە ئەرەبلىرى دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن ۋاقىتتا، بۇ ئىككى تەرەپ ئارىسىدا بۆلۈنۈش، دۈشمەنلىك پەيدا بولۇپ، قوشۇن مەغلۇپ بولدى.

پارسلار ئىلىپ كەلگەن شۇئۇبىيە ھەرىكىتى [148] بارلىققا كەلگەن ۋاقىتتا، باشقا مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىمۇ بارلىققا كەلدى. مانا بۇ ھەرىكەتلەر ئەرەبلەرنى مۇتلەق كۆزگە ئىلىپمۇ قويماستىن، بەلكى، ئەجەملەرنى ئەرەبلەردىن ئارتۇق بىلدى. نۇرغۇنلىغان شائىرلار -گەرچە ئۇلارنىڭ تىلى ئەرەب تىلى، ئەرەبچە شېئىر يازىدىغان، ئەرەبلەشكەن شائىرلار بولسىمۇ- بىراق، ئۇلار شۇئۇبىيە ھەرىكىتىگە دەۋەت قىلدى.؛ يەنى، فارىس مىللىتىنى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا مىللەتلەرنى ئەرەب مىللىتىدىن ئارتۇق بىلدى. ئەھۋال تېخىمۇ يامانلاشتى. ھەتتاكى، شۇنداق گەپلەر مەيدانغا چىقىشقا باشلىدىكى، جاھىز شۇئۇبىيە ھەرىكىتىگە مايىل بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھايۋاناتلار توغرىسىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كىتابلىرىدا ئەرەبلەرنىڭ ئادەتلىرى توغرىسىدا سۆزلىدى. ئەرەبلەرنىڭ يېمەكلىكىگە ئۆلۈپ قالغان ۋە ئەڭ مەينەت ھايۋانلارنى يېسە كېرەك.... مانا بۇلار قەلبكە چاپلاشقان ھەمدە ئۇممەتلەرگە يۇققان ئەڭ رەزىل، يىرگىنىشلىك كېسەلدۇر. بۇ كېسەل بولسىمۇ مىللەتچىلىك بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى پارچىلاپ، تەقۋالىقنىڭ غەيرىدىكى بىر يولغا پارچىلايدۇ.

## ((إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ)) [الحجرات:13]

«ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر»

**ولما قاله صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: {لا فضل لعربي على أعجمي ولا لأعجمي على عربي إلا بالتقوى}**. (رواه احمد)

---

[148] بۇ ھەرىكەت ئەرەبلەرنىڭ ئەقەملەردىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقى يوق دەيدىغان بىرخىل ھەرىكەت بولۇپ، ئۇمەۋىيلەر دەۋرىدە پەيدا بولۇشقا باشلىغان بولۇپ، ئاباسىيلار دەۋرىدە رەسمى مەيدانغا ئاشكارە چىققان بىرخىل ھەرىكەتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «پەقەت تەقۋادارلىقتىن باشقا ئەرەبلەرنىڭ ئەجەملەردىن (ئەرەبلەردىن باشقا بارلىق مىللەتلەردىن)، ئەجەملەرنىڭ ئەرەبلەردىن ئارتۇقچىلىقى بولمايدۇ. (يەنى، ئەرەبلەر بىلەن ئەجەملەر اللەنىڭ نەزىرىدە ئوخشاش ئىنسان بولۇپ، كىم تەقۋادارلىق قىلىدىكەن، اللەنىڭ نەزىرىدە شۇ كىشى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىدۇ.)»

ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئىدىيەلەرمۇ بارلىققا كەلدى. ئۇممەت ھەرخىل گوروھلارغا پارچىلىنىپ كەتتى. يەنى، خىل-خىل گۇرۇھلار، ئىرقلار، خىلمۇ-خىل جاھىلىيەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇممەت « ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسلەر، پەقەت تەقۋادارلىقتىن باشقا ئەرەبلەرنىڭ ئەجەملەردىن (ئەرەبلەردىن باشقا بارلىق مىللەتلەردىن)، ئەجەملەرنىڭ ئەرەبلەردىن ئارتۇقچىلىقى بولمايدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى الله ئۈچۈن بولمىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا فىقھى مەزھەپچىلىكى مەيدانغا كەلدى. بۇمۇ جاھىلىيەتنىڭ بىر تۈرى ئىدى. ما ۋەرائۇننەھرى شەھەرلىرىدە ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقلىرىدە، ھەنەفىي مەزھەپتىكىلەر بىلەن شافىي مەزھەپتىكىلەر ئوتتۇرىسىدا قاتتىق مەزھەپ ئۇرۇشلىرى يۈز بەردى. شۇنىڭدەك، ئىراق، باغداد ھەنبەلىيلەر ۋە ئۇندىن باشقا مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەزھەپ ئۇرۇشلىرىغا شاھىت بولدى.ئۇنىڭدىن باشقا سوپىزم مەيدانغا كېلىپ ، ئۇممەتنى تېخىمۇ پارچىلىدى. پۈتكۈل كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ شەيخلىرى ۋە يوللىرىنى دوست تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇممەت تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە بۆلۈنۈپ كەتتى...

ئەمما، ئۆلىمالارنىڭ ئىبادەت ھەققىدىكى ئىختىلاپلىرىغا كەلسە، ئۇ ئىبادەت ھەققىدە ئىزاھاتنى تەپسىللەشتۈرگەنگە ئوخشاش بىر ئىشتۇر. بۇ ئىش مۇشكۈل ئەمەس. بۇ ئىماننىڭ شاخچىلىرىدىن بىر شاخچىنى تەپسىللەشتۈرگەنگە ئوخشاشتۇر... بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟ زىكرى ئەھلى ئەۋزەلمۇ، جىھاد ئەھلى ئەۋزەلمۇ؟ قۇرئان ئەھلى ئەۋزەلمۇ،

ھەدىس ئەھلى ئەۋزەلمۇ؟ ... مانا بۇ ئېقىممۇ بارلىققا كەلدى. بىراق، بۇلار تولىمۇ يەڭگىلدۇر؛ چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلىق، ئىلىم، دىندۇر... بۇنداق ئىنسان قەيەردە بولىدىكەن، ئۇ ھامىنى بىر ياخشىلىقنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ. لېكىن ، ئىنسان ئۇچۇن باشقىلارنى كەمسىتىپ، ئۆزىدىن پەخىرلىنىش دۇرۇس بولمايدۇ.

شۇئۇبىيە ھەرىكىتى  سەۋەبى بىلەن بۆلۈنۈش پەيدا بولغاندا، مەسىلە تېخىمۇ ئاشكارا بولىدۇ. رەشىد بەرامىكە[149] قەبىلىسىنى يوقاتتى. ئۇلار شۇئۇبىيە ھەرىكىتى  بىلەن باتىنىيە ھەرىكىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئىدى. بەزى كىشىلەر ھەققىدە ئۇلارنىڭ پەقەتلا شۇئۇبىيە ھەرىكىتى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكەتنى فارىس مەدەنىيىتى ۋە كىسرا مەدەنىيىتى ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇۋالغانلىقى زىكرى قىلىنىدۇ . چۈنكى، ئۇلار بۇ ھەرىكەتتە قەدىمكى شوئارلارنى ، قەدىمكى ئاسارە-ئەتىقىلەرنى، كىسرانىڭ ساراي-قەسىرلىرىنى، كىسرانىڭ دەۋرىدىكى پۈتكۈل ھايات كۆرۈنۈشلىرىنى ئەكس -ئەتتۈرۈپ، پۈتكۈل ھاياتنى قەدىمكى دەۋرگە قايتۇردى. رەشىد خەلىپە بولۇپ، ئىشلارنىڭ بۇ دەرىجىگە بارغانلىقىنى ھەمدە مۇسۇلمان ئۆلىمالارنىڭ ئۇلار ھەققىدىكى ھۆكۈملىرىنى كۆرگەندە، رەشىد بەرامىكە قەبىلىسىنى يوقاتتى؛ ئۇلاردىن ئۆلتۈردىغاننى ئۆلتۈردى؛ تۈرمىگە سولايدىغاننى سولىدى. الله ئۇلارنى ۋەيران قىلدى، ئۇلارنى پارچە-پارچە قىلىۋەتتى.

كېيىنكى دەۋرلەردە، ئۇممەتنىڭ بىرلىكى يوقاپ، كىچىك-كىچىك دۆلەتلەرگە پارچىلاندى. نەتىجىدە، ھەلەب بىر دۆلەتكە، دەمەشق بىر دۆلەتكە، ئەنتاكىيە بىر دۆلەتكە، مۇسۇل بىر دۆلەتكە... پارچىلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئەھل-سەلىبلەر كېلىپ ، ئۇممەتكە چوڭ بىر ساۋاق بېرىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە بىرلىشىپ، بۇرۇنقى بىرلىكىگە قايتتى. ئۇنىڭدىن  كېيىن، مەمالىيكلار

---

**[149] بەرامىكە قەبىلىسى-ئەسلى بەلخى شەھرىدە ياشايدىغان، ئوتقا چوقۇنىدىغان مەجۇسىلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى مەجۇسى ئىبادەتخانىلىرىدا خىزمەت قىلىدىغان ئاتا-بوۋىسى بىرمەك دىگەن كىشىگە نىسبەت بېرىدۇ. ئۇلار كېيىن مۇسۇلمان بولغان.**

كەلدى. ئەمما، بۇلار ئەرەبلەر ئەمەستى. سەلاجىقلار ئەسلى ئەرەب ئەمەستى. تۈركلەر ئىسلامغا كىردى، بىراق، بۇلار ئەرەبلەر ئەمەستى. ئەمما، تۈركلەر ئىسلام بايرىقىنى تۇرانىيە مىللەتچىلىكى بارلىقىقا كەلگەنگە قەدەر كۆتۈردى...

مەيلى ئىسلام دۇنياسىدا بولسۇن ياكى بىز ئۈنىڭدىن ھازىرقى زامان ئەرەب مىللەتچىلىكىنى قوبۇل قىلغان ياۋروپا دۇنياسىدا بولسۇن؛ مانا بۇلار دۇنيادا جاھىلىيەت ئىدىيەسىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ قىسقىچە تارىخىدۇر.

# ھازىرقى زاماندىكى ئەرەب مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئەھۋالى

اللەنىڭ رەھمىتى بىلەن ئەرەب مىللەتچىلىكى ئىككى قىتىملىق ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى بىلەن پارچىلاندى.

بىرىنچى قىتىملىق ئۇرۇش بولسا: لىۋان ئۇرۇشىدۇر؛ ئىسلام ئۇممىتى ۋە ئوسمانىيە دۆلىتىنى پارچىلاشنىڭ سەۋەبچىسى بولغان ھەمدە ئەرەب مىللەتچىلىكىنى بىر بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان لىۋان تارىخىنى تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق، اللە لىۋاننى پارچىلىدى. لىۋان پارچە-پارچە گۇرۇھلارغا پارچىلىنىپ كەتتى.

مارۇنىلار[150] بىر گۇرۇھ ؛ ئەرمەنلەر[151] بىر گۇرۇھ ...

مارۇنىلار نۇرغۇن پارتىيەلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ: شۇمۇن پارتىيەسى ، فەرىنجىيە پارتىيەسى، جەمىيل پارتىيەسى... ۋەھاكازالار...

دەرۇزىيەلەر بىر پارتىيە بولۇپ، ئۇلارنىڭ رادىيو ئىستانسىسى ۋە قوشۇنى بار.

---

**[150]مارۇنىلار شام شەھەرلىرىدە ياشايدىغان، بولۇپمۇ لىۋاندا ياشايدىغان، ياۋرۇپا چىركاۋلىرىغا ئەگىشىدىغان دىنى گوروھتىن ئىبارەت.**

**[151] ئەرمەنلەر ھىندىلار ياكى ياۋرۇپالىقلارغا تەۋە بولغان كىشىلەر بولۇپ، ئاساسلىقى ئەرمىنيە زىمىنىدا ياشايدۇ.**

رافىزىلەر[152] ئىككى پارتىيە بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ھىزبۇللاھ دەپ ئاتالغان شەيتان پارتىيەسى؛ يەنە بىر « ئەمەل نەبىيە بەرىي» ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ھەممىسى رافىزەلەردىن ئىبارەت.

مانا بۇ كىچىككىنە زېمىن سەۋەبىدىن بىز ئىسلام ئۈممىتىنى ئىككىگە پارچىلاپ، ئەرەب ئۈممىتى ۋە ئىسلام ئۈممىتى دەپ ئاتىدۇق... ئەرەب مىللىتى قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلسە لىۋان رەئىسى قاتنىشىدۇ. ئىسلام ئۈممىتى قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلسىمۇ يەنىلا لىۋان رەئىسى قاتنىشىدۇ؛ ۋەھالەنكى، بۇ لىۋان رەئىسى بولسا خىرىستىيانۇر!!! مانا بۇلارنىڭ سەۋەبىدىن، بىز دوستلىرىمىزنى يوقاتتۇق... ئەقىدىمىزنى، تەۋە بولغان ئىسلام ئۈممىتىنى يوقاتتۇق... الله ئۇلارنى پارچە-پارچە قىلىۋەتسۇن...

شۇنىڭ بىلەن، ئەرەب مىللەتچىلىكى يوقۇلۇشقا باشلىدى. الله سۇرىيە ۋە ئىراقتىكى ئەرەب گۇللىنىش پارتىيەسىنى پارچىلىدى.

ھەقىقەتەن، بۇ تولىمۇ چۈشۈنۈكسىز بىر ئاداۋەتتۇر. چۈنكى، بىر ئىنسان شۇنىڭدىن ھەيران قالىدۇكى، بۇ گۇللىنىش پارتىيەسىدىكى ھەربىر كىشى قادىر بولسىلا، بۇ پارتىيەدىكى يەنە بىر قېرىندىشىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئىراق تۈرمىلىرى سەلاھ بەكداشقا تەۋە بولغان سۇرىيەلىك گۇللىنىش پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرىغا توشۇپ كەتتى. سۇرىيە تۈرمىلىرى بولسا مىيشىل ئەفلەق، ھەسەن بەكرى ۋە ئۇندىن باشقا كىشىلەرگە تەۋە بولغان گۇللىنىش پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرىغا توشۇپ كەتتى.

مىسىردا: ئەنۋەر سادات ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا ئەرەب مىللەتچىلىكىدىن تامامەن خالى ئىدى. مىسىر ئارقىغا چېكىنىپ كەتتى. مىسىر ھازىر ئۆزىنى "مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتى" دەپ ئاتايدۇ.

---

[152] رافىزىلەر شىئەلەرگە ئوخشايدىغان باتىل بىر تەبىقە بولۇپ، ئابۇ بەكرى ۋە ئۆمەرنى شۇنىڭدەك نۇرغۇن ساھابىلەرنى ئىنكار قىلىدۇ...

ئابدۇناسىرنىڭ شاگىرتى كارزافى بىرلىككە كەلگەن بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق، الله ئۇنى بۇنىڭغا مۇۋاپىق قىلمىدى. چۈنكى، بۇ دۆلەت ئىسلام ئاساسىدا قۇرۇلمايتتى. مىسىر بىلەن لىۋىيە ئوتتۇرىسىنى باغلاپ تۇرىدىغان ئەرەب مىللەتچىلىكمۇ پارچىلاندى.

ئىككىنچى ئۇرۇش: پارس قولتۇق ئۇرۇشى. بۇ ئۇرۇشتا بىر ئۆيدىكى، بىر پارتىيەدىكى، بىر دۆلەتتىكى بىر قىسىم ئەرەبلەر ئىراق بىلەن بىر سەپتە تۇردى؛ بەزىلىرى ئىراققا قارشى تۇردى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا دۈشمەنلەشتى. ئۆزلىرىنى ئىراققا مىللەتچىلىك مۇناسىۋىتى بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان سۇرىيەلىك گۇللىنىش پارتىيە ئەزالىرى ئىراققا ھۇجۇم قىلغان قوشۇن بىلەن ئىراققا كىرىپ، ئىراقلىقلاردىن ئۆلتۈرگەنلەرنى ئۆلتۈردى؛ مانا بۇ اللەنىڭ نىئمىتى!!! گۇللىنىش پارتىيە ئەزالىرى  لىۋىيەدە ئۇرۇش قىلغان ۋاقتىتا، بەزىلىرى ھىزبۇللاھ دەپ ئاتالغان شەيتان پارتىيەسىگە ياردەم بەرسە، بەزىلىرى ئۆزلىرى بىلەن يۈزمۇ-يۈز ئۇرۇش قىلغان شەمۇن پارتىيەسىگە ياردەم بەردى. اللەغا ھەمدۇ-سانالار بولسۇنكى، مانا ھازىر ئەرەب مىللەتچىلىكى سەكراتقا چۈشۈپ قالدى!!!

اللەغا ھەمدۇ-سانالار بولسۇنكى، مۇسۇلمانلار غەپلەت ئۇيقۇسىدىن تولۇق ئويغاندى... بىز ئافغانىستاندا ياكى فىلىپپىندا ياكى بوسنىيە گىرسىگوۋىنادا ياكى ئۇندىن باشقا جايلاردا ... يۈز بېرىۋاتقان ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىنى ھېس قىلىۋاتىمىز؛ مانا بۇ ئويغۇنۇشلار مۇسۇلمانلارغا ئىسلامىي دوستلۇقنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى، ئەقىدە مۇناسىۋىتىنىڭ ئىسلام ئۈممىتىنى بىر-بىرىگە باغلايدىغان بىردىن - بىر مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. شۇڭا، ئۇلار بىرلىشىپ، مىلى بىلەن، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلىش ئارقىلىق جىھاد قىلدى...

مانا بۇ جاپا-مۇشەققەتلەر ۋە مۇسىبەتلەر مۇسۇلمانلارغا : بىز ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر ئۈممەت ئىكەنلىكىنى، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى بىر ئىكەنلىكىنى، ئەقىدىسى، قىبلىسى بىر ئىكەنلىكىنى، كىتابى بىر

ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبىرى بىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. تارىختا بۇ ئىسلام ئۈممىتىدىنمۇ ياخشى ئۈممەت تېپىلمايدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي ئىسلام ئۈممىتى ھەرقانداق مىللەتچىلىكلەر، ئىرقىي ئايرىمچىلىقلار، تەرەپبازلىقلاردىن پۈتۈنلەي خالى ئۈممەتتۇر. ئىسلام ئۈممىتى مۇشرىكلارغا ئوخشاش تاشلار ۋە لاي-لاتقىلاردىن پەخىرلەنمەيدۇ. چۈنكى، بۇنداق مۇشرىكلارنىڭ نەزىرىدە، پەقەتلا ئىھراملار، بابىلنىڭ تاملىرى ... بار بولۇپ، ئۇلار سالىھنىڭ شەھەرلىرىنى ... بىنا قىلغان ئىدى. ئەمما، بىز ئىمان كارۋانلىرىدىن، پەيغەمبەرلەردىن، كەبىنى بىنا قىلغان پەيغەمبەرلەر كارۋانلىرىدىن پەخىرلىنىمىز!

**((إِنَّ أَوَّلَ بَيْتٍ وُضِعَ لِلنَّاسِ لَلَّذِي بِبَكَّةَ مُبَارَكاً وَهُدىً لِلْعَالَمِينَ * فِيهِ آيَاتٌ بَيِّنَاتٌ مَقَامُ إِبْرَاهِيمَ وَمَنْ دَخَلَهُ كَانَ آمِناً)) [آل عمران:96-97]**

«ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللا) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر. ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر»

مانا بۇ بىنا بىز ئىسلام ئۈممىتىنى توپلايدۇ؛ بىز ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىمىز.

بىز اللەغا ئىبادەت قىلىمىز؛ اللەغا ئىبادەت قىلغانلىقىمىزدىن، اللەنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىنا قىلغان ۋە ھەج قىلغان بۇ ئۆي كەبىگە

يۈزلەنگەنلىكىمىزدىن پەخىرلىنىمىز؛ مانا بۇلار بىز پەخىرلىنىدىغان مەدەنىيەتلىرىمىز ۋە ئاسارە-ئەتىقىلىرىمىز؛ مانا بۇ بىز پەخىرلىنىدىغان يۈكسەك نىشانىمىزدۇر... بۇنىڭدىن باشقا بارلىق نەرسىلەر ئەرزىمەس جاھىلىيەت، ئىرقى ئايرىمىچىلىق ، مىللەتچىلىكتۇر ... بەلكى، ئىسلام زېمىنىنى مانا مۇشۇنداق ئەرزىمەس چۈپرەندە نەرسىلەردىن تازىلاپ يوقۇتۇش ۋە ئۇنىڭغا ئۇرۇش قىلىش ئۆچۈن كەلگەندۇر. مانا بۇلارنىڭ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى جاھىلىيەت دەپ ئاتىغانلىقى يېتەرلىكتۇر.

يىتەكچىمىز ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى نېمىدېگەن گۈزەل-ھەم جايىدا ئېيتىلغان-ھە!

(نحن قوم أعزنا الله بهذا الدين ومهما ابتغينا العزة ـ عن غير طريقه ـ أذلنا الله).

«بىز مۇسۇلمانلار، الله بۇ دىن ئارقىلىق ئىززەتلىك قىلغان قەۋمىمىز. قاچانكى، بىز بۇندىن باشقا يول ئارقىلىق ئىززەت تاپماقچى بولساق، الله بىزنى خار-زەبۇنلۇققا مەھكۇم قىلىدۇ. »

-ئۆمەر ئىبنى خەتتاب

**والحمد لله رب العالمين، وصلى الله وسلم وبارك على عبده ورسوله محمد، وعلى آله وصحبه أجمعين.**